ئالىمجان مەخسۇت
ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت

# ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان يارىتىپ كېلىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمى، شۇنداقلا يەنە ۋەتىنىمىز بىناكارلىق مەدەنىيەت باغچىسىدا ئېچىلغان بىر خۇشپۇراق گۈل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ نۇرى ئەڭ بالدۇر چېچىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇن بىناكارلىق مۆجىزىلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇ جايلاردا ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى ۋە ئىجتىمائىي ئېگىلىكىنى ئاساس قىلىپ ئۆزىگە خاس بىناكارلىق شەكلى، بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلمىسىنى كەشپ قىلغان. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ كۆركەملىكى، ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىقى ۋە جەلپ قىلارلىقى دەل ئۇنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئۇيغۇر بىناكارلىقى روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە. مىللىي ئۇسلۇب بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتكە، ئىلغارلىققا، گۈزەل ئەنئەنىگە ئىنتىلگەنلىكىنىڭ سىمۋولى ۋە مىللىي تارىخىنىڭ بەلگىسى. ئۇ مىللەتنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش ۋە روناق تاپقۇزۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەنگەن ئىمارەتلەر ئۆز تەسىرىنى ئۇزاق يىللارغىچە ساقلاپ، كىشىلەر ئۇچۇن گۈزەللىك، خاسلىق

ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىدۇ. مىللەتلەر تارىخى، ئىنسانىيەت تارىخىنى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ھېسسىياتنى چۈشىنىشتە نۇرغۇن دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئاسراش مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. خاس ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى، ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ.

بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمىز «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»؛ «شاكىلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىش» پرىنسىپى بويىچە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق تېخنىكىسىنى زامانىۋى بىناكارلىق تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىناكارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەمما، ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات يېقىنقى يىللاردا باشلانغان بىر ياش پەن. ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى بارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئىچىدىن «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، «ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى»، «ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسى»، «ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆي سەنئىتى»، «ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىش سەنئىتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش تارىخى» ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى قۇرۇلۇش سەنئىتى» قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ.

بۇ كىتابقا ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىغا دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك رەسىملەر كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئولتۇراقلىشىش شەكلى ۋە شۇنىڭغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسەن ئىجادىي سىزىلدى؛ بىر قىسمى ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان نوپۇزلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىتابلاردىن ئىبارەت ئىلىنىدى؛ يەنە بىر قىسمى بولسا ھازىر ساقلىنىپ قالغان شەكلىگە ئاساسەن سىزىلدى ياكى تولۇقلاپ سىزىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تارىخىي ۋە ماتېرىيال قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتاب كەڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قوللانمىسى ۋە شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، شەھەرشۇناسلىق تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈنمۇ مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

روشەنكى، ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، تارىخ، تىلشۇناسلىق، دىن، پەلسەپە، گۈزەل - سەنئەت، ئارخېئولوگىيە، تۇپراقشۇناسلىق، ماتېرىيالشۇناسلىق . . . قاتارلىق ئالاقىدار پەنلەرنى ئىگىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى بىلىدىغانلىرىمىز چەكلىك. شۇڭا، سەۋىيىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن كىتابىمىزدا كەمچىللىك ۋە خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ پۇختا ۋە چوڭقۇر بولۇشى ئۈچۈن كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

— 1986 — 1999 - يىل
— ئۈرۈمچى — قەشقەر — تۇرپان — غۇلجا

## مۇقەددىمە

«ئۇيغۇر بىناكارلىقى» ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىللە ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئەت دۇنياسى ۋە تەبىئەت هادىسلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئومۇمىي يەكۇنى. ئۇ، يۇرتىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيىسى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، دىنىي ئۆرۈپ - ئادىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش؛ هازىرقى زامان بىناكارلىقىدا يەرلىك ئۇسلۇبقا، مىللىي شەكىلگە ئىگە يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھىلەش ۋە گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىلمىي ئەھمىيەتكە ۋە ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى مول مەدەنىيەت ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە قەدىمىي مىللەت. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ۋەتىنىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرگە كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك - تۈمەن ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى، جۈملىدىن ئىلىم - پەن، هۈنەر- سەنئەت ساھەسىدە ئاجايىپ كەشپىياتلارنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا ئۆزىگە مۇناسىپ شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان.

شىنجاڭ - زېمىنى كەڭ يەرلىرى مۇنبەت، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە رايون. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ مۇنبەت

www.uyghurkitap.com



زېمىندا ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، چوڭقۇر ئىزدىنىپ، جاپالىق ئەمگەك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ياراتقان ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر- سەنئەت جەھەتتىكى قىممەتلىك تەجرىبە ئۆرنەكلىرىنى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ كەتتى. ئاشۇ تارىخىي ئۆرنەك ۋە مىراسلارنىڭ بىرى ـ ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق يىللىق تارىخقا، مول مەزمۇنغا، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا، خاس مىللىي شەكىلگە، يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان گۆھەردۇر.

ئۇزاق يىللىق تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئۇلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مېمار (ئارخىتېكتور)، تامچى ۋە نەققاشلارنىڭ سان ـ ساناقسىز ۋاستىلىق ياكى ۋاستىسىز، مۇۋاپپەقىيەتلىك ياكى مۇۋاپپەقىيەتسىز ئەمەلىي تەجرىبىلىرى، ئەمگەك ئىقتىدارلىرىنىڭ توپلىنىشى، رەتلىنىشى، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد زېمىن بېتىگە يېزىپ قالدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدا يەكۈنلىگەن ئىلمىي تەجرىبىسىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت- سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى، جۈملىدىن بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلار تارىختىن بېرى ياشاپ كەلگەن رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى خاندانلىقلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئامىللارنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تۆۋەندىكىچە شەرھىيلەپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تۇزۇلۇشى. شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي تاغ تىزمىلىرى، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىرچە ئېگىز. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا كوئېنلون تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىرچە ئېگىز. شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان پامىر ئېگىزلىكى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى توت چوڭ تاغ تىزمىسىنى تۇتاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «مۇز تاغلار ئاتىسى» ، دەپ نام ئالغان مۇزتاغ چوققىس پامىرنىڭ ئەڭ ئېگىزچوققىسى بولۇپ ، دېڭىزيۈزىدىن 7500 مېتىر ئېگىز.

ھەيۋەتلىك تەڭرى تېغى غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ، شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ دېگەن ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تەڭرى تېغى بىلەن كوئېنلون تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۇنياغا مەشھۇر تارىم ۋادىسى جايلاشقان. ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 810 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋادىسى ھېسابلىنىدۇ. داڭلىق تەكلىماكان (تەكتى ماكان) قۇملۇقى تارىم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. تەڭرى تېغى بىلەن ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەممىگە تونۇش جۇڭغار ئويمانلىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى مانا مۇشۇ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلارنى تارىم دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قارىقاش دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، مۇزدت دەرياسى، قايدۇ دەرياسى،

كۆنچى دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ماناس دەرياسى ۋە بورتالا دەرياسى سۇغىرىپ تۇرىدۇ.

شىنجاڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونى. بۇ رايوندا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇغداي ئارپا، شال، كۆممىقوناق، ئاققوناق ۋە كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلگەن. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا جايلاشقان پايانسىز ئوتلاقلار چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئوبدان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

شىنجاڭ مەشھۇر ئورمانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. تەڭرى تېغى ھەم ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنى قېلىن ئورمانلار قاپلاپ تۇرىدۇ. ياغاچلارنىڭ ئومۇمىي زاپاس مىقدارى 150 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقى مول بولۇپ، كان بايلىقلىرى ئىچىدە كۆمۈر، تۆمۈر ۋە نېفىت مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئالتۇن، تىتان، ئوران، نېكىل قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارغىمۇ باي. خوتەن قاشتېشى قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك بايلىقلىرىنىڭ بىرى دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ مەشھۇر باغۋەنچىلىك رايونلاردىن بىرى، تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، ئىلى ئالمىسى، خوتەن ياڭىقى، قەشقەر ئانىرى، ئاتۇش ئەنجۈرى، قۇمۇل بىلەن پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنى، شۇنىڭدەك ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، پىستە، بادام، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەر دۇنياغىمۇ مەشھۇر.

· جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ھاۋا كېلىماتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئوخشاش بولمىغان يەرلىك ئۇسلۇب، شەكىللەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىدە خېلى زور دەرىجىدە

ئوخشاشماسلىقلار بولغانىنىڭ سىرتىدا، ھاۋا كىلىماتىدىمۇ زور پەرىقلەر بار. مانا بۇلار ئەجدادلىرىمىزنى ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە ئەمگەك ئوبيېكتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتتە بەزى پەرىقلەر بار. جۇملىدىن ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىمىزدىمۇ بەزى پەرىقلەر مەۋجۇت.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى نەقىش سەنئىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تاغ دەريالار، دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار، مېۋە ـ چېۋىلەر ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەندىن سىرت، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش بويۇملىرىغىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بېرىلگەن.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلار. ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە خېلى مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ياراتقان. ئۇلار ئۆز تارىخىدا شامان دىنى، زەردۇشت دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، قىسمەن خرىستىئان دىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنىي ئېتىقادلار ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئوبراز سەنئىتى ئارقىلىق ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلغان دىنلار ئىچىدە بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلاددىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى رايونلارغا بۇددا دىنى تارقالغان. نەتىجىدە، تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان

قەدىمكى دۆلەتلەردىكى شامان، مانى دىنلىرىغا ئائىت مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئورنىنى بۇددىزم تۈسىنى ئالغان يېڭىچە مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر ئىگىلىگەن. جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى ۋە ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق سەنئىتىمۇ بۇددىزم ئەقىدىلىرىگە قىسمەن ماسلاشتۇرۇلۇپ، مىڭئۆي، بۇدخانا، بۇددا مۇنارلىرى . . . غا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋرلەردە يۇرتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقى بىلەن مۇددىزمنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئۆز ئارا بىرلەشتۇرۇلۇپ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بىناكارلىقنى شەكىللەندۇرگەن ھەم بۇ خىل ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بىناكارلىق سەنئىتى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى «يىپەك يولى» ئارقىلىق تەدرىجىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ۋە باشقا قوشنا ئەللەرگە تارقالغان.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ساقلىنىپ قالغان بۇدخانا، مىڭئۆي ۋە بۇددا مۇنارلىرىنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش ئۇسلۇبى، نەقىش بېزەكلىرى ۋە ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرىدىن بۇددىزم دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئارخىتېكتورلۇق، ماتېرىيالچىلىق، كاھىشچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق جەھەتلىرىدە خېلى كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بولۇپمۇ، ئىسلام دىني پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەسچىت، مەدرىس ۋە مازار بىناكارلىق سەنئىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب ۋە شەكىللىرى بۇ دەۋرلەرگە كەلگەندە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە

ماسلاشتۇرۇلۇپ يېڭىچە ئۇيغۇر بىناكارلىقى مەيدانىغا كەلدى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر بىناكارلىقى غايەت زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، 16-ئەسىردىن كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئۇيغۇر بىناكارلىقى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر بىناكارلىقى نوقۇل ھالدا مەسچىت ۋە مازار بىناكارلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە قارىتىلدى. ئۇستىلارنىڭ ئەقىل پاراستى دىنى سورۇنلارنى بېزەش ۋە زىننەتلەشكە مەركەزلەشتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىگە كۆرسەتكەن بىردىن بىر تەسىرى ئىمارەتكە نەقىش ئىشلىگەندە نەقىش ئۆرنەكلىرى ئىچىگە ئادەم ۋە جانلىق مەخلۇقاتنىڭ ئوبرازىنى سىزىشنى مەنئىي قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بولۇپمۇ مەسچىت ۋە مازار بىناكارلىقىدا، ئايەت، ئەقلىيە سۆز، شېئىر، شەجەرە قاتارلىقلارنى نەقىش قىلىپ ئىشلەش بولدى.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خاندانلىقلارنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى. ھەر قانداق بىر مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت، مۇستەھكەم ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىلىم-پەن قوشۇنى بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلار تارىختا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قارخانىيلار سۇلالىسى، يەكەن خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنى ۋە سۇلالىلەرنى قۇرغان. بۇ خانلىقلار سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئېھتىياجلار بىلەن ئۆز تېررىتورىيىسىدە سېپىل قۇرۇلۇشى، شەھەر قۇرۇلۇشى، ئوردا ساراي قۇرۇلۇشى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى تۆۋەندىكىدەك ئاددىيلا

www.uyghurkitap.com



بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 845). بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئانچە مۇقىم بولماسلىقى سەۋەبىدىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش خاراكتېرىدىكى بىناكارلىق ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان. ئولتۇراق رايونلار ۋە شەھەرلەرنىڭ كۆپلەپ ۋەيران بولۇشى (ئۇرۇش ـ يېغىلىق سەۋەبىدىن)، يېڭى ئولتۇراق ماكانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇشى، يېڭى شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنىشى سەۋەبىدىن، كېيىنچە بىناكارلىق ۋە شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بايبالىق، ئوردۇبالىق، قاتۇنبالىق قاتارلىق شەھەرلەر بىنا قىلىنغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاتۇنبالىق شەھىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم ھەربىي بازىسى ياكى چەتئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئۆتكەللىك رولىنى ئوينىغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخىدا خېلى يۇقىرى شەھەر مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى بىناكارلىق، شەھەر قۇرۇلۇش تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى.

2. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (866 ـ 1351). يېپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان قەدىمكى شەھەر ئىدىقۇت ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى. مىلادى 8 ـ ئەسىرلەردە قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇ زېمىندا ئىلگىرى ياشاپ مەدەنىيەت يارىتىپ كەلگەن قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق ئەنئەنىسىگە مۇناسىپ ھالدا كېمىر، گەمە، يېرىم گەمە ۋە گۈمبەز تۇرۇسلۇق ئىمارەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىر قىسمى (يېرىمى دېگۈدەك) يەر ئاستىدا، بىر قىسمى يەر ئۈستىدە ئىدى. چۈنكى «ئوت يۇرتى»

دەپ نام ئالغان بۇ دىيارنىڭ كېلىماتىدا مۇشۇ خىل شەكىلدىكى ئۆيلەرلا كىشىلەرنى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ياز پەسلىدىكى تونۇردەك قىززىق ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلاپ قالالايتتى. بۇ دەۋردە شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يەنە سېپىلچىلىق، كېسەكچىلىك، خىش ـ كاھىشچىلىق، سۇۋاقچىلىك، ياغاچچىلىق ئىش تۈرلىرى ئۆزلۈكسىز راۋاجلانغان بولۇپ، قاڭداپ ياشالغان سېپىل ۋە ئۆي ـ ئىمارەت تاملىرى، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. كاكىلدا سۇۋالغان تۇرالغۇ ۋە گۈمبەز، مۇنار تەكچىلىرى بۈگۈنگە قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلمەكتە.

3. قاراخانىيلارنى سۇلالىسى (840 ـ 1212). بۇ شەھەر مەدەنىيىتى ناھايىتى راۋاجلانغان بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئىلگىرىكى بۇددا، مانى دىنلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بىر تارىخىي دەۋر ئىدى. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار كۆپلىگەن تەرەپلەردىن ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئەنئەنىسىنى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئۇيغۇنلارشتۇرغانىدى. تامچىلىق، سۇۋاقچىلىق، نەققاشلىق ئىش تۈرلىرى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە تەرەققىي قىلدى. بەلكى بۇدخانىلار چېقىلىپ مەسچىتلەر، بۇددا مۇنارلىرى چېقىلىپ مەنزىرە، خاتىرە ۋە ئەزان مۇنارلىرى، بۇد تەكچىلىرى ۋەيران قىلىنىپ تۇرمۇش بويۇملىرىنى قويىدىغان تەكچىلەر، مەرەپ، لىمتاقلار، مېھراب ۋە مېھرابچە نەقىشلەر ياسالدى. بۇلار شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، نەقىش ـ بېزەكلىرىنىڭ مەزمۇنىدا بەزى پەرقلەر بولغان. ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگەرمىگەن. بۇددىزم دەۋرىدىكى ياپىلاق كۆپ بوغۇملۇق قۇببىلار يۇمىلاق ئاز بوغۇملۇق، چوققىسىغا ھىلال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاي، يۇلتۇز شەكىللىرى ئورنىتىلىدىغان قۇببىلارغا ئۆزگەركەن. خىش ـ كاھىشچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ راۋاق، مەسچىت، مەدرىس ۋە ئوردا ـ سارايلارنىڭ گۇمبەزلىرى كاھىش بىلەن پەدازلىنىدىغان، ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى روناق تېپىپ ئىلگىرى ئەينەك قويۇلمايدىغان پەنجىرىلىك دەرىزىلەر ئەينەكلىك دەرىزىلەرگە قاراپ ئۆزگەرگەن. ئومۇمەن قارخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر ئارختېكتورلىرى بىناكارلىق سەنئىتىدە يېڭى مەزمۇن يارىتىش، يېڭى ئۇسلۇب بەرپا قىلىش ئۈچۈن قەدىمكىنى ئۆرنەك قىلىپ ئىسلام دىنى تۇسىگە ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دەۋر بولدى.

4. يەكەن خانلىقى (1514 ـ 1678). بۇ دەۋردە ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى ھەم مۇقىم بولسىمۇ، ئەمما سوپىزم باش كۆتۈرۈپ مەدەنىي پائالىيەتلەر پۈتۈنلەي «بۇرمىلانغان دىن» بىلەن چېتىۋېلىنىپ، ئىلىم ھېكمەتنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىنغان. بولۇپمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋردە خاندىن تارتىپ پۇقرالارغىچە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىماننى كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ نىشانى دەپ تونۇلغاچقا، بىناكارلىق كۆپرەك دىنىي قۇرۇلۇشلارنى، يەنى، مەسچىت، خانىقا، مازار ـ ماشايىقلارنى ياساش، بېزەش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدۇرۇلۇپ، خان ئوردىسىدىن باشقا تىلغان ئالغۇدەك ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ياسىلىشىغا سەل قارالغان. ھەتتا، بەزىدە ئادەتتىكى تۇرالغۇلارمۇ قۇرۇق قېلىپ بىر قىسىم كىشىلەر مازار ـ ماشايىقلاردا «ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا» قىلىپ، «ئۆيسىز، ماكانسىز» ياشاپ خۇراپىيلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەچكە، ئۆيلەرنىڭ تام تورۇسلىرىنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلاپ كەتكەن. يېڭى ئىلىم ـ ھېكمەت ئورۇنلىرىنى، تۇرالغۇلارنى ۋە باشقا جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنى بىنا قىلىدىغان ئادەم چىقمىغاچقا، كۆپلىگەن

بىناكارلار ئۆز كەسپىدىن ئايرىلماي توختاپ قالغان. ئاز ساندىكى تامچى، نەققاشلار بولسا مازار بىنا قىلىش، مەسچىت سېلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. شۇڭلاشقىمۇ، بۇ دەۋر بىرگە سوپىزمنىڭ ناچار ئىللەتلىرى بىلەن بىرگە مەسچىت ـ مازارلارنىلا مىراس قالدۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھەرقايسى شەھەر ـ بازارۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان مەسچىت، مازار بىناكارلىقى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان. سوپىزمنىڭ چېكىدىن ئاشقان خۇراپىي ئىدىيىسى تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى يىگانە ۋە جانسىز بولغاچقا، بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى تەرەققىي قىلالمىدى. ئەكسىچە ئىزىدا توختاپ قېلىش، چېكىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەندى. ئۆزىمىزدە بولغان ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىسلام دىنىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدىغان غەيرى كۆز قاراش شەكىللەندى. جۈملىدىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىقىمۇ «ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن دەۋرىمۇ بولغان ھەم بىر ئىزىدا توختاپ قالغان، چېكىنگەن ھەتتا چەكلىمىگە ئۇچراپ يوقۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىشتەك ئېچىنىشلىق دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن دەۋرلىرىمۇ بولغان. مەسىلەن: ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۇددىزىم دەۋرى، قاراخانىيلار دەۋرى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرىدە بۇدخانا، بۇددا مۇنارى، مىڭئۆي سەنئىتى؛ كاتتا ئوردا ـ ساراي، شەھەر قۇرۇلۇشى، سېپىل قۇرۇلۇشى، كۆركەم ـ ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەن مەسچىت، مەدرىس مازار بىناكارلىق

www.uyghurkitap.com



سەنئىتى؛ ئايۋان ـ سارايلىق، دالان ـ قازناقلىق، مەراپ ـ سەينالىق، پېشايۋان ـ كارىدورلۇق، تال ـ باراڭلىق تۇرالغۇ جاي بىناكارلىقى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. نۇرغۇن مەشھۇر ئارخىتېكتور، نەققاش، تامچى . . . لار يېتىشىپ چىققان. چەكلىمىگە ئۇچرىغان دەۋرلەردە، ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرغان ئىچكى ۋە تاشقى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئېچىنىشلىق ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئازاتلىقتىن كېيىنكى، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە ئۇيغۇر بىناكارلىقى «فېئوداللىق، خۇراپاتلىق» دەپ قارىلىپ، تارىختىن بۇيان يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردا زىيان يەتمەي ساقلىنىپ قالغان بىر تۈركۈم قىممەتلىك قۇرۇلۇشلار «تۆت كونا» قاتارىدا بۇزۇپ چېقىش، كۆيدۈرۈشلەر تۈپەيلى ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى. لېكىن، بىر قىسىم تامچى ـ نەققاشلار مۇشۇ دەۋرلەردە «پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغان» دەك ئۆز ھۈنەرلىرىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ھۈنەر سەنئىتىنى ساقلاپ قېلىشتەك شەرەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن ۋاز كەچمەي، ئۆز كەسپىنى تاشلىماي جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇردى. قەدىمقىلارنىڭ ھۈنىرىنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈش، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىش، شاگىرت تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر بىناكرلىق سەنئىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي، يوقالماي تەرەققىي قىلىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ «سول» چىللىقنىڭ تەسىرى تازىلانغاندىن كېيىن ئۇيغۇر بىناكارلىقى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. شۇنداقلا، شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭدا قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئورۇنلىرىنىڭ بولماسلىقى، قۇرۇلۇش قىلىش شىركەتلىرىنىڭ بولماسلىقى،

بىناكارلىق ساھەسىدە مەخسۇس تەلىم ئالغان تېخنىك خادىملارنىڭ بولماسلىقىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىندى.

1949 - يىلدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە بىناكارلىق ساھەسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1950 - يىلى قۇرۇلۇش باشقارمىسى قارمىقىدا لايىھىلەش بۆلۈمى تەسىس قىلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ئىدارىسى لايىھىلەش ئىشخانىسى تەسىس قىلدى. بۇ ئىككى ئورۇن كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، تەدرىجىي زورىيىپ لايىھىلەش مەھكىمىسىگە كېڭەيتىلدى. ھەم 1991 - يىلى بۇ ئىككى ئورۇن بىرلەشتۈرۈلۈپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش قىدىرىپ تەكشۈرۈپ لايىھىلەش مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھازىر بۇ ئورۇندىكى ھەر خىل لايىھىلەش كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىي تېخنىك خادىملىرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيمەكتە. بۇ ئورۇن لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش بىلەن بىللە ھەر قايسى ئوبلاست ۋىلايەتلەر ئۈچۈن بىر تۈركۈم لايىھىلەش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى. نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى لايىھىلەش ئورۇنلىرى تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىپ ناھىيىلەرگىچە ئومۇملاشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل لايىھىلەش ئېلىپ بارالايدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش مائارىپىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1957 - يىلى شىنجاڭ سانائەت - قاتناش مەكتىپى بىناكارلىق ۋە بىناكارلىق ماشىنىلىرى كەسپى تەسىس قىلىندى. 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىناكارلىق فاكۇلتېتى

www.uyghurkitap.com



تەسىس قىلىنىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختىتىپ قويۇلغانىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يەنى 1978 ـ يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا بىناكارلىق فاكۇلتېتى رەسمىي تەسىس قىلىندى ھەم شۇ يىلى رەسمىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق تېخنىك ـ ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپىنى تەسىس قىلدى. 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەھەر پىلانى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى مەكتىپى قۇرۇلدى. ھەر قايسى جايلار ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئورۇنلىرىدا تېخنىك ـ ئىشچىلارنى تەربىيىلەيدىغان تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەسىس قىلىپ بىر تۈركۈم پەننىي بىلىمگە ئىگە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................ (1)
مۇقەددىمە ........................................................ (1)

## بىرىنچى بۆلۈم بىناكارلىق توغرىسدا ئومۇمىي بايان

بىرىنچى باب بىناكارلىق توغرىسدا ................................ (1)
ئىككىنچى باب بىناكارلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە
تەرەققىياتى ........................................ (11)

## ئىككىنچى بۆلۈم كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى بىناكارلىق

بىرىنچى باب هونلارنىڭ بىناكارلىقى................................ (22)
ئولتۇراق ئۆيلەر ........................................ (22)
ئوردا ........................................................ (26)
قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى ................................ (27)
شەھەر قۇرۇلۇشى........................................ (28)
ئىككىنچى باب تۈركلەرنىڭ بىناكارلىقى ........................ (31)
ئولتۇراق ئۆيلىرى........................................ (31)
ئوردا ........................................................ (37)
شەھەر قۇرۇلۇشى ........................................ (42)
ئۈچىنچى باب باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىناكارلىقىغا ئائىت مەلۇماتلار
(43) ........................................................

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوغۇزلار ........................................................ (46)
قاڭقىللار........................................................ (48)
توققۇز ئوغۇزلار........................................................ (49)
باسمىللار ........................................................ (50)
بۇلغارلار ........................................................ (50)
قارلۇقلار........................................................ (51)
چىگىللار ........................................................ (51)
تۆتىنچى باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىناكارلىقى ............ (53)
تۇرالغۇ ........................................................ (55)
ئوردا ........................................................ (63)
قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى ........................................ (68)
دىنىي قۇرۇلۇشى ........................................ (73)
شەھەر قۇرۇلۇشى ........................................ (74)

## ئۈچىنچى بۆلۈم شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقى

بىرىنچى باب شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقى ............ (78)
تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقى........................................ (84)
چېدىر ........................................................ (99)
قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى ........................................ (104)
ئىككىنچى باب قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىقى............ (111)
تۇرالغۇ ........................................................ (112)
ئىبادەتخانا ........................................................ (119)
شەھەر قۇرۇلۇشى........................................ (124)
يارغول ........................................................ (125)
قوچۇ (ئىدىقۇت) شەھىرى ........................................ (130)
بەشبالىق........................................................ (135)

ئۈچىنچى باب قۇملۇقتىكى بوستانلىق — نىيا ۋە كرورانىدىكى بىناكارلىق ................................. (138)
ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «قوشام» ئۆيلەر ............ (138)
كرورانىدىكى ئۆزگىچە بىناكارلىق ........................... (143)
تۆتىنچى باب شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىقى ...... (149)
بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ........................................ (149)
بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ........................................ (155)
تەكشىلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ........................... (158)
بىناكارلىق ئۇسلۇبى ............................................ (161)
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ...................................... (165)
نەقىش بېزەكلىرى .............................................. (171)
مىڭئۆيلەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ......................... (176)

تۆتىنچى بۆلۈم ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى

بىرىنچى باب ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ............................ (181)
ئىككىنچى باب قاراخانىيلارنىڭ بىناكارلىقى ..................... (193)
تۇرالغۇ ............................................................ (195)
جامائەت قۇرۇلۇشلىرى ......................................... (202)
مەسچىت .......................................................... (204)
شەھەر دەرۋازىسى .............................................. (210)
قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى .................................. (212)
مازار ............................................................... (212)
شەھەر قۇرۇلۇشى ................................................ (215)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوردا .................................................... (219)
كەنت.......................................................... (222)
بالىق ........................................................ (224)
ئۈچىنچى باب قاراقىتانلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى ...... (239)
تۆتىنچى باب موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى ......... (244)
بەشىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ بىناكارلىقى .................. (248)
تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى ........................................ (250)
جامائەت قۇرۇلۇشلىرى........................................ (252)
ئوردا ....................................................... (253)
مەدرىس ..................................................... (255)
مەسچىت........................................................ (259)
مازار ...................................................... (260)
قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى .............................. (264)
شەھەر قۇرۇلۇشى............................................ (265)

**بەشىنچى بۆلۈم شىنجاڭ يېقىنقى زامان بىناكارلىقىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى**

بىرىنچى باب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى............................................ (273)
ئاپاق خوجا مازىرى ..................................... (280)
سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ..................................... (283)
قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى ..................................... (285)
ئىككىنچى باب شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى بىناكارلىقى ...... (293)
ئۈچىنچى باب ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى ...................................... (298)

# بىرىنچى باب
# بىناكارلىق توغرىسىدا

بىناكارلىق بىر خىل پەن - تېخنىكا بولۇپلا قالماي، يەنە ئالاھىدە سەنئەت. ئۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن يارىتىلغان ماددىي مەدەنىيەت بولۇپ، ئىستېمال قىممىتى ئۇنىڭ تۈلى. سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىناكارلىق سەنئىتى ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بىر خىل سەنئەت تۈرى. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ خاراكتېرىنى، تۇرمۇش گۈزەللىكىنى، مىللىي خاسلىق، ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى روھىي ھالىتى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىياتى پەن - تېخنىكا، سىياسىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى تەبىئىي. بىنا — ئىنسانلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان سۈنئىي مۇھىتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ مىقداردىكى ماددىي كۈچنى سەرپ قىلىدۇ.

بىناكارلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇ بىزگە پارس تىلىدىكى «بىناكار» (تامچى، قۇرۇلۇش ئۇستىسى، بىنا قىلغۇچى، ياسىغۇچى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بىناكارلىق كەسپى ئىش تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. غەرب ئەللىرىدە «ئارخىتېكتور» (Architecture) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ خەنزۇ تىلىدىكى 建筑学 دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش بولۇپ، «بىناكارلىق ئىلمى» دېگەن ئۇقۇمنى

www.uyghurkitap.com



بېرىدۇ. دېمەك ئۇ، بىناكارلىق تېخنىكىسى بىلەن بىناكارلىق سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي يەنە بىناكارلىق ساھەسىدىكى بارلىق كەسپىي ئىش تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىناكارلىق — ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە. بىناكارلىق ئىلمى جەھەتتىن، بىناكارلىق مەدەنىيىتى، بىناكارلىق سەنئىتى ۋە بىناكارلىق تېخنىكىسى دەپ ئۈچ چوڭ تارماق پەنگە بۆلۈنىدۇ. ئىشلىتىلىش ئورنى جەھەتتىن، ئولتۇراق ئۆي بىناكارلىقى، جامائەت سورۇنلىرى بىناكارلىقى، شەھەر قۇرۇلۇش بىناكارلىقى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**بىناكارلىق مەدەنىيىتى:** بىناكارلىق مەدەنىيىتى — «مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«بىناكارلىق مەدەنىيىتى» دىكى «مەدەنىيەت» (文化) دېگەن ئاتالغۇ بىناكارلىقتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. «ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، بىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت ھەمدە ئىنسانلار ئېرىشكەن بارلىق ئىقتىدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»①. بۇ ئاتالغۇ لاتىن تىلىدا *culture* دېيىلىپ، «يەر ھەيدىمەك، يەرگە ئېكىن ئەكمەك، ئىشلەپ چىقارماق، ئەمگەك قىلماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. رۇس تىلىدىمۇ *cultura* دېيىلىپ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «مەدەنىيەت» ئورنىدا ئىشلىتىلىش بىلەن بىللە يەنە «تەربىيىلىنىش ماھارەت، مەلىكە، ئىلمىي تېخنىكىي سەۋىيە،

---

① چېن كەيفېڭ: «بىناكارلىق مەدەنىيەتشۇناسلىقى» توڭجى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە، 2 - بەت.

ئېكىنچىلىك، يەرگە ئىشلەش ۋە زىرائەت، مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈرۈش» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان. دېمەك، بۇ يەردىكى مەدەنىيەت ئاتالغۇسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، يەنى ۋارۋارلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرىش داۋامىدا ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار ۋە تەرەققىيات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «مەدەنىيەت» دېگەن ئاتالغۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «شەھەرلەشمەك» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنى «مەدەنىي» كۆچمەن ئاھالىنى «بەدەۋى» دەپ ئاتىغان. دېمەك، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «مۇقىم ئولتۇراقلاشماق»، «شەھەرلەشمەك» تىن ئىبارەت. ئەرەبلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشنى «تەمەددۇن»، شەھەرنى «مەدىنە» دەپ ئاتىغان.

بۇ يەردىكى «مەدەنىيەت» (مەرىپەت) ئاتالغۇسى ئىنگلىزچە civilization دېگەن ئاتالغۇ بىلەن مەنىداش. ئىنگلىز تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇمۇ لاتىن تىلىدىن كەلگەن. لاتىن تىلىدا «شەھەرلىشىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان *civilisatio* يەنە «پولىس» (قەدىمكى شەھەر دۆلىتى، دۆلەت) دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر شەكىللىنىشى لاتىن تىلىدىكى *civis* (شەھەر ئاھالىسى، شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلار) دېگەن سۆزدىن تۇرلەنگەن. شۇڭلاشقا، بۇ يەردىكى مەدەنىيەت (文明) نىڭ ئەسلى مەنىسى شەھەر ۋە دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئالدىنقىسى (文化) دىن پەرقلىنىدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت (文明) دۆلەت ۋە شەھەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئۇقۇم بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى. مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى ئوخشاش ئەمەس. ئەمما، بىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بارلىق

مەدەنىيەت (مەرىپەت) ئامىللىرى مەدەنىيەتتە مەيدانغا چىقىشى شەرت. تېخىمۇ كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىر جايدا ۋۇجۇدقا چىقىشى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى. ۋاھالەنكى، مەدەنىيەت ئامىللىرى توپلانغان، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت پەيدا بولغان بۇ جاي — دەل شەھەرنىڭ ئۆزىدۇر①.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىلىمىزدىكى «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسى كەڭ دائىرىدە بارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى، تار دائىرىدە بولسا شەھەرلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بىناكارلىق مەدەنىيىتى مەدەنىيەتنىڭ بىر تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئاممىبابلىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. بىناكارلىق مەدەنىيىتى بىر خىل قېلىپلاشقان، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان تۇرمۇش ئەندىزىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەندىزىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشىمايدۇ، غەرب ئەللىرىدە ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىنادا تۇرۇش قېلىپلاشقان. ئېلىمىزدە بولسا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان تۇرالغۇ بىنالىرى رايونى ئەندىزىسى تەرەققىي قىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سودا، ئىجتىمائىي ئالاقە، سەھىيە، مائارىپ قاتارلىقلارمۇ بىناكارلىق ئەندىزىسى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆزىگە خاس رايون ئالاھىدىلىكى بىلەن قېلىپلىشىپ كەتكەن.

2. ئۇ جەمئىيەت ياكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ بىناكارلىقتىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن،

---

① شۈي خولڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997 - يىللىق 3 - 4- سان.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى گوتچە چېركاۋلار پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەمنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بەرگەن. مەدەنىيەت ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋرىدىكى بىنالار كىشىلەرنىڭ ئورنىنى تىكلىگەن، مودېرنىزم بىناكارلىقىدىكى ئەينەك بىلەن قاپلانغان بىنالار بولسا نام ـ شۆھرەت ۋە بايلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

3. ئۇ يەرلىك تەبىئىي شارائىتتا شەكىللەنگەن بىناكارلىق تىلىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، يامغۇر كۆپ ياكى ئاز ياغىدىغان جايلاردا بىنالارنىڭ ئۆگزىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ھاۋاسى ئىسسىق ياكى سوغۇق بولىدىغان جايلاردىكى بىنالارنىڭ تام قۇرۇلمىسىنىڭ قېلىن ياكى نېپىز بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ جاينىڭ ئۆزىگە خاس بىناكارلىق تىلى ۋە ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى قېلىن سوقما تاملىق ياكى خىش ـ كېسەك تاملىق قىلىپ قوپۇرۇلىدۇ، ئۆگزىسىمۇ پوختا ھەم قېلىن يېپىلىدۇ. ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھەم ئېچىلىدىغان قىلىپ كىچىكرەك ياسىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىش پەسلىدىكى سوغۇق، ياز پەسلىدىكى يامغۇرنىڭ كۆپ يېغىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ «ئوت يۇرتى» تۇرپاننى ئېلىپ ئېيتساق، ياز پەسلىدىكى ئىسسىقىغا چىداپ بولغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان *ئۇيغۇرلار تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى ياسىغاندا* يەرنى ئويۇپ بىر قەۋەت يەر ئاستى ئۆيى (بەزىلىرى يېرىم قەۋەت، يەنى ئۆينىڭ يېرىمى يەر ئاستىدا، يېرىمى يەر ئۈستىدە بولىدۇ) ھاسىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆي سالىدۇ. ياز پەسلىدە يەر ئاستى ئۆيىدە، قىش پەسلىدە يەر ئۈستى ئۆيىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؛ خوتەننى ئېلىپ ئېيتساق، ھاۋاسى قۇرغاق بولسىمۇ، بىراق ئېلىدىكىدەك قاتتىق سوغۇق، تۇرپاندىكىدەك قاتتىق ئىسسىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولمايدۇ، ھۆل يىغىنمۇ كۆپ ئەمەس. شۇڭا، بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، قۇرۇلمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتىن تۇپتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى تېمى شاخ، قومۇش، بادرىلار بىلەن چىتلاپ ياسىلىدۇ پۈتۈن ئۆي ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئايۋان - سارايلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۆگزىسىنى تۆۋرۈككە مىندۈرۈلگەن خا (لىم) لار كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تېمىمۇ، ئۆگزىسىمۇ نېپىز لېكىن ئەركەك - چىشى قىلىپ تۇرۇملانغان ياغاچ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن پۇختا بولۇپ، بوراندىن مۇداپىئەلىنەلەيدۇ. مانا بۇ رايونىمىزدىكى ئۈچ خىل كىلىماتقا ئىگە جاينىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىدىكى پەرقى بولۇپ، ھەر جاينىڭ ئۆزىگە خاس بىناكارلىق تىلى ۋە بىناكارلىق ئۇسۇلى بار.

4. ئۇ ئىجتىمائىي ئىقتىساد بىلەن تېخنىكا تەرەققىيات سەۋىيىسى بەلگىلىگەن ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە. يەنى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىنالارنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقىنى بەلگىلىگەن.

ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە كەڭ ئىجتىمائىي دائىرىگە ئىگە. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى كۈندىلىك پائالىيەتلەرنى، دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ياشاش پەلسەپەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**بىناكارلىق سەنئىتى:** بىناكارلىق سەنئىتى بىر خىل سەنئەت ھەم تېخنىكا. ئۇ ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە. ئىستېمال قىممىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىستېمال قىممىتى بىلەن ئېستېتىكىلىق قىممەتنىڭ بىردەك بولۇشى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ توپ گۈزەللىك پرىنسىپىدۇر. ئۇ ئىمارەت توپلىرىنى تەشكىللەش، ئىمارەتنىڭ شەكلى، تەكشىلىكتىكى

ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئالدى (ئۆرە) كۆرۈنۈشىنىڭ شەكلى ۋە يېيىشى، قۇرۇلما تۈزۈلۈشى، ئىچكى ۋە تاشقى بوشلۇقتىكى سىرلىشتۇرۇلۇشى، بېزەكچىلىك، رەڭ ئامىللىرى قاتارلىقلارنى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئويلىشىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق تەكىتلەنگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىناكارلىق سەنئىتى جىسمىي ئوبرازچىلىق سەنئىتى بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئاساسنى ئالاھىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئالاھىدە سەنئەتتۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدا بىنالار ئالدى بىلەن ئەمەلىي ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ياسالغان. ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان تۇيغۇسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ كېيىنچە ئۇ كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق خاراكتېر ئالغان. بۇ جەھەتتىن ئۇ ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتى ۋە ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بىناكارلىق بوشلۇق سەنئىتى، ئوبراز سەنئىتى، كۆرۈش سېزىم سەنئىتى ۋە مۇھىت سەنئىتى بولۇپ، ئومۇملۇققا، مۇقىملىققا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاسلىققا ئىگە. بۇ ئاساسەن ماددىي ماتېرىيال ۋە شەكىل قۇرۇلمىلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن بىناكارلىق سەنئىتى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

سەنئەتكارلار «بىناكارلىق — قاتما مۇزىكا» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئىككى سەنئەت تۈرىنىڭ ئورتاقلىقىنى تەكىتلىگەن. بىنا بىلەن مۇزىكا رىتىم، ۋەزىن تۇيغۇسى جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. رىتىم بىلەن ۋەزىن بىنانىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي ئامىل. بىر بىنانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا «تۈۋرۈك — دېرىزە، تۈۋرۈك — دېرىزە» شەكلى، «تۈۋرۈك — دېرىزە، دېرىزە» شەكلى ھەمدە يەنە

«تۈۋرۈك — دېرىزە، دېرىزە، دېرىزە» شەكلى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. سەنئەتكارلار بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇزىكا نوتىلىرىغا ئوخشىتىپ، ئالدىنقىسىنى مۇزىكا ئاھاڭىدىكى 2/4 تاكىتقا؛ كېيىنكىسىنى ۋالىس مۇزىكىسىنىڭ ئاھاڭىغا؛ ئاخىرقىسىنى 4/4 تاكىتلىق ئاھاڭغا ئوخشايدۇ[1] دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇ ئىككى سەنئەت تۈرى ماتېرىيال، خاراكتېر، ۋەزىپە قاتارلىق جەھەتلەردىن يەنىلا پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان كۆك، يېشىل، ئاق، زىغىررەڭ، قاتارلىق رەڭلەر بىلەن ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىشلەر بىرىكىپ بىنالارنى ئىنتايىن كۆركەم ۋە يېقىملىق تۈسكە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېقىن ھەر خىل شەكىل ۋە ئوبرازلار بىر - بىرىگە تۈس بېرىپ، تولۇقلاپ ۋە ئېچىپ كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ھەر خىل نەمۇنىلەر، يەنى مۇنار، گۈمبەز، تۈۋرۈك، لىم، پېشايۋان، سەرقەلەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە بېزەككە ئىگە بولۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى گۈزەل سەنئەتنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق تۈرلىرى بىلەن ئورگانىك باغلىنىپ كەتكەن.

**بىناكارلىق تېخنىكىسى:** بىنالارنى لايىھەلەش ۋە ئىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى بارلىق ئىش تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىنالارنى لايىھەلەش ئىشلىتىلىشچان بولۇش، ئىقتىسادى مۇۋاپىق بولۇش، شەكلى كۆركەم بولۇش، قاتارلىق شەرتلەرنى قاندۇرغان تېخنىكىلىقى ئىنچىكە خىزمەت بولۇپ، بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. ئىش ئېلىپ بېرىش بولسا لايىھەگە

① ئۆمەرجان ئىمىن: «روھ مىلودىيىسى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1993 - يىللىق 2 - سان.

ئاساسەن قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا ئۇسۇللارنى قۇرۇپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسى ناھايىتى ئۇزاق تارىختىن بويان ئىجاد قىلىنىپ، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانچە تەكامۇللاشقان. يەرنى ئويۇپ ئۆي ياساش ئۇسۇلى، خادىداپ تام قۇيۇرۇش ئۇسۇلى، كېسەك بىلەن تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى، قۇرۇملاش ئۇسۇلى قاتارلىقلار مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن. ھازىرقى زامان بىناكارلىقىدا ئىمارەت قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان چارچاپ ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، كېيىنكى دەۋردە تال - چىۋىق، قومۇش، چىغ قاتارلىقلاردىن تام ئارىسىغا ئېلىپ باستۇرۇش ئارقىلىق تامنىڭ پۇختىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنغان. ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ زەيلىشىپ كەتمەسلىكى، تامنىڭ ئۆلتۈرۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن زەگۇندە ئىشلىتىلگەن. كۆچىنىش ھالىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان گۈمبەز قۇرۇلمىسى بۇددىزم دەۋرىدىلا قوللىنىلغان ۋە ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلغان.

www.uyghurkitap.com




# ئىككىنچى باب
# بىناكارلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە تەرەققىياتى

ئالىملار: «بىناكارلىق تارىخى — ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ تارىخىدىن ئىبارەتتۇر» دەيدۇ. چۈنكى، قەدىمكى ئىنسانلار ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ ماكانلىرىنى ياخشىلىغاندىلا ئاندىن ئوۋچىلىق ۋە يېمەكلىك توپلاپ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئامېرىكا ئالىمى مورگان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى دەۋرلەرگە بۆلگەندە، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرىنى «ۋارۋارلىق دەۋرى» دەپ ئاتىغان[1]. «ئىنسانلار ۋارۋارلىق ھالەتتىكى چاغدا ياكى ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ياشاۋاتقان چاغدا، ئورمانلىقنى ئۆزىنىڭ ئۆي - ئوتىقى قىلىپ ياشىغان، ۋە كەپىلەردە تۇرغان»[2]. دېمەك، ئىنسانلار ۋارۋارلىق دەۋرىدىلا ئولتۇراقلىششقا باشلىغان بولۇپ، دەسلەپتە ئورمانلىقتا ۋە تەبىئىي ئۆڭكۈرلەردە پاناھلانغان. كېيىنچە شاخ - شۇمبا، ئوت - چۆپلەر بىلەن ئاددىي كەپىلەرنى ياساپ، ئۈستىنى دەرەخ قوۋزاقلىرى، ئوت-چۆپ ۋە تېرىلەر بىلەن يېپىپ ھۆل - يېغىن،

---

① بۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، ئۇ چاغدا ئىنسانلار تەبىئەتتىكى تەييار ئوزۇقلۇقلارنى يىغىپ ئىستېمال قىلىش بىلەنلا ھايات كەچۈرگەن. بۇ دەۋر ئىنسانلار ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىپ، ئوقيانىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغىچە داۋاملاشقان. ئارخېئولوگىيىدە «ئىنسانلار پىششىقلاپ ئىشلىمىگەن تاش قوراللار دەۋرى»، «كونا تاش قوراللار دەۋرى»، «ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى» دەپ ئايرىلىدۇ.

② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 46-، 8- بەتلەر.




1 - رەسىم — بەنپودىكى ئىپتىدائىي كەپە ئۆيلەرنىڭ
تەرەققىيات سىخېمىسى

سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا) ئويۇپ ئۆي ئىچى بوشلۇقىنى كۆپەيتكەن. ئۆينىڭ كىرىش ئېغىزىغىمۇ ئۆيگە تۇتاشتۇرۇپ كارىدور شەكلىدە پاكارراق قىلىپ چېدىر شەكىللىك لەمپە ياسىغان. ئۆينىڭ تورۇسىنى 2 — 4 تال تۈرۈك بىلەن تىرەپ تۇرغۇزغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مياۋدىگوۋ، تاڭچۈەنگوۋ، لىيىگدىكى سۇنچىتۇن قاتارلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۇرالغۇ ئىزلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خۇسۇسىيەتلەر ساقلانغان (1 - رەسىم)①. ئېلىمىزنىڭ بەنپو قەدىمكى ئىزى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىزلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ئامېرىكا، ئافرىقا، سىبىرىيە قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئىپتىدائىي كەپىلەرنىڭ تەكشى يۈز شەكلى ۋە هازىرقى هالىتىدىن قارىغاندا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش قۇرۇلۇشىدا، تەكشى يۈز شەكلى يۇمىلاققا مايىل كەپىلەر بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن قالسا چاسا شەكىل قوللىنىلغان (2 -، 3 -، 4 -، 5 - رەسىم). ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ۋە تارىخىي ماتېرىياللار بۇ جايلاردا ئومۇميۈزلۈك هالدا يۇمىلاققا مايىل شەكىلدىكى تۇرالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ياۋايىلىق دەۋر②دە ئىنسانلار توپلىشىپ ياشاشقان ۋە «هويلىلاردا تۇرغان»، كېسەك ۋە تاش بىلەن قەلئە - قورغانغا ئوخشاش چوڭ دائىرىدىكى هويلا - ئاراملار . . . ۋە مەهەللىنى

① «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1975 - يىللىق 1 - سان 39 - بەت.


② ياۋايىلىق دەۋرى — ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ مەزگىل بولۇپ، ساپال قاچا ياساش تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشىدىن باشلىنىپ، يېزىق پەيدا بولغانغا قەدەر داۋاملاشقان. بۇ دەۋر ئارخېئولوگىيىدە «يېڭى تاش قوراللار دەۋرى» دىن «برونزا قوراللار دەۋرى» دەپ ئاتىلىدىغان دەۋرلەرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئىنسانلار چارۋىچىلىق ۋە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. بۇ دەۋر ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئومۇمیۈزلۈك گۈللىنىشىدىن باشلىنىپ، ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.



2ـ رەسىم — شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرى

www.uyghurkitap.com





3 ـ رەسىم — سىبىرىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى شەكلى




新疆大学图书馆藏书




4 - رەسىم — تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۆيلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





5 ـ رەسىم — ئافرىقا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي شەكلى



6 - رەسىم — سىبىرىيىدىكى قىياتاشقا ئويۇلغان چېدىر ئۆي كۆرۈنۈشلىرى

دائىرىدىكى هويلا - ئاراملار . . . يەنە مەھەللىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىنغان قاشالار . . . ئاخىرىدا ساپالچىلىق تېخنىكىسى مەيدانغا كەلگەن»①. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلار ئارىسىدا يەنە رىقابەت، تەبىئەت قۇدرىتىگە چوقۇنۇش، ئىلاھىيەت ھەققىدىكى ئانچە ئېنىق بولمىغان تونۇشلارمۇ مەۋجۇد ئىدى. ئۇلار ھايۋانلارنى قولغا ئۆگىتىش، سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق، بىناكارلىقتا تاش ۋە كېسەك ئىشلىتىش ھەمدە تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىغا ئىگە ئىدى. ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا ساپالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىغا، ئۆي ئىشلىرىنىڭ قولايلىق بولۇشىغا يېڭى بىر ئىرا ئېچىپ بەرگەن. تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىناكارلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. تۆمۈردىن ياسالغان پالتا، ئىسكىنە ۋە باشقا قىرىش -

---

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 8 -، 62 - بەت.

بوۋۇش قوراللىرى بىلەن لىم - تۈۋرۈكلەرنى تەييارلاش، تۇرۇملاپ يېشىش، چاخسا ئىشىك ۋە ئىپتىدائىي پەنجىرىلەرنى ياساش شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆيلەرنى ئىلگىرىكىدىن چوڭراق قىلىپ ياساش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان. بولۇپمۇ ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكى ۋە پۇختىلىقىغا تۈرتكىچىلىك ئېلىپ كەلگەن.

مۇشۇ دەۋرنىڭ ئاخىرىقى باسقۇچىدا ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرى، تاش قەلئەلەر، سېپىلىغا كۇنگىرە، قوقتا ۋە پۇختا مەرۋازا ئورنىتىلغان مەركىزىي شەھەرلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. كىشىلەر ئېتىز ۋە تۇرالغۇ جايلارغا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىشقان، ھەتتا ئۇلار ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باققان. بۇنىڭ بىلەن ئېغىل - قوتان، كاتەك قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھايۋانلارنى سولايدىغان قوشۇمچە ئەسسەلەر تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.

«مەدەنىيەت دەۋرى»①دە كىشىلەر ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەردە تۇرغان»②. بۇ دەۋردە يېزىق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق سەھىپىسى ئېچىلغان. بىناكارلىق ئىشلىرى ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە تەرەققىي قىلىپ، تۇرالغۇ بىناكارلىقى، قەلئە - قورغان بىناكارلىقى، ئاممىۋى سورۇن بىناكارلىقى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كىشىلەر

① مەدەنىيەت دەۋرى — ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى مەزگىلى بولۇپ، بۇ دەۋر تاۋۇشلۇق ھەرپلەرنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشىدىن باشلىنىپ، يېقىنقى زامانغا ئۇلىنىدۇ. بۇ دەۋر يەنە «قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى»، «يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. مېتال پۇللارنىڭ پەيدا بولۇشى، پۇل كاپىتالى، ئۆسۈم، جازانە ۋە ئىشلەپ چىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغۇچى سودىگەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا رىقابەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، يەرلەرگە بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ۋە گۆرۈگە قويۇش تۈزۈمى، قۇللۇق ئەمگىكى، ئائىلىق ھوقۇقنى مەركەز قىلغان بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىدىكى ئائىلىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئىقتىساد بىرلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى «مەدەنىيەت دەۋرى» نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت — مەخسۇت ھېيت.

② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1- كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 8 - بەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم
# كۆچمەن چارۋىچىلىق تۈرمۇشىدىكى بىناكارلىق

# بىرىنچى باب
# هونلارنىڭ بىناكارلىقى

هونلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، شىيا سۇلالىسى دەۋرىدىن چۇنچيۇ، يىغىلىق دەۋرلىرىگىچە ئىپتىدائىي ئۇرۇق جەمئىيىتى باسقۇچىدا ياشىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ دۆلەت قۇرغان[①].

## ئولتۇراق ئۆيلىرى

هونلارنىڭ بىناكارلىقى توغرىسىدا پارچە ـ پۇرات يازما ماتېرىياللار بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىزدە هونلارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار تولۇق، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلمىغان بولغاچقا، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارمۇ يوق دېيەرلىك. شۇڭا، بىزنىڭ بۇ تېمىدىكى تەتقىقاتىمىزدىمۇ بەزى يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

«تارىخىي خاتىرىلەر — هونلار تەزكىرىسى» دە: «هونلار بىر كىگىز ئۆيدە ئاتا ـ بالا بىللە تۇرىدۇ، ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. شەھەر ۋە مۇقىم تۇرىدىغان جايلىرى يوق ئىدى.

---

① «مو رېنىنەن: «هونلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، 1999 ـ يىل 3 ـ سان.

جۇۋنى يېپىنچا، كىگىزنى سېلىنچا قىلىدۇ. قەپەس شەكىللىك قىزىلما غارلاردا ياكى كىگىزدىن تىكىلگەن ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ»① دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە — هونلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە هونلارنىڭ كىگىز ئۆيى جۇڭگودىكى ئائىلە بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. هونلار كىگىز ئۆيىنى «كۇڭرا — قورا» ( $Kiwəŋ$ — $lia$ ) دەپ ئاتىغان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا هونلارنىڭ بۇ خىل كىگىز ئۆيلىرى « 穹 » دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئوۋۇقلۇق ئۆيلەرگە قارىتىلغان. چۈنكى، ئوۋۇقنىڭ ئاستى تەرىپى ئەگرى بولغاچقا ئۇنى قۇراشتۇرۇپ ئۆي ياسىغاندا ئۆي شەكلى گۈمبەزسىمان چىقىدۇ. هونلاردا يەنە «ota» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ھەم ئېگىز بىر خىل كىگىز ئۆيلەرمۇ بولغان بولۇپ، ھەربىي قوشۇننىڭ بارگاھى ياكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى تەرىپىدىن تۇرالغۇ ئۆي ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. بىرقانچە كىگىز ئۆي بىر بارگاھنى، بىرقانچە بارگاھ بىر ئۇرۇقنى تەشكىل قىلاتتى، بىرقانچە ئۇرۇق بىر قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى، بىرقانچە قەبىلە قوشۇلۇپ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلاتتى. هونلار گەرچە قەدىمكى ئۇرۇق، قەبىلە شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، يۇقىرىلارنى رايونلار بويىچە بۆلۈپ باشقۇرغان. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ زېمىنى ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار ئايرىپ بېرىلگەن رايونلار بويىچە مال - چارۋا باققان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك رايونلىرىمۇ بار ئىدى (كۆپىنچە ئىشنى قۇللار ئىشلەيتتى). ئۇلارنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان ئولتۇراق رايونى، يوشۇرۇنۇش ئورنى، ئامبار ۋە ھەربىي قورغانلىرى بار ئىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدىن هونلارنىڭ تۇرالغۇ خارابىسىنى قېزىپ

① سى ماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 411-، 391-بەتلەر.

چىققان بولۇپ، تۇرالغۇ رايونىنىڭ تۆت ئەتراپى خەندەك، سېپىل بىلەن ئورالغانلىقى، گەمە، ئىسسىنىش ئۇسكىنىلىرى بولغان ئىمارەتلەر، يەر ئاستى ئامبارلار، مېتال پىششىقلاش كارخانىلىرى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى بايقالغان①. تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە «هونلار سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ مال باقسىمۇ يەنىلا «ئەھۋالغا قاراپ يەم خەشەك ئامبىرى سالىدۇ»②. دېيىلگەن. دېمەك، هونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلاردىن باشقا يەنە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرمۇ بولغان. ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسلاشقان.


ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، هونلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ تۆت چاسا ۋە گۈمبەز شەكىللىك ئىككى خىل شەكىلدە بەكمۇ چوڭ ياسىلىدىكەن. تۆت چاسا قەبرىلەرنىڭ چۆرىسىدە قورۇق تېمى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگىمۇ كىچىك قەبرىلەر ياسىلىدىكەن. گۈمبەز شەكىللىكلىرىنىڭ ئىچى تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ سىرتىدىن توپا دۆۋىلەپ، يەر يۈزىدىن گۈمبەز شەكىلدە ئېگىزلىتىلىدىكەن. هونلار بۇ خىل قەبرىلەرنى «دۆلۈگ — دولاگ — ak - dol — dewlak» دەپ ئاتىغان③. ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەبرە شەكىللىرى ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، بۇ قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا تارقالغان بىر خىل مەدەنىيەت ئورتاقلىقى

① ئو. پىرىتساك (گېرمانىيە): «هۇنلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىلى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1998 - يىل 3 ـ 4 ـ سان.

② «تۇز - تۇمۇر ھەققىدە» دىن.

③ قاھارمان مۇقان: «هون تىلى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، قازاقچە، 1999 - يىللىق 2 - سان.

ئىدى. دېمەك، ھونلارنىڭ قەبرە قۇرۇلۇشىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان.



7 ـ رەسىم ھون چېدىرى

ئۇلانباتۇر ئەتراپىدىن تېپىلغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى ئەسىرگە ئائىت ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىسىدىن ھايۋانلارنىڭ سوقۇشۇۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ھون گىلىمى ۋە جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى ، ساپال بۇيۇملىرى چىققان. دېمەك، ھونلار چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئىشلىنىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغاندىن سىرت جۇڭگونىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىنمۇ پايدىلانغان.

## ئوردا

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ھونلار چوڭ تىپتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا كۆپىنچە قۇللاردىن پايدىلانغان. «كېيىنكى خەننامە — جەنۇبىي ھون تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھونلار ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلەرنى قۇل قىلىدۇ، ئۇلار ھونلار ئۈچۈن قۇدۇق قازىدۇ، سېپىل سوقىدۇ، قەلئە سالىدۇ ۋە ئائىلە خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ». ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ ئۆگزىسىگە ياتقۇزۇلغان كاھىشلارغا خەنزۇچە «تەڭرىقۇت بىلەن قۇدىلىشىش» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. قارىغاندا، ھونلارنىڭ تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ بىناكارلىرى — قۇللىرى قاتناشقان.

تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسى دەيجۇن، يۇنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە ئۇدۇل جايلاشقانىدى. ھون تەڭرىقۇتى چەت ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ئۆز ئوردىسىدا قوبۇل قىلاتتى. لېكىن، ئەلچىلىك دەستىكى بولمىغانلارنى «چېدىر - بارگاھىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ قوبۇل قىلىدۇ»①.

ھونلار يەنە ئارمىيە، سوت، تۈرمە قاتارلىق دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ جىنايەتچىلەرنى قامايدىغان قاماقخانىلىرى بار ئىدى. ھونلارنىڭ مەھبۇسلارنى قاماشتا ئىشلىتىدىغان قوراللىرى ۋە مەھبۇس ھارۋىسى بار ئىدى.

روشەنكى، ھونلارنىڭ ھەربىي قۇرۇلۇشلىرى ھون ئوردىسىنى مۇداپىئە قىلىشنى چىقىش قىلىپ پىلانلانغان بولۇپ، تەكشى يۈز ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئوردىنى مەركەز قىلغان چاسىغا مايىل دائىرە

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 430 - بەت.

شەكلىدە بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش بولغاچقا سىرتقى تېمى قېلىن سېپىلدىن ئىبارەت ئىدى. ھون ئوردىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا خەنزۇ بىناكارلار قاتناشقان بولغاچقا خەن سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا تەقلىد قىلىنغان تاش قۇرۇلمىلىق تام - توساقلار، سېپىل - قوقتىلار تەگرىقۇت ئوردىسىغا پۇختا ۋە مۇستەھكەملىك تۈيغۇسى بېرەتتى. دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئورۇنلاشقان قۇرۇلۇشلار ھون ئوردىسى بىلەن بىر جايغا ياسالغان بولۇپ، بىر پۈتۈن ئىمارەت توپىنى ھاسىل قىلغانىدى. بولۇپمۇ بۇ خىل ھەربىي قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇرۇلمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇسلۇبى پايانسىز يايلاقتا قەد كۆتۈرۈپ، سىماسى يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

## قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى

ھونلارنىڭ مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىمۇ بولغان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتېرىلىنىشىچە، ھونلاردا « 可野 » (كېيې بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «koka» ياكى «koha» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئىستىھكاملار بولۇپ، قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «قورغان» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە[①]. ئارخېئولوگلار سېلىنگا دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان ئىۋورغا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن ھونلارنىڭ مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى قەلئەسىنى قېزىپ چىققان. بۇ قەلئە تۆت چاسا شەكىلدە، ئەتراپىغا توپا تام سوقۇلغان،

---

① مەخمۇت نىزامى: «ھونلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە نەزەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1999 - يىل 3- سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەكچىلىرى بار قەلئە بولۇپ، كۆلىمى 200m×348m كېلىدۇ. جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن ياسالغان يۇمىلاق شەكىللىك قەلئەلەرنىڭ خارابىلىرى بايقالغان. بىراق، كۆلىمى كىچىكرەك بولۇپ، دىئامېتىرى ئادەتتە نەچچە ئون مېتىردىن يۈز ياكى ئىككى يۈز مېتىرغىچە ئىكەن. ئارخېئولوگلار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ قەلئەلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىشلىق ئۆيلىكى ياكى ئۇرۇش مەزگىلىدە پاناھلىنىدىغان قورغىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان[1].

## شەھەر قۇرۇلۇشى

هونلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال كەمچىل بولغانلىقتىن بەزىلەر ئىزچىل تۈردە «هونلارنىڭ شەھىرى بولغان ئەمەس» دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلدى ۋە بۇ قارىشىنى «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى «هونلار سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى، شەھەر ۋە مۇقىم تۇرىدىغان جايلىرى يوق ئىدى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايتتى»[2]. هونلار «قەسىر - ئىيۋانلارنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى، كىشىنىڭ كۈچ-غەيرىتىنى يوقىتىدۇ. دېھقان ئوزۇقلىنىش ۋە كىيىم - كېچەك قىلىش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىپ يەر تېرىيدۇ ۋە پىلە باقىدۇ. ئۆزىنى شەھەر- قەلئەلەر سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسرايدۇ. دېمەك، بۇ خەلق جىددىي شارائىت يۈز بەرسە ئۇرۇشقا يارىمايدۇ. كەڭ - كۇشادە شارائىتتا ئېرىشسە ئىش بىلەن بولۇپ ھالىدىن كېتىدۇ. توپا تام

① ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە 243 - بەت.
② سى ماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 391 - بەت.

ئىچىدە ياشىغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي!»[1] دەپ قارىغان، دېگەن بايانلار بىلەن قۇۋۋەتلەپ كەلدى. لېكىن، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھونلار تامامەن شەھەر قۇرۇش ئاساسىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، خەن ئەلچىلىرى خاقانىغا: «ھونلارنىڭ شەھەر - قەلئەلىرى بار. . .» دەپ مەلۇم قىلىشقان. ھونلارنىڭ كۆچمەن تۇرمۇش ئادىتى ئۇلارغا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شارائىتىنى يارىتىپ بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا شەھەرنى تەشكىل قىلىدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرى تولۇق ھازىرلىنىپ بولغانىدى. مەسىلەن، ھونلارنىڭ يېزىقى بار ئىدى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، سودىسىمۇ بولغانىدى، جامائەت سورۇنلىرى (نەزىر - چىراغ سۈپىسى، ئوردا، قەلئە - قورغان قاتارلىقلار)، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ھەتتا قانۇن - تۈزۈملەرمۇ ئورنىتىلغانىدى. شەھەر ياكى شەھەر ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى ئۇنىڭ شەكلىدە ئەمەس، بەلكى مەزمۇنىدا. يۇقىرىدىكى ئامىللار بىر پۈتۈن شەھەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلالايدۇ. ئالىملار: «كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىر جاي بىر خارابە ئىزىدا بولۇشى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى. ۋاھالەنكى، مەدەنىيەت ئامىللىرى توپلانغان، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت پەيدا بولغان بۇ جاي دەل شەھەردۇر»[2] دەپ قارايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ھونلارمۇ شىمالىي يايلاق ۋە سىبىرىيىدە شەھەر - قەلئەلەرنى قۇرغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ھونلارنىڭ «ئەجدەربالىق» (لوڭچېڭ، ‹تەختى ھون› مۇ دېيىلىدۇ)، «ئەنششۈي» قاتارلىق شەھەرلىرى تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق

---

① سى ماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 412 - بەت.

② شۈي خوڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1997 يىل، 1 ـ 2 - سان.

يېزىلىدۇ: «ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا ھون باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا باش قوشۇپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى. بەشىنچى ئايدا لوڭچىك (ئەجدەربالىق، ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى چاۋياڭ ھېيسىنىڭ ئىچكى موڭغۇل بىلەن تۇتاشقان يېرىدە) شەھىرىگە يىغىلىپ، چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا - بوۋىلىرى، ئاسمان - زېمىن، روھ - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ زاراخەتمە قىلاتتى. كۈزدە ئاتلار سەمىرگەندە دەيلىن (ئىبادەت ئورمانلىقى) گە يىغىلاتتى. ئادەم، ئات - ئۇلاغنىڭ سانى ئېلىناتتى»[①]. دېمەك، ئەجدەربالىق ھونلارنىڭ پايتەخت شەھىرى ئىدى. «خەننامە» دە غەربىي رايوندا قۇتئۇش شەھىرى (تەڭرىقۇت شەھىرى) نى بىنا قىلدۇرغانلىقى، بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى مىلادىدىن بۇرۇنقى 45 - يىلى باشلىنىپ، ھەر كۈنى 500 ئادەم ئىشقا سېلىنىپ، ئىككى يىلدا يۈتتۈرۈلگەنلىكى، شەھەرنىڭ ئىككى دائىرىلىك ئىكەنلىكى، ئىچكى شەھەر توپا تاملار بىلەن قۇرۇلغانلىقى، سېپىل قوۋۇقلىرى بارلىقى، ئىچكى شەھەردە راۋاق، تەڭرىقۇت سارىيى بارلىقى، سېپىلغا بەش خىل رەڭلىك بايراق قادالغانلىقى؛ سىرتقى شەھەر بولسا ياغاچ ئۆيلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئېيتىلىدۇ[②]. شەھەر قۇرۇلۇشىغا كەتكەن ۋاقىت ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ كۆپلىكىدىن قارىغاندا ئىچكى شەھەر تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسى ۋە قەلئەدىن ئىبارەت بولۇپ، ناھايىتى ھەشەمەتلىك ياسالغان. تاشقى شەھەر چوڭ كۆلەمدىكى ھەربىي گازارما ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق رايونى بولسا كېرەك.

① سى ماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 402 - بەت.
② مەھمۇت نىزامى: «شىمالىي يايلاقتىكى تۇنجى چوڭ پايتەخت — قارابالغاسۇن شەھىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 - يىللىق 2 - سان.

# ئىككىنچى باب
# تۈركلەرنىڭ بىناكارلىقى

تۈركلەر تەخمىنەن مىلادى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆچىيىشكە باشلىغان. مىلادى 545 ـ يىلىغا كەلگەندە سەلتەنەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلانغان. ئۇلارنىڭ زېمىنى موڭغۇل يايلىقىدىن تاكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىغىچە يېتىپ بارغان①.

## ئولتۇراق ئۆيلىرى

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تۈركلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ: « 穹庐毡帐 » دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز «گۈمبەز شەكىللىك كىگىز ئۆي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۈركلەر بۇنى «چېدىر» دەپ ئاتىغان. تارىختا ئۆتكەن مۇسۇلمان تارىخچىلار يۇمىلاق، كىگىز بىلەن قاپلانغان ئۆيلەرنى «تۈرك چېدىر» ياكى «قۇببىلىق چېدىر» دەپ ئاتىغان. ئەرەب تارىخچىسى مەرۋەزى مۇنداق دەيدۇ: «تۈرك چېدىرلىرى قۇببە (ئەرەبلەر گۈمبەزنى قۇببە دەپمۇ ئاتايدۇ ـ ئا) شەكلىدە بولاتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە تۈرك چېدىرلىرى پەقەت تۈركلەر تەرىپىدىنلا ئەمەس، باشقا قوشنىلىرى تەرىپىدىنمۇ ئىشلىتىلگەن. ھەتتا مۇھەممەت پەيغەمبەر دەۋرىدە ئەرەبىستاندا تۈرك چېدىرلىرىنىڭ

---

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ قىسىم، 318 ـ، 322 ـ بەتلەر.

ئىشلىتىلگەنلىكىگە دائىر خاتىرىلەر بار. بۇ چېدىرلار ئۆيگە ئوخشاش بولۇپ، خادا ياغاچلاردىن ياسالغان بىر جازا ئۈستىگە كىگىز قاپلاش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلاتتى». دېمەك، تۈرك چېدىرلىرىنىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ، شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. بۇنداق چېدىرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوشلۇق بىرقەدەر چوڭ بولۇپلا قالماستىن، يەنە سىرتقى شەكلىمۇ كۆركەم كۆرۈنىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا: «تۈركلەر ئادەم ئۆلسە قەبرىسىنى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئۆيىگە ئوخشىتىپ ياسايدۇ. بۇ ‹ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۆلمەي ئۆز ئۆيىدىكىدەك ياشايدۇ› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دېيىلگەن. ئورخۇن ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ قەبرە بېشىغا ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ شەكلىمۇ چېدىر شەكىللىك ۋە گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ، بىزنى تۈرك چېدىرلىرىنىڭ شەكلى ھەققىدە ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۈرك چېدىرلىرىنىڭ بۇنداق مۇرەككەپ شەكىلدە ياسىلىشىدا ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلغان تۆمۈرچىلىك تېخنىكىسى مۇھىم رول ئوينىغان. جۈملىدىن، تۈركلەردە ياغاچ قۇرۇلمىلارنى چېتىش ۋە مۇقىملاشتۇرۇشتا-ئىشلىتىلىدىغان «مىق»، «قاماق» قاتارلىق مېتال بۇيۇملار بولغان.

«سۇينامە» دە: «تۈركلەر ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىر يەرگە يىغىلىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى. مۇھىم ۋەزىر - ئەمەلدارلىرىنى ئەجدادلىرى تۇرغان غارغا ئەۋەتىپ نەزىر - چىراغ قىلدۇرىدۇ»[①]. دېيىلگەن. دېمەك، تۈركلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى غار - ئۆڭكۈرلەردە ياشىغان، كېيىنچە ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق

① «سۇينامە - تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

ھاياتىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، بۇ خىل تۇرمۇشقا ماس كېلىدىغان چېدىر ئۆيلەردە تۇرمۇش كەچۈرگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا: «تۈركلەر تېرىدىن كىيىم كىيىدۇ، ئۈستى يۇمىلاق كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھەمىشە كۆچۈپ يۈرسىمۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئايرىم يېرى بار» دېيىلگەن①. شۆەنزاڭ ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن مۇنداق يازغان: «تۈركلەر ئۆيىگە ئوت قالايدىكەن، كارىۋات ئىشلەتمەيدىكەن. ئوتۇن قالىسىمۇ ئوتنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. ئەمما، يەرگە قېلىن سېلىنچا سالىدىكەن»②. قارىغاندا تۈركلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىچىدە ئوچاق، سۇپا قاتارلىقلارمۇ بولغان. ئارخېئولوگلار كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق چېدىر ئۆيلەرنىڭ ئوچىقى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. چېدىر ئىشىكىدىن كىرگەندە ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، ئەتراپىنى چۆرىدەپ سۇپا چىقىرىلغان. «جۇنامە - تۈركلەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «تۈركلەر كۈن چىقىشقا ھۆرمەت بىلدۈرگەچكە، چېدىر ئىشىكىنى كۈن چىقىشقا قارىتىپ ئاچقان». ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا ئوچاق ياسالغان. ئوچاق ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەچكە، ئىس يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتكەن. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇن «تۆر» ھېسابلانغان.

«تۈركلەر دائىم كۆچۈپ يۈرمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى قىشتا شەھەر ۋە يېزىدا ياشاپ، يازنى تەڭرىتاغ

---

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1 - قىسىم، 359 - بەت.

② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1 - قىسىم، 364 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com



يايلاقلىرىدا ئۆتكۈزەتتى»①. دېمەك، ئۇلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق مۇقىم تۇرالغۇلىرى بولغان. يەر شارائىتىغا قاراپ چارۋىچىلىق بىلەن بىللە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن لىنا ـ يېنىسەي دەرياسىغىچە سوزۇلغان سۇغىرىش قاناللىرىنى قېزىپ چىققان. بۇ قاناللار 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ رېمونت قىلىپ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.



8 ـ رەسىم تۈرك چېدىرى

ئارخېئولوگلار موڭغۇلىيىدىكى ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ غەربىدىن 400km يىراقلىقتىكى خوشۇ ـ سەيدام رايونى، كېكچىن ـ ئورخۇن دەريا ساھىللىرىدىن تۈركلەرنىڭ قەبرە

① ئا. زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» (ئىستامبۇل)، 107 ـ بەت.

قۇرۇلۇش توپلىرىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆل تېكىننىڭ قەبرە قۇرۇلۇشى خىش ياتقۇزۇلغان 67.25m×28.25m كۆلەمدىكى چاسا شەكىلدىكى مەيدانغا ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى چوڭقۇرلۇقى 2m ، تېگىنىڭ كەڭلىكى 2.1m ، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 6m كېلىدىغان خەندەك بىلەن قورشالغان. خەندەك ئەتراپىغا خىش تام قوپۇرۇلغان. شەرق تەرىپىگە ئىشىك قويۇلغان. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە مەرمەر تاشتىن ئويۇلغان قوينىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان. ئىشىكتىن شەرققە قاراپ ئىككى قاتار جەمئىي 169دانە بالبال ئورنىتىلغان. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆلىمى 10.25m × 10.25m كېلىدىغان ئىبادەتخانا ياسىلىپ، ئىككى ياقىسىغا دەرەخ تىكىلگەن يول ئارقىلىق قەبرىستانلىقنىڭ كىرىش ئېغىزىغا تۇتاشتۇرۇلغان. يولنىڭ ئىككى ياقىسىغىمۇ بالبال ئورنىتىلغان. ئىبادەتخانىنىڭ تېمىغا رەسىم سىزىلغان①. كۆل تېكىننىڭ قەبرە قۇرۇلۇشى ھەققىدە «كونا تاڭنامە» نىڭ 194 - جىلدىدا مۇنداق خاتىرە بار: «كۆل تېكىن ۋاپات بولغاندا شۈەنزوڭ خان . . . (تۈرك خانلىقىغا) خاننىڭ مۆھرى بېسىلغان تەزىيەنامە ئەۋەتتى ھەمدە مەڭگۈ تاش تىكلىدى. مەڭگۈ تاشقا خاننىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامىسى ئويدۇرۇلدى. تاۋاپخانا ياسالدى ۋە تاش ھەيكەل تىكلەندى. تاۋاپخانىنىڭ تۆت تېمىغا كۆل تېكىننىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى تۆھپىلىرى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەر ئويدۇرۇلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە» دە قوشۇمچە مۇنداق خاتىرە بار: «(شۈەنزوڭ خان) ماھىر نەققاشتىن ئالتە كىشىنى (تۈرك خانلىقىغا) ئەۋەتتى. ئۇلار تۈرك خانلىقىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەيران قالارلىق سۈرەت - نەقىشلەرنى ئويدى» دېيىلگەن. دېمەك، كۆل تېكىننىڭ قەبرە

① يۇ تەيشەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىيات شىركىتى، خەنزۇچە، 1996 - يىل، نەشرى، 222 - بەت.


www.uyghurkitap.com



قۇرۇلۇشىغا خەنزۇ بىناكارلارمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسالغان. «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئۆزىدە كۆل تېكىننىڭ تەزىيە مۇراسىمىغا ئەتراپتىكى خانلىقلاردىن ھال سورىغۇچىلارنىڭ كەلگەنلىكى، تەزىيە مۇراسىمىنىڭ ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەنلىكى خاتىرىلەنگەندىن سىرت يەنە قەبرە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: « . . . ئىمارەت ياسايدىغان ئۇستىلار، نەققاشلار، پۈتۈك تاش ياسايدىغان ئۇستىلارنى باشلاپ تابغاچ خاقانىنىڭ جيەنى چاڭ سانغۇن كەلدى . . . كۆل تېكىن مايمۇن يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق. قەبرىسى، نەقىشى، تاش پۈتۈكى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى . . . بۇ خەتلەرنى كۆل تېكىننىڭ جيەن ئوغلى، مەنكى يوللۇغ تېكىن يىگىرمە كۈن ئولتۇرۇپ، بۇ مەڭگۈ تاش ۋە تامدىكى ھەممىسىنى يېزىپ چىقتىم»①. دېمەك تۈركلەردىمۇ ماھىر نەققاش ۋە بىناكارلار بولغان. تۈركلەر دەۋرىدە بىنا قىلىنغان ئىمارەتلەردە تاملارنى پۈتۈنلەي رەسىم ۋە نەقىش بىلەن بېزەش ۋە ئويما تۈۋرۈك چىقىرىش ئومۇملاشقان. بۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىدا كەم كۆرۈلىدۇ.

مىلادى 735 - يىلى ( كۆل تېكىننىڭ قەبرە قۇرۇلۇشىدىن ئۈچ يىل كېيىن) بىنا قىلىنغان بىلگە قاغاننىڭ قەبرە قۇرۇلۇشىمۇ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشقىمۇ خەنزۇ بىناكارلار قاتناشقان. بۇ ھەقتە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئۆزىدە مۇنداق مەلۇمات بار: «تابغاچ خاقانىدىن

① «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 90-، 91- بەتلەر.



9 - رەسىم — تۈركلەرنىڭ دىنىي قۇرۇلۇشلىرى

تۇرغۇن نەقىقاشلارنى كەلتۇردۇم. (ئۇلار) مېنىڭ سۆزۈمنى قايتۇرمىدى. (ئۇردا) ئىچىدىكى نەقىقاشلارنى ئەۋەتتى. ئۇلارغا ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش سالدۇردۇم. ئىچى - تېشىنى ئاجايىپ نەقىشلەتتىم، تاش تىكلەتتىم. كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئويدۇردۇم». تۈركلەر نەقىشنى «بەدىز»، نەقىقاشنى «بەدىزچى» دەپ ئاتىغان[1]. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «بىلگە قاغان (مەڭگۈ تاش) تېكىستىنى مەنكى يوللۇغ تېكىن يازدىم. بۇنچە كۆپ قۇرۇلۇش، نەقىش، ئىسىل . . . بىلگە قاغاننىڭ جيەن ئوغلى مەنكى يوللۇغ تېكىن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم، زىننەتلىدىم» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن يوللۇغ تېكىننىڭ كاتىپ بولۇپلا قالماي يەنە ئۇستا خەتتات، نەقىقاش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى بايانلار گەرچە تۈركلەرنىڭ قەبرىچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «تۈركلەردە ئادەم ئۆلسە قەبرىسىمۇ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئۆيىگە ئوخشىتىپ ياسىلاتتى. بۇ ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۆلمەي ئۆز ئۆيىدىكىدەك ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى»[2] دېگەن بايانلارغا ئاساسلانغاندا ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

## ئوردا

«سۇينامە — تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە سۇي ياڭدىنىڭ تۈركلەرنىڭ يامىي قاغانى تۇرۇشلۇق جايغا بارغاندا يازغان مۇنۇ بىر


① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 13 ـتوم، 2ـجىلد؛ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 88- بەت؛ «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»غا قاراڭ.

② ئا. مەخسۇت: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر قەبرىچىلىكى ھەققىدە بايان»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1994 - يىل، 17 - ئاۋغۇستتىكى سانى.

كۆپلىت نەزمىسى خاتىرىلەنگەن:

ئۆتكەلدە چوڭ بايراقلار لەپىلدەر،
ئوردا مەپىلىرى چوڭ هويلىدا قاتىنشار.
بىردەمدىلا نۇرغۇن چېدىر تىكىلەر،
ئىشىكلىرى مەشرىق تامان ئېچىلار.

دېمەك، تۈركلەرنىڭ ئوردىسى هويلىلىق قورۇلۇش تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ قورۇلۇش مۇئەسسەسەلىرى چېدىرلارنى ئاساس قىلغان «چېدىرلار توپى» دىن



10 ـ رەسىم: تۈرك ئوردىسى (بۇ رەسىم «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك مەدەنىيىتى ۋە ئىسلامغا كىرىش، دېگەن كىتابتىن ئېلىندى)

ئىبارەت كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى. قاغان چېدىرىنىڭ ئالدىغا بۆرە بېشىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن بايراق قادايتتى. «سۈينامە» دە خاتىرىلىنىشىچە تۈرك ئوردىسىدا مىڭ ئادەم سىغىدىغان بىر چوڭ چېدىر بولغان.

«كونا تاڭنامە — غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «شىبەر تەختكە چىققاندىن كېيىن، زېمىننى كېڭەيتىشكە كىرىشكەن . . . كۇسەنىنىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغدا ئوردا قۇرغان (بۇ ئوردىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەنزاڭ كۆرگەن ۋە خاتىرە قالدۇرغان) . . . كېيىن ئوردىسىنى تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاققا يۆتكىگەن» دېيىلگەن. دېمەك، تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسىمۇ يۆتكىگىلى بولىدىغان ئوردا — چېدىر بارگاھتىن ئىبارەت ئىدى. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە تۈركلەرنىڭ قاغانى تۇرۇشلۇق جاي «قاغان بارگاھى»، يەنى «可汗乐帐»، «牙帐»، «毡帐»، «牙» دەپ يېزىلغان. «...سخەي» دە بۇ سۆزلەرنىڭ چېدىر ياكى كىگىز ئۆيلەردىن تەركىپ تاپقان بارگاھنى كۆرسىتىدىغانلىقى يېزىلغان.

شەرقىي رىم تارىخچىسى مېناندېرنىڭ يېزىشىچە زېماركوس قاتارلىقلار قاغاننىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا بارغاندا ئۇلار ئىستەمىنىڭ ئوردىسىنى كۆرگەن. بۇ ئوردا بىر جىلغىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى ئالتۇنتاغ ئوراپ تۇرىدىكەن. زېماركوس ئۇ يەرگە يېتىشى بىلەنلا قاغان ئۇنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەن. ئۇلار قاغاننىڭ كىگىز ئۆيىدىن ياسالغان ئوردا ئىچىدىكى بىر ئالتۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا ئىككى چاق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنى قوزغاشقا توغرا كەلسە ئىككى ئات تارتىدىكەن. بۇ كىگىز ئۆي رەڭگا - رەڭ توقۇلمىلاردىن ياسالغان چىملىدىقلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ناھايىتى نەپىس توقۇلغانىكەن. ئىككىنچى كۈنى قاغان ئۇلارنى باشقا بىر ئۆيدە

قوبۇل قىلغان. بۇ ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگىمۇ تۇرلۇك چىرايلىق يىپەك توقۇلمىلار ئېسىلغان بولۇپ، ئۇستىگە خىلمۇ خىل ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۇرىتى كەشتىلەنگەن. ئىستەمى ئولتۇرغان كارىۋات پۇتۇنلەي ئالتۇندىن ياسالغان، كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان جام، مەي چەينىكى ۋە مەي قاچىلانغان كۇپلەرمۇ ئالتۇندىن ياسالغانىكەن. ئۇچىنچى كۈنى يەنە بىر ئۆيدە زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ كىگىز ئۆينىڭ تۈۋرۈكى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، قاغان ئولتۇرىدىغان تەختمۇ ئالتۇندىن ياسالغان تۆت تۇزنىڭ ئۇستىگە ئورنىتىلغان. يىغىن بولىدىغان بۇ جاينىڭ ئالدىغا نۇرغۇن هارۋىلار توختىتىپ قويۇلغان[1]. دېمەك، تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئوردىسى چېدىر شەكىللىك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيدىن ئىبارەت بولغان ھەمدە بىر قانچە قوشۇمچە چېدىر شەكىللىك كىگىز ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان. قاغاننىڭ ئىككى ئات تارتىدىغان ئالتۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىدىن قارىغاندا بۇ يەردىكى قاغان ئوردىسى ۋاقىتلىق قارارگاھتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرۋاقىت كۆچۈش تەييارلىقىدا تۇرغان. «سۇينامە. 84 ـ جىلد، شىرۋىلەر تەزكىرىسى» دە: «ئۇلار (شىرۋىلەر) نىڭ كالا ھارۋىسىغا ئورنىتىلغان دۇگىلەك ئۆيلىرىنىڭ شەكلى خۇددى تۈركلەرنىڭ كىگىز مەپىلىرىگە ئوخشايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىدىن قارىغاندا تۈركلەردىمۇ بۇ خىل ئۇستىگە كىگىز ئۆي قۇرۇلغان ھارۋىلارنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ (بۇ خىل ھارۋىلار بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ‹چېدىر ھارۋا› دەپ ئاتالغان. شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ‹چېدىر ھارۋا› رەسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ 11ـ

[1] ۋالف جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1 ـ قىسىم 360 ـ بەت. ھېنرى يۇلېنىڭ: «قەدىمكى جۇڭگودا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ توم، 209 ـ بەتتىن ئېلىنغان نەقىل.



11- رەسىم — شىنجاڭ قىياتاش رەسىملىرىدىكى ‹چېدىر هارۋا› كۆرۈنۈشلىرى

رەسىم). دېمەك، تۈرك قاغانىنىڭ ئوردىسىمۇ مۇشۇ خىل قۇرۇلۇش تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنىدى. شۇنىڭدىن 60 يىل كېيىن شۈەنزاڭمۇ بۇ يەرگە كەلگەن، ئۇ كۆرگەن ئەھۋاللار زېماركوسنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، بۇلارنى ئۆزئارا دەلىللەش ۋە تولۇقلاشقا بولىدۇ. شۈەنزاڭنىڭ يېزىشىچە: «‹غەربىي تۈرك قاغانى› بىر چوڭ چېدىردا تۇرىدىكەن، چېدىر ئالتۇن گۈللەر بىلەن بېزەلگەن

بولۇپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىكەن. چوڭ ئەمەلدارلار قاغاننىڭ ئالدىدا ئىككى قاتار بولۇپ ئولتۇرىدىكەن. ھەممىسى كىمخاپ تون كىيىدىكەن. ياساۋۇللار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تىك تۇرىدىكەن قارىماققا، ئۇ ئۇستى يۇمىلاق كىگىز ئۆيدە تۇرىدىغان قاغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەن سەلتەنەتلىك ئىكەن»[1]. بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا بىزەكچىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى شۇنداقلا غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## شەھەر قۇرۇلۇشى

كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركلەر بارا - بارا قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ، سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. تۈركلەرنىڭ پېرسىيە، شەرقىي رىم بىلەن بولغان دىپلوماتىيىسى ئۇنىڭ يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تۈرك قاغانلىرىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ شۇنچە ھەشەمەتلىك بولۇشىدىن ئۇلارنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزىگە ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن چوڭ - كىچىك نۇرغۇن شەھەرگە ئىگە بولغان. ھەمدە مۇشۇ شەھەرلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچىنى

① خۇي لى: «ئۇلۇغ مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى ئۈچ نوم ئۇلىماسىنىڭ تەرجىمالى»، 2 - جىلد.

تۇرغان. سۇيئاپ بىلەن خۇراسان تۈركلەرنىڭ ئىككى چوڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە سۇيئاپ شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 6 — 7 چاقىرىم بولۇپ، ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانىدى. خۇراساننىڭ شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى 8 — 9 چاقىرىم بولۇپ، بۇ شەھەردىمۇ ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. سودىگەرلەر ئارىسىدا سوغدىلارنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار سودا، رەستە - بازار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈركلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايانغان. تۈركلەر بولسا شەھەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا سوغدىلارغا تايانغان. بولۇپمۇ يىپەك سودىسى تۈركلەر بىلەن سوغدىلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەھەرلەر ئاۋاتلىشىپلا قالماستىن، بەلكى كۆلىمىمۇ كېڭەيگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركلەرگە مەنسۇپ دەپ قارالغان شەھەرلەردىن توغۇبالىق، بارسغان، ئاتبېشى، مانكەند، چىگىرچىك، مىڭبۇلاق، ئاقسۇ، ئاشبارا، چىمكەنت، نىجكەنت قاتارلىقلار بار. بۇ شەھەرلەر ئىچىدە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى بارسغان يوللىرى تەكشى، ئۆي - ئىمارەتلىرى رەتلىك سېلىنغان چوڭ شەھەرلەردىن بىرى ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ مەۋجۇت[1]. چىمكەنت مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى سالقىن شەھەر بولۇپ، «گۈزەل شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

① «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى» (ئەنقەرە)، 22 - توم.

مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارمۇ مەدەنىيەت، سەنئەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۇلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلغان. تارىختىن بۇيان ئىناق - ئىجىل ۋە قوشنا رايونلاردا ياشاپ كەلگەن بىر قىسىم ئورۇغ - قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئاساسىدا قوبۇل قىلىش، شاللاپ چىقىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان. شۇڭا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمدىنلا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە قارىغاندا تېز تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان بىر مىللەتكە ئايلىنالىغان.

مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. . . ھەر بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىر مۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. مەن ئۇلاردىن ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم. ئۇرۇق ئايماقلىرىنى تاشلىدىم» ھەمدە ئۇلارنىڭ ناملىرىنى تەرتىپ بويىچە يېزىپ چىقىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى يەنە: «بەزىلەر پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى تۈرك ئېلى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ‹يەنكەنت — yənkənd› تىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى ‹مىس شەھرى — diz ruyin›دۇر. ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قاراپ شۇنداق دېيىلگەن. . . پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر، يەنكەنتتىن شەرقىچە بولغان جايلارنى تۈرك شەھەرلىرى دېيىشىمىزنىڭ دەلىلى شۇكى، ‹سەمەرقەنت — səmərkəndb›، ‹سەمىزكەنت — səmizkənd› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹شاش — xax›، ‹تاشكەنت — taxkənd› دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ‹ئۆزكەنت — ozkənd›، ‹تۇنكەنت — tunkənd› دېگەن ناملارمۇ بار. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتى تۈركچە ‹شەھەر› مەنىسىدىكى ‹كەنت — kənd› سۆزى قوشۇلۇپ

www.uyghurkitap.com



ياسالغان. تۈركلەر بۇ شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ئۆزلىرى ئات قويغان»[①] دەپ يازىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئۇرۇغ - قەبىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئادىتى چوڭ پەرقلەنمەيتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق تارىخ تەتقىقاتىغا ياردىمى بولار دېگەن نىيەتتە بىز بۇ ئۇرۇغ - قەبىلىلەردىن شەھەر - بازارلىرى مەلۇم بولغان ياكى بىناكارلىق ئىشلىرى توغرىسىدا مەلۇم يىپ ئۇچى بولغانلىرىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

## ئوغۇزلار

«ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى شەھەرلەردە ۋە توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردە، بىر قىسمى قىردا ۋە سەھرادا، چېدىرلاردا ۋە ئوتاغ (چوڭ چېدىر) لاردا ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى تاشتىن، ياغاچتىن ۋە قومۇشتىن ياسالغان بىر شەھىرى بار ئىكەن»[②]. «ئوغۇزنامە» دە يېزىلىشىچە، ئوغۇزلار تامنى «تاغام» (بۇ خاس توپا تامغا قارىتىلغان)، تۈگلۈكنى «تۈگلۈق»، شەھەرنى «بالۇق»، ئۆينى «ئەۋ»، ئىشىكنى «قالىق، قاپۇ» دەپ ئاتىغان[③]. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە، ئوغۇزلار قۇدۇقنى «چات»، مۇنارغا ئوخشاش ئېگىز نەرسىلەرنى «سۈيران»، قوشنىنى «قونشى»، چېدىرنى «چاشىر»، دەپ ئاتىغان. ئىبنى فەزلاننىڭ

---

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 205 - بەت.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، (ئىچكى ژۇرنال) 1988 - يىل، 4 — 5 - سان.

③ «ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 -يىل نەشرى. N. A. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 224 - بەت.

سايەت خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئوغۇزلار بىر تۈرك
قەبىلىسى بولۇپ، كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن. يەر - يەردە
ئولارنىڭ قارا ئۆيلىرىنى كۆردۇق». «شەجەرەئى تۈرك» تە مۇنداق
دېيىلىدۇ: «ئوغۇزخان . . . چوڭ توي يارىغىنى قىلىپ، بىر
چېدىر (خىرگاھ ~ خەرگاھ — پارسچە) ياساتقۇزدى. ھەممە
ياغاچلىرىنى تېشىدىن ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى. لەئەل - ياقۇت،
زۇمرەت، فىرۇزە ۋە دۇر بىلەن بېزەتتى. بۇ ئۆينى تەرىپلەپ
مۇنداق بېيىت ئېيتىلدى:

بىر ئۆي تىكتى ئالتۇندىن ئول شەھرىيار،
كىم ئۇ ئۆي فەلەك ئۆيىدىن قىلدى ئار.

. . . ئوغۇزخاندىن كۆپ يۇرتلار، شەھەرلەر، ئەللەر ۋە ئۆلۈك
مالار، تىرىكماللار قالغانىدى . . . كۈن خان قۇرۇلتاي
چاقىرىپ ئوغۇزخان قىلدۇرغان ئالتۇن ئۆينى تىكتۇردى. ئوڭ ياقتا
ئالتە ئاق ئۆرگە (ئاق كىگىزدە قاپلانغان چېدىر)، سول ياقتا ئالتە
ئاق ئۆرگە تىكتۇردى. . . . ئۇلارنىڭ ‹قارا ئەۋلى› دېيىلىدىغان
بىر ئۆرۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى (قەيەردە ئولتۇرسا چېدىر
تىكىپ ئولتۇرغۇچى)» دېگەنلىك ئىكەن. ئىبنى فەزلان مۇنداق
دەيدۇ: «ئوغۇزلاردىن بىرى كېسەل بولۇپ قالسا ئۆيلىرىدىن
يىراقتا ئۇنىڭغا بىر ئۆي تىكىپ بېرىدىكەن. . . ئۆلگۈچە ياكى
ساقايغۇچە ئۇنى شۇ ئۆيدە ياتقۇزۇدىكەن. . . ئۆلۈكنى ئورىغا
ئولتۇرغۇزۇپ، ئورىنىڭ ئۈستىنى ياپىدىكەن. يەرلىكنىڭ ئۈستىگە
گۈمبەز ياسايدىكەن». مەھمۇت قەشقەرى ئوغوزلارنىڭ «قاراچۇق»
دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھىرى بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن
(«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 635 - بەت). بۇنىڭدىن
مەلۇمكى، ئوغۇزلارنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلغان. ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى كىگىز ئۆي (چېدىر) نى ئاساس قىلىسىمۇ لېكىن توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم ئاھالىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## قاڭقىللار

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازما يادىكارلىقى «يىگىرمە تۆت تارىخ» تا قاڭقىللارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ۋە تۇرمۇش ئادىتى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە بار: «قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دى (دىھار) لارنىڭ ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئاستانىسىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان سەردارى يوق. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئۇلار يەردە خالىغانچە ئولتۇرىدۇ، ئات بېرىپ تويلىشىشنى شەرەپ بىلىدۇ. ئاتنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىققاندا ئىگىسى ئېغىلنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاتنى شاپىلاقلاپ ئۇركىتىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئاشلىقى بولمايدۇ. ھاراق - شاراپ ئىشلەپ چىقارمايدۇ. قىز كۆچۈرىدىغان كۈنى مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، ئۇلار چېدىرنىڭ ئالدىدا قالايمىقان ئۈەم بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ كۈن بويى يەپ - ئىچىدۇ. مېھمانلارنى قوندۇرۇپ قالىدۇ. ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلغاندا گۆر كولاپ سۇپا ياسايدۇ. سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچىدۇ، تېرىدىن كىيىم - كېچەك كىيىدۇ. ئۇلارنىڭ هارۋىلىرىنىڭ چاقى بەك چوڭ، شادىسى ئەڭ كۆپ».

يۇقىرىقى تارىخي ماتېرىيالدىن قاڭقىللارنىڭ مەھەللىۋى ھالەتتە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، تۇرالغۇ ئۆيلىرى (چېدىرلىرى) مېھمانلارنى قوندۇرۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە چوڭلۇقىنى، ئېغىل - قوتان بىر يۈرۈش قىلىپ ياسالغان ئۆيلەردە تۇرىدىغانلىقىنى

كۆرۈۋالالايمىز. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارغا ئائىت قەبرىلەردىن چىققان ساپاللار، سۆڭەكتىن ياسالغان بېزەكلەر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن بۇيۇملار قاڭقىللارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم ئاساستا راۋاجلانغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ساپالدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە يارغولدىكى دەسلەپكى دۆرلەرگە ئائىت گەمە، يېرىم گەمە شەكلىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۇلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش كۆلىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## توققۇز ئوغۇزلار

بەزى ماتېرىياللاردا توققۇز ئوغۇزلار ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ دېيىلگەن. لېكىن، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى دېگەن نام يېقىنقى زاماندا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياشىغان جايغا قارىتا ئېيتىلغان جۇغراپىيىلىك نامدىن ئىبارەت. تارىخىي ماتېرىياللاردا بولسا توققۇز ئوغۇزلار بىر قەبىلە - مىللەت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. بىز بۇ يەردە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر بويىچە ئايرىم قەبىلە - مىللەت شەكلىدە بايان قىلدۇق. ئەبۇ دۆلەفنىڭ رىسالىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئالاھىدە ئىبادەت قىلىدىغان ئىبادەتخانىلىرى يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر قەسرىدە ئىچىگە يۈز كىشى سىغىدىغان، ئالتۇندىن ياسالغان، ئون پەرسەخ نېرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر چېدىرى بار ئىكەن». گەردىزىنىڭ كۆرسىتىشىچە توققۇز ئوغۇزلار قاغانىنىڭ باش ئوردىسى «ئارق» شەھىرى يەنى، قاراشەھەر ئىدى. پەنجىكەنت مەملىكەتىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپ چىقىراتتى. شەھەر، كەنتلىرى كۆپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ «ئاددىي خەلق» دەپ ئاتالغان قىسمى «چېدىرلاردا ياشىغۇچى چارۋىچىلار» دىن ئىبارەت ئىدى. جەرىمانە ئېلىشقا توغرا كېلىپ قالغاندا «يېڭى كىگىز بىلەن قاپلانغان چېدىر» ئېلىناتتى. قاغان ئۆزى پاكارراق ياسالغان ۋە جۇڭگو تاۋار - دۇردۇنلىرى بىلەن قاپلانغان، كىگىزلەر سېلىنغان سارايدا تۇراتتى.

## باسمىللار

باسمىللار ئەسلىدە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى تاڭنۇر تاغلىق رايونىدا تاغنىڭ قاپتىلىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقانىدى. تۇتۇن سانى ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئىدى. تۇرغان جايى سوغۇق ئورمانلىق بولغاچقا قېيىن ياغىچى بىلەن ياسالغان ئۆيلەردە ئولتۇراتتى①.

## بۇلغارلار

ئىبنى فەزلاننىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە بۇلغارلاردا شەھەر يوق ئىدى. ئۇلار چېدىرلاردا ئولتۇراتتى. بۇ چېدىرلار «قۇببە» ياكى «بەيت» دەپ ئاتالغانىدى. قۇببە — ئاساسەن يۇمىلاق، كىگىز بىلەن قاپلانغان گۈمبەزلىك ئۆينى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ يېزىشىچە: «ھۆكۈمدارنىڭ ئۆيى ناھايىتى چوڭ ئىكەن، ئۇنىڭغا ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىكەن. ئىچى ئەرمەن شايىلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا رۇم يىپەكلىرى بىلەن بېزەلگەن بىر تەخت بار ئىكەن . . . ھۆكۈمدار بىر كۆلنىڭ بويىغا ھەربىي گازارما قۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ پات - پات ئېچىلىپ

① ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 147 - بەت.

ئورنىدىكى ۋە ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىلەر سېتىلىدىغان بىر بازىرى (يەرمەنكىسى) بار ئىكەن①. بۇلغارلار ئارىسىدا بەش مىڭ ئەر ۋە ئايالدىن تەركىب تاپقان بارانجەر دەپ نام چىقارغان چوڭ بىر ئائىلىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپتۇ ۋە ناماز ئوقۇيدىغان بىر ياغاچ مەسچىت ياساپتۇ». ئىبنى فەزلان قاتارلىقلار بۇ يەرگە كەلگەندە بۇلغارلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلارنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن گۈمبەزلىك چېدىرلارنى قۇردۇرۇپ بەرگەن②.

## قارلۇقلار

قارلۇقلارنىڭ ئۆيلىرى ئوتتا كۆيمەيدىغان بىر خىل ياغاچتىن ياسىلىدىكەن. بۇ ياغاچ ئۇلارنىڭ ئۆلكىسىدە كۆپ چىقىدىكەن. ئۇلارنىڭ تاملىرىدا مەشھۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ رەسىملىرى بولغان ئىبادەتخانىلىرى بار ئىكەن③.

## چىگىللار

«ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ 16 - بابىدا: «چىگىل — ئەسلىدە قارلۇقلارغا تەۋە بولسىمۇ، يەنىلا ئاھالىسى كۆپ بىر ئەل» دېيىلگەن. گەردىزى بارسخانغا بېرىش سەپىرىنى بايان قىلغاندا يار دېگەن جايدا چىگىللارنىڭ چېدىرلىرى بارلىقى ھەمدە يەنە سوغۇق شەھەردىن بارسخانغا بارغۇچە «يول بويىدا چىگىللارنىڭ

① ئىدىل دەرياسى بويىدا قۇرۇلغان بۇ يەرمەنكىنىڭ ئورنىدا كېيىنچە بۇلغار شەھىرى مەيدانغا كەلگەن.

② «ئىبنى فەزلاننىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1988 - يىللىق 4 - 5 - سان

③ «ئەبۇ دۇلەفنىڭ ‹رىسالە›، سىدىن تۈرك ئەللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1988 - يىل 4 - 5 - سان.

چېدىرلىرىنى كۆرگەنلىكى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىنى پۇتۇنلەي چىگىللار ئىگىلىۋالغانلىقى» نى تىلغا ئالغان. مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دەيدۇ: «چىگىل — ئۇچ تۇرك قەبىلىسىنىڭ نامى؛ بىرىنچىسى، بارسغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قوياس شەھەرچىسىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر. ئىككىنچىسى، تالاس شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدىغانلارمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، قەشقەردىكى بىر مۇنچە يېزا قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۇرك قەبىلىلىرىمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ»①. دېمەك، چىگىللار ئاھالىسى كۆپ، تارقالغان رايونى كەڭ بىر قەبىلە بولۇپ، ھەم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن، ھەم مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار يېزا - قىشلاقلارنى «ئۇلۇش»، تار كوچىنى «ئاست» (ast) دەپ ئاتىغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چىگىللارنىڭ شەھەرلىرىنى «شەھەرچە» دېگىنىگە قارىغاندا ئۇلار شەھەر تۇرمۇشىغا يېڭىلا كۆچكەن ۋە كىچىك تىپتىكى شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ماكانلاشقان. بۇلارغا ئاساسەن، بىز ئۇلارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى خېلى راۋاجلانغان دەپ ئېيتالايمىز.

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 511 - بەت.

چېدىرلىرىنى كۆرگەنلىكى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىنى پۈتۈنلەي چىگىللار ئىگىلىۋالغانلىقى» نى تىلغا ئالغان. مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دەيدۇ: «چىگىل — ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى؛ بىرىنچىسى، بارسغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قۇياس شەھەرچىسىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر. ئىككىنچىسى، تالاس شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدىغانلارمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، قەشقەردىكى بىر مۇنچە يېزا قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرىمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ»①. دېمەك، چىگىللار ئاھالىسى كۆپ، تارقالغان رايونى كەڭ بىر قەبىلە بولۇپ، ھەم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن، ھەم مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار يېزا - قىشلاقلارنى «ئۇلۇش»، تار كوچىنى «ئاست» (ast) دەپ ئاتىغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چىگىللارنىڭ شەھەرلىرىنى «شەھەرچە» دېگىنىگە قارىغاندا ئۇلار شەھەر تۇرمۇشىغا يېڭىلا كۆچكەن ۋە كىچىك تىپتىكى شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ماكانلاشقان. بۇلارغا ئاساسەن، بىز ئۇلارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى خېلى راۋاجلانغان دەپ ئېيتالايمىز.

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 511 - بەت.

# تۆتىنچى باب
# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىناكارلىقى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 646 - يىلىدىن مىلادى 840 - يىلىغىچە پايانسىز موڭغۇل دالاسىدا دەۋر سۈرگەن، ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بىر خانلىق ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ خانلىقنىڭ تۇرمۇش ئادىتى: «قەيەردە ئوت - چۆپ، سۇ بولسا شۇ يەرگە كۆچۈپ»، «كەپە ۋە كىگىز ئۆي» لەرنى ماكان قىلىپ ياشايدىغانلار دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ سۆزنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ كېلىشى نەتىجىسىدە، كىشىلەردە بۇ خانلىقنىڭ شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىگە، يايلاقتىكى بۇ تارقاق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنىڭ كۈچلۈك خاقانلىق بولۇپ ئۇيۇشقان چاغدا ئاۋات شەھەرلەرنى بىنا قىلغانلىقىغا سەل قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش شەكىللىنىپ قالغان①.

بىر مىللەتكە نىسبەتەن مەيلى ئۇ ئۇياقتىن - بۇياقا كۆچۈپ يۈرسۇن، ياكى ئۇزاق مۇددەت بىر جايدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرسۇن، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئولتۇراق ئۆيدىن

① ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 1 - بەت.

ئايرىلالمايدۇ. بەلكى كۆچمەن ئەللەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى قۇرۇلما، بوشلۇق، ئورۇنلاشتۇرۇش، ماتېرىيال قاتارلىق جەھەتلەردە، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئەللەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئۆزلىرىنىڭ قالاق ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش شەكلىدىن خېلىلا ئىلگىرى كەتكەن. چۈنكى، بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى چۈۋۈش قۇراشتۇرۇشقا ئەپلىك، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق، ماسلىشىشچان.

ئەلۋەتتە مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان شەھەر خارابىلىرىمۇ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شەكلىدىكى تۇرالغۇ ۋە باشقا ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ مەلۇم بىر جايدا توپلىشىپ ياشىغان ئىنسانلارنىڭ قايتا - قايتا، كۆپلەپ بىنا قىلىشى نەتىجىسىدە ئاپىرىدە بولغان. بىزنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىز قەدىمكى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، بىنا (ئۆي) نىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈنكى، قەدىمكى دەۋردە كىشىلەر ئۆي سالغاندا ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. بىناكارلىققا نىسبەتەن قويۇلىدىغان ئېستېتىكىلىق تەلەپ تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ماتېرىيالچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كېيىنچە پەيدا بولغان. دېمەك، قاراڭغۇ ھەم كۆرۈمسىز بولغان توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ياكى گەمىلەر مەيلى شەكىل، ئۇسلۇب ياكى ئىشلىتىلىشچانلىق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ماتېرىيال جەھەتتىن بولسۇن، بىرقەدەر پۇختا قۇرۇلمىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چېدىر ئۆيلەردەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، چېدىر ئۆيلەردە ياشىغان قەدىمكى كۆچمەن ئەللەرنى بىناكارلىق جەھەتتە تەرەققىي قىلمىغان دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن چېدىر ئۆيلەردە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەلئە - شەھەر خارابىلىرى ۋە قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ماددىي بۇيۇملارغا ساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ مەخسۇس رودا قېزىش ۋە سېتىل تاۋلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا خۇمدانچىلار، تۆمۈرچىلەر ۋە زەرگەرلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە ئاساسلىق تۈگمەن تېشى ياسايدىغان، ھەر خىل قەبرە ئابىدىلىرىنى، ئادەم ھەيكەللىرىنى ئويىدىغان تاشچىلار ۋە ئويمىكەشلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۆڭەككە خەت ئويىدىغانلار، رەسساملار، بىناكارلار، بەدىزچىلەر (نەققاشلار)، توقۇمىچىلار بار ئىدى. شەھەر بازارلاردىكى قول سانائەتتىن سىرت چارۋىچىلار ئارىسىدىمۇ ئەنئەنىۋى كۆن - خۇرۇم ياساش، ياغاچچىلىق، كىگىز بېسىش، چىغدان (كىگىز ئۆينىڭ ئىشىك پەردىسى) توقۇش، بورا توقۇش، يىپ ئىگىرىش، قۇر — ئارقان ئېتىش قاتارلىق ھۈنەرلەر مەۋجۇت ئىدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىش ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسى جەھەتتە تەرەققىي قىلغان بولۇپلا قالماي، يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇلار تامامەن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە قەلئە - شەھەر قۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بىناكارلىق تېخنىكىسىغا ئىگە ئىدى. روشەنكى، بۇ ھال ئۇيغۇر خانلىقىدا زور تۈركۈمدىكى شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىنىڭمۇ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتكەن.

## تۇرالغۇ

ئەلۋەتتە، تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتە ئۆزلىرىگە كۆچمەن

چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلىنى تاللىۋالغان بۇ خانلىقنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئولتۇراق ئۆي ۋە باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ چارۋىچىلىقنىڭ ئېھتىياجىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىشى شەرت ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھەر بىر قەبىلە ئەزەلدىن تارتىپ «چاقى يوغان، ئېگىز ھارۋىلارغا چېدىر ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بېسىشىپ، ئوت - چۆپ ۋە سۇ بار جايلارنى قوغلىشىپ» ، ئۆز تەۋەسىدە قەيەردە ئوت - چۆپلىرى بولۇق، سۈيى ئەلۋەك جاي بولسا شۇ يەرگە چېدىر تىكىپ، «تېرىنى كىيىم، گۆش بىلەن سۈتنى يېمەك - ئىچمەك قىلىپ، چېدىر ۋە كەپە ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ» تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئېلىپ يۈرۈشكە جۈملىدىن چۇۋۇش - قۇراشتۇرۇشقا ئەپلىك بولغان كىگىز ئۆيلەرنى تۇرالغۇ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇلار ئۇرۇق - جەمەت بويىچە ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرگە كۆچۈپ بېرىپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشاتتى، پادا باقىدىغان ھەرقايسى نۇقتىلاردا بىرنەچچە ياكى نەچچە ئون كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەن بولاتتى. كىگىز ئۆينىڭ سانى ئوتلاقنىڭ سۈپىتىگە قاراپ ئاز ياكى كۆپ بولاتتى.

كىگىز ئۆينىڭ شەكلى ئادەتتە ئۈچ خىل بولاتتى. بىرىنچى خىلى ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ، كونۇس شەكلىدە يەنى چوققىسى ئۇچلۇق قىلىپ ياسىلاتتى. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى بىرقەدەر ئاددىي بولۇپ، ئالدى بىلەن بىر تال خادا (تۈۋرۈك) تىكلەپ بادىرىلارنىڭ ئۇچىنى شۇنىڭغا يۆلەپ تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ ياكى بولمىسا ئۇچى ئاچىماق بولغان بىر تال ئۇزۇن بادىرىنىڭ ئاچىمىقىغا يەنە بىر تال بادىرىنى مىنگەشتۇرۇپ، ھەر ئىككىسىنى قىيپاش ھالەتتە تۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن باشقا نۇرغۇن بادىرىلارنى شۇنىڭغا يۆلەپ تۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاخىرىدا بادىرىلارنىڭ بىر - بىرىگە مىنگەشكەن يېرىنى تاسما بىلەن باغلاپ

بېكىتىش ئارقىلىق ئۆي قۇرۇلمىسىنى تۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن ئۈستىدىن كىگىز بىلەن چۈمكەپ، ئارقان ياكى قۇر بىلەن باستۇرۇپ باغلىنىدۇ. بۇراندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئەتراپىغا قوزۇق قېقىپ ئۆينىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ باغلانغان ئارقان بىرقانچە تەرەپتىن شۇ قوزۇققا مەھكەم باغلىنىدۇ. قار يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئۆي ئىچىگە ئېقىپ كىرىپ كەتمەسلىكى ۋە ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ مەھكەم بولۇشى ئۈچۈن ئۆينى چۆرىدەپ تېرىلارنىڭ تۇۋى توپا ياكى تاشلار بىلەن باستۇرۇلۇپ قويۇلىدۇ. ئۇ بىرقەدەر ئىپتىدائىي شەكىلدىكى چېدىر ئۆي بولۇپ، نامرات ئائىلىلەر ئاساسەن مۇشۇ خىل ئۆيلەردە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى كەرگۈلۈك بولۇپ، ئوۋۇق (كىگىز ئۆينىڭ تىرەك ياغىچى، يۇقىرىقى شەكىلدىكى چېدىر ئۆينىڭ بادرىسى بىلەن ئوخشاش رولى بار. بىراق، ئوۋۇق مەخسۇس تەييارلانغان بولۇپ، بىر ئۇچى كەرگۈگە، يەنە بىر ئۇچى چاڭغىراققا ئورنىتىلىدۇ) لارنىڭ بىر ئۇچى كەرگۈگە (كەرگۈ — مەخسۇس تەييارلانغان تورسىمان ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، چېدىر ئۆينىڭ تېمى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە چېدىر ئۆيلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى كەرگۈنىڭ سانى بويىچە مانچە كەرگۈلۈك، ئانچە كەرگۈلۈك دەپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر تەرىپى يەنى زەگۇندىلىك تەرىپى يەرگە بېكىتىلىپ، مۇستەھكەم ئورنىتىلىدۇ. ئۈستى تەرىپىگە ئوۋۇق ئورنىتىلىپ سىڭگىر ياكى تاسما بىلەن كەرگۈگە باغلاپ قويۇلىدۇ) ئورنىتىلىدۇ، يەنە بىر ئۇچى چاڭغىراقتىكى ئالدىن تەييارلانغان تۆشۈكلەرگە كىرگۈزۈپ قويۇلىدۇ. چاڭغىراق يېرىم شارسىمان، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئوۋۇقنىڭ كەرگۈ بىلەن چاڭغىراق ئوتتۇرىسىدىكى يانتۇلۇقىغا ماسلىشىپ، قارىماققا پۈتۈن ئۆي گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل چېدىر ئۆينىڭ ئۆي ئىچى بوشلۇقى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ. ئۆينىڭ ئۈستىدە يەنى

چاڭغىراقنىڭ ئوتتۇرىسىدا هاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە يورۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئۆتەيدىغان تۈڭلۈكى بولىدۇ. بۇ خىل چېدىر ئۆيلەردە هاللىق چارۋىچىلار ۋە بايلار ئولتۇرىدۇ. ئۈچىنچى خىل كىگىز ئۆي مەخسۇس يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، خان - پادىشاهلارنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ، «ئوتاۋ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كىگىز ئۆيلەر چوڭ هەم هەشەمەتلىك ياسىلىدۇ. ئەتراپىغا يەنە «ئوتاۋ» نى مەركەز قىلىپ كىگىز ئۆيلەر تىكىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدا يەنە «ئۈستىگە كىگىز ئۆي قۇرۇلغان تۆت چاقلىق هارۋىلارمۇ بار ئىدى»①. بۇ خىلدىكى هارۋىلار «چېدىر هارۋا» دەپ ئاتالغان. مىلادى 843 - يىلى ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن تاڭ سۇلالىسىغا قايتقان مەلىكە تەيخې ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى مانا شۇنداق نەچچە ئونلىغان چېدىر هارۋىغا ئولتۇرۇپ كەلگەن②. بۇ ئادەتتە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ياكى ئەمەلدارلارنىڭ «ئۆيى» بولۇپ، كۆچۈش جەريانىدىمۇ چۇۋۇلمايدۇ. ئادەتتىكى كىگىز ئۆيلەر بولسا چۇۋۇلۇپ تۆگە ياكى ئات - كالىلارغا ئارتىپ توشۇلىدۇ، مەنزىلگە يەتكەندە يەنە قۇراشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. كىگىز ئۆيلەرنىڭ شامال چىققاندا ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەتراپىغا قوزۇق قېقىلىپ ئارقان (قىلدىن ئېشىلگەن ئارغامچا) بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ. كىگىز ئۆينىڭ ئۈستى مەخسۇس ئىشلەنگەن كىگىز بىلەن يېپىلىپ، ئۈستىدىن قۇر (يۇڭ يىپتا هەر خىل كەڭلىكتە توقۇلغان ئارغامچا) ۋە ئارقان بىلەن چىڭ تېڭىلىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى گەرچە چارۋىچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ لېكىن يايلاقتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىق ۋە كۆكتاتقا بولغان تەلىپى دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئېشىپ

① ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل 154 - بەت.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 247 - جىلد.

يارىتان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي ھالدا يايلاقتىمۇ بىر قىسىم قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە يېزا - ئىگىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.



11 - رەسىم — ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چېدىر ئۆيى

بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئارخېئولوگلارنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئورخۇن، سېلىنگا ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىدىن دېھقانچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت نۇرغۇن پاكىت ئىزلىرى تېپىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە سودا مەركىزىلا بولۇپ قالماي يەنە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. ئارخېئولوگلار بۇ جايدىن نۇرغۇنلىغان دېۋىرقاي، مىس پارچىلىرىنى تاپتى. بۇلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مەلۇم

تەرەپلىرى ئۆچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللار ئىدى. بۇ خارابىلەردىن يەنە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يارغۇنچاقلا ئوخشاش ئەسۋابلارمۇ كۆپلەپ تېپىلدى. دېھقانچىلىق رايونى ئاساسەن سېلېنگا ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىغا تارقالغان بولۇپ، بۇغداي بىلەن ئارپا ئاساس قىلىنغان. يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى نوپۇس نىسبەتەن زىچ ھەم مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ياغاچ-تاش، توپا-ياغاچ قۇرۇلمىلىق چىدامىلىق ئۆيلەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتتى. ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بۇنداق ئۆيلەرنى «ئەب — ئەۋ» دەپ ئاتىغان. بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى ئورخۇن يەنسەي يېزىقلىرىدا «əv bark» دەپ يېزىلغان. دېمەك، بۇ خىل ئۆيلەرمۇ دەسلەپتە كىگىز ئۆيلەرگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئاستا-ئاستا توپا- ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۆز تورۇسلۇق چاسا ئۆيلەرگە تەرەققىي قىلغان. ياغاچ-تاش، ياغاچ- توپا قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، تۇرمۇش قوشۇمچە مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولۇپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئېھتىياجىغا ماسلاشقان بولىدۇ. ئۇ ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق تۇرالغۇ ئۆيلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەۋ بارق» (əv bark) دەپ ئاتىلىپ، ئۆي ۋاق يەنى ئۆي ۋە باشقا مال - مۈلۈك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەرنى بىلدۈرگەن. شۇڭا، بۇ خىل تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ئاتاشتا توپا قۇرۇلمىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان «بارق» ئاتالغۇسى يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ. چۈنكى، «بارق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت ئۆينىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قوشۇمچە مۇئەسسەسەلىرىنىلا كۆرسەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شەكلىدىكى تۇرالغۇلارنى كۆرسەتكەن.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، تۈزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن توپلىشىپ ياشىغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، ئۆي ئىشلىرىنىڭ تولايلىق بولۇشىغا يېڭى بىر ئىرا ئېچىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇراقلىشىش تېخىمۇ كۆلەملەشكەن ۋە ئادەملەرنىڭ تۇراقسىز قونالغۇلارغا كۆچۈپ يۈرۈشتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە بولۇپ ياشاش جەريانىغا ئۆتۈشىنى تېزلەتكەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خەلقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تۆۋەندىكىدەك مەھەللىۋى شەكىللەردە ياشىغان:

1. تۆز. بۇ ئاتالغۇ قەبىلىدىكىلەر تۇتقان زېمىننى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۆزلەردە نۇرغۇن ئوتاغلار ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئون ئوتاغ بىر بىرلىك بولۇپ تەشكىل قىلىنىدۇ. ئوتاغ قۇخەكلەرنىڭ (ھۆكۈمدارلارنىڭ) تۇرالغۇسى بولۇپ، چوڭ ھەم ئېگىز ياسالغان كىگىز ئۆينى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، تۆز يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جاينى كۆرسىتىدۇ.

2. سوزاق. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى قەبىلىنىڭ جايلاشقان ئورناقلىرى (ئورۇنلىرى). سوزاق يەنى كەنت ياكى يېزا دەپ ئاتىلاتتى. سوزاق ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىدا، يېزا جامەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي بىرلىكى ئىدى.

3. ئەل. قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ يارىشىشى ياكى قوشۇلۇشىدىن ۋۇجۇدقا چىققان، «ئەل» نىڭ مەنىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەل — يارىشىش، سۈلھ؛

ئەل — ئۆلكە، ۋىلايەت، ئۇلۇش قاتارلىق جۇغراپىي رايون؛

ئەل — دۆلەت، مەملىكەت، ھۆكۈمەت، خانلىق؛
ئەل — خەلق، مىللەت، قوۋم، پۇقرا؛
ئەل — يۇرت، ۋەتەن، ھويلا ـ ئارام، بوشلۇق؛
ئەل — تىنچلىق، ئامانلىق؛
ئەل — ئات ۋە باشقىلار .

دېمەك، «ئەل» قەبىلىلەر ئىتتىپاقى زورىيىپ، بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتنىڭ ئومۇمىي شەكلىدىن ئىبارەت.

4ـ ئۇلۇش. ئەل تەۋەسىدىكى پۇتكۈل زېمىن جۇغراپىيىۋى ۋە مەمۇرىي ھەم ئاھالە تەركىبىگە قاراپ رايونلارغا بۆلۈنۈپ، «ئۇلۇش» ياكى چوڭراق بولسا «ئەل ئۇلۇش» دەپ ئاتالغان. «ئۇلۇش» ئەسلىدە «ئۇلۇك» دېگەن سۆزدىن تۇرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ مەنىسى ئەلنىڭ مەمۇرىي رايونى ياكى ئۆلكىسى، ئايرىم قەبىلىلەر تىلىدا «يېزا ـ قىشلاق»، «شەھەر» دېگەنلىكتۇر. كېيىنكى چاغلاردا «ئۇلۇش» «ئەل» دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مەملىكەت تۈسىنى ئالغان.

مەھمۇت قەشقەرى «ئۇلۇش» سۆزىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇش ‹ ulux › — يېزا، قىشلاق، چىگىلچە. بالاساغۇن بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئارغۇ شەھەرلىرىدە ياشىغۇچى خەلقلەر تىلىدا ‹ ئۇلۇش › شەھەر دېمەكتۇر. شۇڭا، بالاساغۇن ‹ قۇز ئۇلۇش › مۇ دېيىلىدۇ» . مەھمۇت قەشقەرى يەنە بۇ سۆزنىڭ «ئۇلۇش ‹ ülüx › ، ئۇلۇك، ئوق، ئۇنچە، ھەسسە، ئايرىش» قاتارلىق مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. قوچۇدىن تېپىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە *Qocu ulus ikii otuz balhq qutti* دېگەن خەتلەر بولۇپ، «قوچۇ دۆلىتى بىلەن 32 بالىقنىڭ بەختى. . . » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە «ئۇلۇش» سۆزى «دۆلەت، ئەل» مەنىسىدە كەلگەن.

5. يۇرت. «يۇرت» ئۇلۇش مەركىزىگە قارىتىلغان بولۇپ، «ئۇلۇش مەركىزى يۇرت» دېيىلگەن. قەدىمدە يۇرتنىڭ تۈپ مەنىسى «دۆلەت»، «يۇرت»، «ئۆي»، «تۇرالغۇ جاي» ئىدى. كېيىنچە مەنىسى كېڭىيىپ «تۇغۇلغان يېرى»، «ۋەتەن» ئۇقۇمىنىمۇ بېرىدىغان بولدى[①].

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدا ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر جۈملىدىن ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىناكارلىق تېخنىكىسى خېلى بۇرۇنلا مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قالىق»، «قالىما»، «قۇرىقان»، «قارىخ»، «قاپۇغ»، «قاپسى»، «قاراغۇ، قارغۇي» قاتارلىقناملارنىڭ ھەممىسى ياغاچ قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەتتە، توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردىن راۋاق، بالىخانا، چېدىر ئۆي، مۇنار، مۇرۇرا، قوتان، قاراۋۇل، تۇرا قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرگەن[②]. تامنى قەدىمدە «چىت» دەيدۇ. بۇ ئادەتتە ياغاچ ۋە شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ياكى قومۇش ـ بادرىلار بىلەن ياسالغان تامنى كۆرسىتىدۇ.

## ئوردا

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردىسى سېلېنگا دەرياسى بويىدا بولۇپ، خان ئوردىسى جايلاشقان بۇ جايدىكى شەھەرى «بايبالىق» دەپ ئاتالغان. ئۇ سىياسىي مەركەزلىك سۈپىتى بىلەن باشقا شەھەرلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئوردىسى تۈمىدنىڭ توغلا دەرياسى بويىدىكى بارگاھى (ئوتاۋى) دىن ئىبارەت ئىدى

① ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق سانلىرى.
② «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى».

(مىلادى 646 - يىلى). خانلىق قۇرۇلغاندا، كۆل بىلگە قاغان ئۆتۈكەن تېغى باغرىدا ئوردا قۇرغان. لېكىن، بۇ يەردىكى «ئوردا» شەكىل ۋە بىناكارلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى «سېپىل بىلەن قورشالغان، توپا قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغان، قەسىر - ئايۋانلاردىن تەركىب تاپقان» ئوردىدىن پەرقلىنىدۇ. يەنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئوردىسى ياغاچ قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۆلەم، مۇداپىئە مۇئەسسەسەلىرى، قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تۆۋەنرەك تۇرىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولماسلىقى، ئۇرۇش - يېغىلىقلارنىڭ توگىمەسلىكى سەۋەبىدىن مۇقىم ئوردا قۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان؛ ئىككىنچىدىن، ئەزەلدىن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بۇ خانلىقنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن كىگىز ئۆيدىن باشقا يەنە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى ياساش جەھەتتە تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، ۋاقىتلىق ئوردىلارنى ياسىغاندا مۇشۇ خىل بىناكارلىق تېخنىكىسىدىن پايدىلانغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇنداق ئوردىلار «ئۆرگىن»، «ئەل ئۆرگىنى»، «ئەل ئۆيى» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ خىل ئوردىلارنىڭ سېپىل - تاملىرى قاشا ياكى چىتلاق تامدىن ئىبارەت بولۇپ، روشەن ھالدا ۋاقىتلىق مۇداپىئە خاراكتېرىنى ئالغان. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى مۇنۇ بايانلاردىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىپ ئالالايمىز:

«يولۋاس يىلى (750 - يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز بېشىدا قاسار قۇردان ئۆرگىنى (ئوردىسى) نى ياساتتىم. ئوردا تېمى ياساتتىم (ئەسلى تېكىستتە چىت ئاتا

www.uyghurkitap.com



توقىتىدىم) شۇ يەردە يازلىدىم . . . ئەجدىھا يىلى 752 - يىلى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوڭۇز باسقان دېگەن مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە يازلىدىم. ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم. ئوردا تېمى ياساتتىم . . . (ئەسلى تېكىستتە ئۆرگىن ئانتا ياراتتىم، چىت ئانتا توقىتىدىم دېيىلگەن)، سىز بېشىدىكى پاسلىم ئىچىدە يازلىدىم (ئەسلى تېكىستتتە سىز باشى چىتىمىن يايلادىم دېيىلگەن) . ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلدىم . . . سەككىزىنچى ئايدا مەن ئۆيۇمنى (چېدىرىمنى، تېكىستتە ئەبىمىن دېيىلگەن) ئەرسەنگۈندە يولا دېگەن كۆل بويىغا ئورۇنلاشتۇردۇم» . . . ئورخۇن ۋە بالىقلىق دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا ئەل ئۆيى (خان ئوردىسى، ئەسلى تېكىستتە ئەل ئەبى دېيىلگەن) سالدۇردۇم، ئەل ئۆيىنى . . . سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنىگا دەرياسى بويىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم[1] . يۇقىرىدىكى بايانىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئەل ئۆيى» ، «ئەل ئۆرگىنى» دېگەنناملار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا «ئوردا» بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن. لېكىن، شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، بۇ ناملار بارگاھ شەكلىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشقا قارىتىلغان بولغاچقا، توپا - تاش قۇرۇلمىلىق، قەلئە - سارايلىق ئوردىدىن شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى بايانلاردىكى «چىت» ، «توقىتماق» دېگەن سۆزلەر «قومۇش ۋە يىكەندىن توقۇلغان تام» ، «قومۇش ياكى شاخ - شۇمبىلارنى ياغاچ بادرىلارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تام ياساش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇنداق ئوردا قۇرۇلۇشى بايانچۇر قاغانىنىڭ خانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرۇپ چىقىش جەريانىدىكى ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللانغان. كۆچمە تەخت

[1] «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

ئەنئەنىسى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئادەتتىمۇ قىشلىق ۋە يازلىق ئوردىسى بولغان. يازدا ھاۋاسى سالقىن، ئوت چۆپلىرى بولۇق تاغ دەريا بويلىرىغا ياسالغان ئوتاغ (چېدىر بارگاھ) دا يازلايدۇ. ئوتاغلار ئادەتتە قاشا ۋە چىتلاق تام بىلەن قورشىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا قوشۇن بارگاھلىرى ئوتاغنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلىدۇ. خاقاننىڭ خاس خىزمەتچىلىرى ۋە قىسمەن چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىمۇ مۇشۇ دائىرە ئىچىگە تىكىلىدۇ. قىشتا سېپىل - تاملىق شەھەر - قەلئەلەرگە كۆچۈپ بارىدۇ. بۇنداق شەھەرلەر «بالىق» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ئوردىدىن ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگىچە توپا-تاش ياكى ياغاچ - توپا قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىدۇ. قەبىلە - جەمەت باشلىقلىرى چارۋىچىلار بىلەن بىللە بىر تۈركۈم خەلقنى ئېلىپ قىشلاققا كۆچىدۇ. قىشلاقتىكى ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىمۇ ياغاچ، تاش ياكى توپا تام قۇرۇلمىلىق بولۇپ، چارۋىچىلار كۆچۈپ كېلىپ، ئانچە - مۇنچە رېمونت قىلىپلا يىلمۇ يىل ئىشلىتىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردا قۇرۇلۇشى ئادەتتە قەسىر - ئايۋانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر يۈرۈش قوشۇمچە خانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا مەخسۇس خانلىق تەخت جايلاشقان ساراي ئالاھىدە ھەشەمەتلىك بېزەلگەن. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە ئوردۇبالىقتىكى ئوردا سارىيىنىڭ ھويلىسىدا پاكار خىش تاملار بار ئىكەن، تورۇسى ھەر خىل رەڭدىكى كۆركەم كۆرۈنۈشلەر بىلەن ناھايىتى رەتلىك بېزەلگەن. ئوردا ئۈستىگە يۈز ئادەم سىغىدىغان ئالتۇن چېدىر ياسالغان بولۇپ، شەھەردىن بەش پەرسەخ نېرىدىن

قارىسىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن[①]. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دە «ئۇيغۇر قاغانى راۋاقتا تۇرىدۇ» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە» 195- جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردىسى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بار: «توي كۈنى قاغان راۋاقتا چىقىپ شەرققە قاراپ ئولتۇرىدۇ، راۋاقنىڭ تۆۋىنىگە مەلىكىنىڭ تۆرۈشى ئۈچۈن كىگىز ئۆي تىكىلىدۇ. . . . مەلىكە راۋاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاغانغا قاراپ تەزىم قىلىدۇ. قاغان راۋاقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆزىتىدۇ. مەلىكە تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە كىگىز ئۆيگە كىرىپ خاتۇنلۇق كىيىمىنى كىيىپ چىقىپ يەنە خانىغا تەزىم قىلىدۇ. ئاندىن مەلىكىنى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئوردىنى توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەلىكە تەختىراۋاندىن چۈشۈپ راۋاققا چىقىپ قاغان بىلەن يانمۇ يان كۈن چىقىشقا قاراپ ئولتۇرىدۇ. بۇيرۇقلار تۆۋەندە تۇرۇپ خاتۇنغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. خاتۇننىڭ ئۆز بارگاھى بولىدۇ»[②].

دېمەك ئەزەلدىن كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادىتىگە ئىگە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىرى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ شەھەر بىنا قىلغاندىن كېيىنمۇ توپا-ياغاچ، ياغاچ-تاش، قۇرۇلمىلىق قەلئە-سارايلىق ئوردا قۇرۇلۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى چېدىرسىمان بارگاھ شەكلىدىكى ئوردا قۇرۇش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان. بەلكى بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى، تۇرمۇش ئادىتىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە ھوقۇق - ئىمتىيازلىرىنى نامايان قىلغان. يۇقىرىدىكى نەقىلدىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى، خان ئوردىسىنىڭ توپىنى چاڭداپ ياسالغان سېپىل بىلەن ئەمەس بەلكى قاشا - چىتلاقلار

① «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 1984 - يىل، 1 - سان.

② بۇ يەردە تەسۋىرلەنگىنى ئۇيغۇر قاغانى بىلەن مەلىكە تەيخېنىڭ توي مۇراسىمىدىن ئىبارەت.

بىلەن قورشالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## قەلئە ـ قورغان قۇرۇلۇشى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن نوپۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى ۋە باشقا ئامىللار تۈپەيلىدىن، ناھايىتى كۆپ ئۇرۇقلار ئاستا ـ ئاستا باشقا رايونلارغا تارقىلىپ، يېڭى ئوتلاقلارنى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئاقساقاللىرى ئۈچۈن بۇ يېڭى ماكانلىرىدا قەلئەلەرنى بىنا قىلغان. مەسىلەن، ئۇلار بۇگۇنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئالاسان ئېگىزلىكىدىكى ئېرگىنە دەرياسى ساھىلىدا «مەلىكە قەلئەسى» نى سالغان ۋە شۇ جايدا مال باققان. تەڭرى قاغان يولىنىڭ ياقىسىغا «مېيجيەن قەلئەسى» نى سالغاندى. ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى مۇشۇ جايدىمۇ چارۋا باقاتتى. يەنسەي دەرياسى ساھىلىدىكى توۋا ئويمانلىقىدىمۇ ئۇيغۇرلار قەلئە ياساپ چارۋا باققان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى شۇ يەردىكى ئون ئىككى ئورۇندىن ئۇيغۇرلار ياسىغان قەلئە خارابىلىرىنى تاپتى[①]. قەلئە ـ قورغانلار ئادەتتە ھەربىي قۇرۇلۇش تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، كۆپىنچە مۇداپىئە ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەلئە ـ قورغانلار پەقەت شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىغا ياسىلىپلا قالماستىن، يەنە خانلىقنىڭ چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ئوقتىلىرىغىمۇ ياسالغاندى. بۇ قورغانلار دەسلەپتە مۇداپىئە ئېستىھكامى سۈپىتىدە بىنا قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ بارا ـ بارا بازار ياكى

① گېشلوپ: «جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە بايقال كۆلي رايونىدىكى قەدىمكى شەھەر تۇرمۇشىغا ئائىت يېڭى ماتېرىياللار»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، 1960 ـ يىل، 2 ـ سان.

شەھەرلەرگە ئايلانغان. مەسىلەن، بايبالىق، خاتۇنبالىق . . . قاتارلىق شەھەرلەر مانا شۇنداق مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا، بۇ چاغدىكى قەلئە ـ قورغانلار يالغۇز مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشدىن ئىبارەت بولۇپ قالماي يەنە سودا، قول سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلاتتى. شۇڭا، خانلىق تىكلەنگەن دەسلەپكى يىللاردا ئۇلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن شەھەرلەرنى بىنا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ۋە ئۇنداق قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئالىمىش «ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى شىمالىي يايلاق ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىلەردە يىگىرمە تۆت شەھەر قۇرغان» لىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇ «يىگىرمە تۆت شەھەر» نىڭ ھەممىسىلا شەھەر بولماستىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن يايلاق ۋە قىشلاقلارغا قۇرغان قەلئە ـ قورغانلىرىدىن ئىبارەت. ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بۇ قەلئە ـ قورغانلارنى «بالىق» دەپ ئاتىغان. «بالىق» دېگەن سۆزنىڭ يەنە «شەھەر» دېگەن مەنىسى بولسىمۇ لېكىن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە بۇ سۆز كۆپىنچە ئالدىنقى مەنىسىدە قوللىنىلغان. بايانچۇر قاغاننىڭ «سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم» دېگىنىدىنمۇ ئۇنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بىرشەھەرنى ئەمەس، بەلكى بىر قەلئە ياساتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە بولسۇن شەھەر ئالدى بىلەن مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى ھوقۇق مەركىزى بولغان. ئاندىن ھەرقايسى قاتلاملار بويىچە تەرەققىي قىلىپ شەھەرگە ئايلانغان. شەھەر بولۇش ئۈچۈن، ئۇ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغان بولۇشى، كەڭ دائىرىدە

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى كېرەك. كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن بۇ تەرەپلەرنى بىرلا ۋاقىتتا هازىرلاپ شەھەرنىڭ ئاساسىنى يارىتىش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس. شۇڭا، بايانچۇر قاغاننىڭ سۆزىنى يۇقىرىقىدەك چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، خانلىق هوقۇقنىڭ مەركەزلىشىشى، ئاهالىلەرنىڭ بارا - بارا توپلىنىشى، بازارلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، قوشۇمچە ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەرنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە بۇ قەلئە - قورغانلار تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ شەھەرگە ئايلانغان. تەتقىقاتچىلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ دەۋردىكى شەھەر - قەلئەناملىرىغا « 城 » خېتىنىڭ قوشۇپ يېزىلغانلىقىغا قاراپ ئۇنى «شەھەر» دەپ بىر تەرەپلىمە چۈشەنگەن. ئەمەلىيەتتە « 城 » نىڭ قەدىمكى مەنىسى «سېپىل، قەلئە» بولۇپ، سېپىل بىلەن قورشالغان شەھەر - قەلئەلەرگە قارىتىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «خاتۇن بالىق» ، «قۇنچۇي بالىق» . . . قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر قاغانلىرى مەلىكىلىرى ئۈچۈن بىنا قىلدۇرۇپ بەرگەن قەلئە ياكى قورغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. كېيىنچە بۇ قەلئەلەر بىر مەزگىل ئاۋاتلاشقان بولسىمۇ لېكىن هەر خىل ئامىللار تۈپەيلى تاشلىنىپ قالغان. يېڭىلا شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچكەن ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ مەلىكىلىرىگىمۇ شەھەر قۇرۇپ بەرگۈدەك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىزنىڭچە بۇ ناملارنى «خاتۇن قەلئەسى» ، «مەلىكە قەلئەسى» ، . . . دەپ ئاتىغان تۈزۈكرەك.

بايبالىقتىكى قورغان قۇرۇلۇشى كۋادرات شەكىلدە بولۇپ، كۆلىمى $260m \times 260m$ كېلىدۇ. قورغان ئەتراپى ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان تاش ۋە توپا دۇۋىسى بىلەن قورشالغان. قورغاننىڭ شىمال ۋە شەرقىي قىسىملىرىدا تاش توپا دۇۋىسىنى

بولۇپ، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان لاي تام ساقلانغان. قورغاننىڭ بۇلۇڭلىرىدا يېرىم سىلىندىر شەكىلدىكى قوقتىلار تامدىن چىقىپ تۇرىدۇ. قوقتىلارنىڭ ئۇلى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئەتراپى تاش، توپا دۆۋىسى بىلەن قورشالغان. قورغاننىڭ شىمالىي تېمىدا تام ئارىسىغا ئېلىنغان يەنە ئىككى قوشۇمچە قوقتا بار. جەنۇبىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورغان دەرۋازىسىنىڭ تۈۋرۈكى ساقلىنىپ قالغان. قارىغاندا قورغان دەرۋازىسى قورغان سېپىلىدىن ئېگىز ياسالغان بولۇپ، ياغاچ تۈۋرۈكلەر بىلەن ئۈستىگە كۆزىتىش راۋىقى ياسالغان بولسا كېرەك. قورغان قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا مەيدان بار. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى كۋادرات شەكلىنى ئالغان كۆلىمى، $33m \times 33m$ كېلىدۇ. جەنۇبىي قىسمى توغرا تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە، كۆلىمى $20m \times 33m$ كېلىدۇ. مەيداننىڭ شىمالىي قىسمىدا تۆت چاسا شەكىلدىكى ئۈچ ئىمارەتنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغان، ئۈستى كۆك رەڭ كاهىش پارچىلىرى بىلەن تولغان. تۈگزە كاهىشلىرىنىڭ پارچىلىرىدا قىزىل رەڭنىڭ ئىزى بار. ئۇنىڭ ئىبادەتخانا ئىكەنلىكىدە شەك يوق. مەيداننىڭ شەرق تەرىپىدە توغرا تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى ئىككى قورۇلۇشنىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان. مەيداننىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى ئىككى قورۇلۇشنىڭ ئۇلى، شېغىلدىن ھاسىل قىلىنغان تۆپىلىك ساقلانغان. دېمەك، بايبالىق شەھىرىدىكى قورغان قورۇلۇشى پەقەت مۇداپىئە خاراكتېرىنى ئېلىپلا قالماي، يەنە قورغان ئىچىدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ئۈچۈن قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەرمۇ ياسالغان.

ئوردۇبالىق شەھىرىدىكى قەلئە - قورۇلۇشى سېپىل ئىچىگە ياسالغان بولۇپ، مۇداپىئەسى ئىنتايىن پۇختا ئىكەن، كۆلىمى $600m \times 600m$ كېلىدىكەن. قورغان $10m$ ئېگىزلىكتىكى ئون تۆت

بۇلۇڭلۇق سىپىل بىلەن قورشالغان، ھەر بىر بۇلۇڭدا بىردىن قوقتا ياسالغان. قورغان ئىچىگە كۆزىتىش مۇنارى، ئوردا قۇرۇلۇشى، ھەربىي گازارما . . . قاتارلىقلار ياسالغان. قورغاننىڭ غەربىي تېمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قورغان ئىچىگە قارىتىپ باش پوتەي، ئىچ قورغانغا يانداپ يەنە بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار ۋە ئىبادەتخانا ياسالغان. شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە بىر قاراغۇ (كۆزىتىش مۇنارى، قاراۋۇل تۇرا) جايلاشقان بولۇپ، قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆپ قەۋەتلىك ئىكەنلىكى، ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى، ئەۋرەز (يۇندا چىقىرىش ئورنى) ئۈچۈن ساپال تۇرۇبا ئورنىتىلغانلىقى بايقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قاراغۇنىڭ ئىچكى قىسمى سېغىز لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان ۋە قاپارتما نەقىشلەر چىقىرىلغان.

بايىلىقتىكى قەلئە قۇرۇلۇشىدا قورۇق تام (سېپىل) بۇلۇڭلىرىغا قاتار قوقتىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قورغاننىڭ تۆت چاسا ۋە كۆپ تەرەپلىك سىپلىنىشى، دەرۋازىلىرىنىڭ سىپىل ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۇيغۇر قورغانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. قورغانلاردا پوتەي، ئىچ قورغان، ئىستىھكاملارنى قورغان تېمىنىڭ بۇلۇڭلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى قورغانلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل مۇداپىئەلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. تام بويلىتىپ قوقتا، ئىستىھكاملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قورغاننىڭ پۇختا مۇداپىئەلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بايىلىق قورغىنىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەركىزىي ئاسىيادا ئەڭ مۇكەممەل ھەربىي قۇرۇلۇش دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار ئۇرۇش ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ھەربىي يۈرۈش قىلىپ توختىغان جايدا ئايلانما گازارما

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تەييارلايتتى. تەمىم بىننى بەھرال ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئايلانما گازارمىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى تەپسىلى تەسۋىرلىگەن. ئۇ مۇنداق يازغان: «قاغان بارگاھىنىڭ ئەتراپىدىكى قوشۇن — باشقا جايلاردىكى ئەسكەرلەرنى ھېسابلىمىغاندا تەخمىنەن ئون ئىككى مىڭ كېلەتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئون يەتتە سەركەردە بولۇپ، ھەر بىر سەركەردىنىڭ ئون ئۈچ مىڭدىن ئەسكىرى بار ئىكەن. ھەر ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىغا بارگاھلاردىن تەشكىل تاپقان ھەربىي گازارما قۇرۇلغانىكەن. بۇلار بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ بىر چوڭ مۇھاپىزەت چەمبىرىكى ھاسىل قىلىدىكەن. ئۇنىڭ بىر چىقىش ئېغىزى بولۇپ، تۆت قاناتلىق دەرۋازىسى ھەربىي گازارما تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلىق تۇرىدىكەن. مال - چارۋىلار قاغان بارگاھى بىلەن قەبىلە سەركەردىلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئارىسىدا ئوتلايدىكەن، گازارمىدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيدىكەن»[1].

## دىنىي قۇرۇلۇشلىرى

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى شامان ۋە مانى دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مانى دىنى تارقىلىپ كىرىشكە باشلاپ، شامان دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. مىلادى 762 - يىلى مانى دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئۇيغۇرلار مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلغان ۋە ئالەمنىڭ ئىگىسى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق تەڭرىلىرى بولۇپ، يورۇقلۇق تەڭرىسى ياخشىلىقنى، قاراڭغۇلۇق تەڭرىسى يامانلىقنى قىلىدۇ دەپ قارىغان. بەلگە

[1] V. مىنورسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان سەپىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» خەنزۇچە، 1994 - يىل 4 - سان.

قىلىنغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە قۇياشنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بەلگىلەر ئورنىتىلغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە «ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئېسىل قاشتېشىدىن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى ياسىغان»[①]. ئارخېئولوگلار بايبالىق شەھىرىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۆت چاسا شەكىلدە ياسىلىپ، تاملىرىنىڭ ئۇلىغا پىششىق خىش ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ئۆگزىسىگە كاھىش ياتقۇزۇلغانلىقىنى، تاملىرىغا رەسىم سىزىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ئىبادەتخانا ئۆگزىسىنىڭ سەرقەلەم قىسمىغا يامغۇر سۈيىنى ئاقتۇرۇش ئۈچۈن نوكەش كاھىش ياتقۇزۇلغان. ئىبادەتخانا ئۆگزىسىگە قىزىل رەڭلىك كاھىش ياتقۇزۇلغان. ئىبادەتخانا قورۇلۇشىغا سىپتا ئىشلەنگەن ياغاچ تۈۋرۈكلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، تۈۋرۈكلەر ئويۇپ - تاراشلاپ ياسالغان تاش سوقۇما ئۈستىگە دەسسىتىلگەن[②].

ئارخېئولوگلار شەھەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوردىنىڭ جەنۇبىدىن ھۆكۈمرانلارنىڭ مەخسۇس ئىبادەتخانا خارابىلىرىنى تاپتى. ئىبادەتخانا يېنىدا قاغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى بولغان.

## شەھەر قورۇلۇشى

مۇقىم ئولتۇراقلىشىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن تۇرالغۇ رايونلىرى، جامائەت قورۇلۇشلىرى (ئىبادەتخانا نەزىر - چىراغ

---

① ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 315 - بەت.
② «موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1994 - يىل 1 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۈپىسى، قەسىر ـ ساراي، ئوردا . . . قاتارلىقلار) نىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىيكى شەھەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي ئامىلنى هازىرلىغان. بۇنىڭغا مەدەنىيەت ئامىللىرى مەسىلەن، يېزىق، سودا، دانلىق زىرائەت تېرىقچىلىقى قاتارلىقلار قوشۇلۇپ بىر مۇكەممەل شەھەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن سىياسىي خاراكتېرىمۇ شەھەرنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي ئاساسىدۇر.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىختا قۇرغان خانلىقلىرىغا قارىغاندا خېلى راۋاجلانغان شەھەر مەدەنىيىتىگە ئىگە بىر خانلىق ئىدى. بۇ خىل شەھەر مەدەنىيىتى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن باشلاپلا راۋاجلانغانىدى. مەسىلەن، ئىككىنچى ئەۋلاد قاغان مويۇنچۇر مىلادى 757 ـ يىلى سېلىنگا دەرياسىنىڭ بويىدا بايبالىق شەھىرىنى قۇرۇدى. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم». دېمەك، بايبالىق شەھىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سوغداقلار (سوغدىلار) بىلەن تابغاچلار (تاڭ سۇلالىسى) نىڭ هۈنەرۋەنلىرىمۇ قاتناشقان. كېيىن بۇ جاي ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ تارىختىكى مەشهۇر بايبالىق شەھىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى كۆلىمى $90,000m^2$ بولۇپ، تەدرىجىي شىمالغا قاراپ كېڭەيگەن. ئۇنىڭ تازا گۈللەنگەن چاغدىكى شەھەر كۆلىمى $17,500,000m^2$ غا يەتكەن. تامىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياهەت خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن $7000m \times 2500m$ بولۇپ، قاغان ئوردىسى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى، كۆلىمى تەخمىنەن $450m \times 200m$ كېلەتتى. بىرقانچە تۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ ئورنىنى خېلىلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى، شەھەر دەرۋازىسى ئوندىن

كەم ئەمەس ئىدى[①]. بۇ شەھەردە كۆپىنچە قاغان جەمەتى ۋە باي سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقانىدى، بايبالىق شەھىرى دەسلەپتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆتۈكەن تېغىدىكى ئوردىسىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. مىلادى 760 - يىلى ئۇچىنچى ئەۋلاد قاغان ئېلتېكىن بۇقا ئورخۇن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى قارا بالغاسۇن دېگەن جايدا ئوردۇبالىق (كېيىن قاغان بالىق دەپ ئاتالغان) شەھرىنى بىنا قىلدۇرۇپ خانلىقنىڭ پايتەختىنى ئۆتۈكەن تېغىدىن بۇ شەھەرگە يۆتكىدى. مانا بۇ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان تۇراقلىق پايتەخت شەھىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» بىلەن «تەس مەڭگۇ تېشى» دا ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار.

«ئوردۇبالىق» ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ئىدى. بۇ شەھەر توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ تەمىم ئىبنى بەھرى مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇ 9- ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ماۋەرائۇننەھردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىگە بارغان ئەرەب ساياھەتچىسىدۇر. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئوردۇبالىق يېزائىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مول، چوڭ شەھەر بولۇپ، ئەتراپى ئېتىز- ئېرىق ۋە كۇجۇم مەھەللىلەر بىلەن قورشالغان. شەھەردە ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئون ئىككى دەرۋازا ۋە بىر قەسىر بولغان. ئاھالىسى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، بازارلىرى قايناق، ماللىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. خاقان قەسىرىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇندىن ياسالغان، يۈز ئادەم سىغىدىغان بىر چېدىر ئورنىتىلغان بولۇپ، شەھەردىن بەش پەرسەخ نېرىدا تۇرۇپ

① رادلوۋ: «موڭغۇلىيىدىكى تۈركچە ئابىدىلەر»، 27 - جىلد. V. مىنورىسكىي: «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان سەپىرى»، خەنزۇچە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1994 - يىل 4 - سان.

قارىسىمۇ كۆرۈنىدىكەن[1].

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئاقىلىق ئوردۇبالىق شەھەرىنىڭ تۆت چاسا شەكىلدە سېپىل بىلەن قورشالغان شەھەر تىكلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان. سېپىلنىڭ ئاستى تاش، ئۈستى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. پۈتۈن شەھەرنىڭ كۆلىمى $25km^2$ بولۇپ، تاشقى شەھەر، ئىچكى شەھەر ۋە ئوردىدىن تەركىب تاپقان. ئوردىنىڭ كۆلىمى $1km^2$ بولۇپ، خاقان قەسرى ۋە ئۇنىڭ پاكار خىش تاملار بىلەن قورشالغان ھويلىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكى $14m$ كېلىدىغان كۆزىتىش راۋىقى جايلاشقان. ئارخېئولوگلار شەھەردىكى قەسىر سارايلارنى ئالاھىدە قېزىپ تەكشۈرۈپ كۆركەم سۈرەتلەر چۈشۈرۈلگەن كامىشلارنى تاپقان. شەھەر سېپىلىنىڭ قالدۇق تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى $12m$ كېلىدىكەن. ئوردا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا ئىبادەتخانىلار بولۇپ، مەخسۇس ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياسالغان. ئىبادەتخانا يېنىدا قەبرىستانلىق بولۇپ، قاغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەن. ئوردا شەھىرى بىلەن ئىچكى شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇتاش كەتكەن ھويلا - ئاراملار ۋە پىلانلىق لايىھەلەنگەن كوچا - رەستىلەر بار ئىكەن.

① تامىم ئىبنى بەھرى: «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 1984 - يىل 1 - سان. ئۇنىڭدىن باشقا ياقۇتنىڭ «جۇغراپىيە لۇغىتى»، ئەبۇلقاسىم ئۇبەيدۇللا بىن ئابدۇللا ئىبنى ھۇردادبېھنىڭ «كىتاب ئەل مەسالىك ۋە ئەل مەمالىك» ناملىق كىتابى.


# ئۇچىنچى بۆلۈم
# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقى

# بىرىنچى باب
# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقى

بىز ئالدىنقى بابتا، بىناكارلىقنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىلا مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. ئەمدى، شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت ئىزلار ۋە بۇ ئىزلاردىن تېپىلغان ماددىي پاكىتلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقىنى قىسقىچە شەرھىلەپ ئۆتىمىز.

تەبىئىيكى، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە تەبىئىي تۇرالغۇ ماكانلار (ئۆڭكۈر، چوڭ دەرەخلەرنىڭ كاۋىكى، دەرەخ ئۈستى، قېلىن ئورمانلىق ئىچى، تەبىئىي شەكىللەنگەن گەمىلەر...) ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىنى بەلگىلىگەن. بۇ شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ سۇئىي ئۇسۇلدا «پاناھ جاي» ياساشنى بىلمىگەنلىكتىن، جان بېقىشقا قولايلىق جايلارنى يەنى، تەبىئىي ئۆڭكۈرلەر، چوڭ ئورمانلار تەبىئىي يېمەكلىكلەر (مەسىلەن، مېۋىلەر، ياۋايى ھايۋانات كۆپ بولغان جايلار) گە باغلىنىپ ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەنە ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بوستانلىقلاردا بىخ سۇرگەنلىكىنى ۋە شۇ جايلاردا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان چاغلاردا، ئەقىل - ئىدراك ۋە بۇنىڭ بىلەن ئىختىرا بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئىگە بولالمىغاچقا،



قوچۇ (ئىدىقۇت) قەدىمكى شەھىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، بىر خىل تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش قايىنمىدا ئۆتەتتى.

ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش قىلىپى تاش قوراللارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى بىلەن بىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. چۈنكى، تاش قوراللار ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن تەجرىبە - ساۋاقلار جۇغلانغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بىر تەجرىبىلىك ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكى ئالدى بىلەن ئوۋچىلىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ئاندىن ئۇنىڭ «پاناھ جاي» ى — تۇرالغۇنىڭ پۇختا ۋە چوڭلۇقى جەھەتتە نامايان بولغان. دېمەك، قورساق تويغۇزۇش بىلەن پاناھلىنىش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئىككى چوڭ شەرت. ھالبۇكى، بۇ ئىككى شەرتنىڭ ھەر ئىككىلىسى تاش قوراللارنىڭ ياردىمىسىز تەرەققىي قىلالمىغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى تاش قوراللارنىڭ ياردىمىسىز بۈگۈنكى دەۋرگە ئۇلانغان ئەمەس.

ئارخېئولوگلار شىنجاڭنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرىنى بۇنىڭدىن ئون بەش مىڭ يىللار بۇرۇن باشلانغان[1] دەپ يەكۈن چىقاردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۇملىدىن، قۇمۇل تاشقورغان، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن كونا تاش قورال ئىزلىرى بايقىلىپ، بۇ جايلاردا بۇنىڭدىن ئون بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ نۇرى چېچىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئارخېئولوگلار شىنجاڭنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلىدىن، يەنى ھازىرقى دەۋردىن

① «شىنجاڭ تارىخىدىن سوئال - جاۋابلار»، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، فوتو - سۈرەت نەشرىياتى، 1998 - يىل، 4 - بەت.

4000 يىللار ئىلگىرى دەپ بېكىتكەن[①]. شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدىن، يەنى تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئىلى، ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردىن يېڭى تاش قورال ئىزلىرى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ جايلاردىن يەنە قوپال ساپال بۇيۇملارنىڭ تېپىلغانلىقى شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[②].

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى باشلانغان ۋاقىت تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللارغا توغرا كېلىدىكەن. بۇ دەۋردە تۆمۈر ۋە مىس قوراللار ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپ قالغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئىسپاتلىدىكى، بۇ دەۋردە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. مۇشۇ دەۋرگە ئائىت خارابىلەر ئىچىدە زور كۆلەمدىكى قەبرىستانلىق، شەھەر - قەلئە، تۇرالغۇ - ئىمارەت ئىزلىرى ۋە بۇ ئىزلاردىن تېپىلغان تۇرمۇش - ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەمدە بىناكارلىق دېتاللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن تاللىنىپ، كەسپلىشىشكە قەدەم قويغان. كىشىلەر نىسپىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان ئەھۋال چارۋىچىلىق رايونلىرىغىلا مەنسۇپ بولۇپ قالغان.

يېغىلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 - يىلىدىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلىغىچە) دىن چىن، خەن سۇلالىلىرى

---

① چېن گې: «شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1995 - يىللىق 2 - سان.

② «شىنجاڭ تارىخىدىن سوئال - جاۋابلار»، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، فوتو - سۈرەت نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 4 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلىدىن، مىلادى 220 ـ يىلىغىچە) گىچە بولغان نەچچە يۈز يىللىق ئۇزاق جەريانىدا تەڭرىتېغىنىڭ ئەتراپلىرىدا كەڭ بوستانلىق ۋە گۈزەل يايلاقلارنى ئاساس قىلىپ، گويا كى يۇلتۇزلاردەك تارالغان نۇرغۇن شەھەر ـ كەنتلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ، بەزىلىرى كىچىك بولۇپ، نوپۇسى ئاۋۇغانلىرىنىڭ ئادىمى 80 مىڭغا يېتەتتى. كىچىكلىرىنىڭمۇ 1000 چە نوپۇسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى دېھقانچىلىق قىلاتتى. بەزىلىرى چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. «خەننامە» قاتارلىق تارىخ كىتابلىرىدا شۇ دەۋرلەردىكى غەربىي يۇرت تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ «شەھەر ـ قەلئە بەگلىكلىرى» دەپ ئاتالغان. بۇلار «غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك» تىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىن ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈش ۋە قايتا تەشكىللىنىش داۋامىدا «50 تىن ئاشقان».

«شەھەر ـ قەلئە بەگلىكلىرى» ئارىسىدا كروران (لوپنۇر ئەتراپىدا)، چۈرچان (چەرچەن)، نىنا (نىيە)، ئۈزۈنتات (چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، ئۇدۇن (خوتەن)، پاسئان (گۇما)، ساكارائول (يەكەن)، يولئېرىق ۋە لىچخەۋز (ھەر ئىككىلىسى قاغىلىق تەۋەسىدە) قاتارلىقلار قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ جايلاشقان بولۇپ، «جەنۇبىي يولدىكى بەگلىكلەر» دەپ ئاتالغان. قوس (تۇرپان، جىمىسار ئەتراپلىرى، ئۈشاق، كىنگىت (قاراشەھەر)، كۇسەن (كۇچا)، ئۇرۇياپ (بۈگۈر)، قۇم (ئاقسۇ)، سۇلى (قەشقەر) قاتارلىقلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ جايلاشقان بولۇپ، تارىخنامىلەردە «شىمالىي يولدىكى بەگلىكلەر» دەپ ئاتالغان. بۇلاردىن باشقا يەنە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا شەرقىي چۇمۇل، غەربىي چۇمۇل، شەرقىي بارىكۆل، غەربىي بارىكۆل، پامىر

ئېگىزلىكىدە ئېركەشتام جۇەندۇ قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 300 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى[1]. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ بەگلىكلەر ئىچىدىكى ئاھالىسى ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەگلىكلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بەگلىكلەر (居国) دەپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەگلىكلەر كۆچمەن بەگلىكلەر (行国) دەپ ئاتالغان. لېكىن، بۇلار تارقاق ۋە بېكىنمە ھالەتتە بولۇپ، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغاندەك «ھەر قايسىسى ئۆزى بەگ، ئۆزى خان، ئەسكىرى ۋە خەلقى تارقاق، ئاجىز، بىرلىك يوق» ئىدى[2].

ئەينى دەۋردە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مەشھۇر «يىپەك يولى» دەل مۇشۇ جايلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ شەھەرلەرنى گوياكى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. قەدىمدىن بۈگۈنگىچە دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان يىپەك يولىنىڭ كىلىماتى ئىنتايىن ناچار بولغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىنى بويلاپ، يايىسمان ئەگرى سىزىق ھالىتىدە داۋاملىشالىشىمۇ بۇ جايلاردا مانا شۇنداق ئەللەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى. «شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى» نىڭ بۇنداق جۇغراپىيىلىك جايلىشىشىنى قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئوبرازلاشتۇرۇپ «قۇرىغار» دەپ ئاتاشقان[3]. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى 170 - بەت.

② ئابلەت نۇردۇن: «غەربىي يۇرتتىكى 54 بەگلىك»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1993 - يىللىق 3 - سان.

③ «قۇرىغار» — «قاتار كەتكەن شەھەرلەر» دېگەنلىك بولۇپ، «قۇر» — قەدىمكى تۈرك تىلىدا «قاتار، رەت - رەت» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «غار» — ساك تىلىدىكى «غاررى» دىن كەلگەن بولۇپ، «رايون، مەملىكەت، شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سىنقۇ سەلى تۇتۇق «غار» نى «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلغان. دېمەك، «شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى» ئەمەلىيەتتە «قۇرىغار» نىڭ خەنزۇ تىلىدىكى مەنا تەرجىمىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەينى دەۋردىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئوبرازلاشقان نامىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى



«شياۋۋۇخان زامانىسىدا غەربىي رايونلار بىلەن ئالاقە باشلانغان، ئەسلىدە 36دۆلەت ئىدى كېيىن بۆلۈنۈپ 50نەچچە بولدى. . . ھەممىسىدە دېگۈدەك يەرلىك ئاھالىلار ياشايدۇ، سېپىللىرى، ئېتىز - ئېرىق ۋە چارۋا ماللىرى بار» دېيىلگەن. شۇي سۇڭنىڭ قوشۇمچە ئىزاھاتىدا: «سېپىللىرى، قورغانلىرى بار دېگەنلىك شەھەر دۆلىتى دېگەنلىكتۇر» دەپ؛ «ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى ئىزاھاتتا: «سېپىل - قورغانلىرى بار دېگەنلىك شۇ ئەللەر شەھەرلەردە ياشايدۇ دېگەنلىكتۇر» دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. دېمەك، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بىر قىسىم ئاھالىلار شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچكەنىدى. «خەننامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە باشقا تارىخىي كىتابلاردا ئەينى دەۋردىكى غەربىي يۇرت ئەللىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەر - قەلئە قۇرۇلۇشلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان:

«قوچۇ . . . ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 1840 چاقىرىم كېلىدۇ. . . خان ئوردىسىغا رەسىم سىزىلغان . . . 18 كىچىك شەھىرى بار.

ئاگنى . . . ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم كېلىدۇ، جەمئىي 9 شەھىرى بار.

كۇسەن . . ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 8 چاقىرىم كېلىدۇ.

سۇلى . . . ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 5 چاقىرىم كېلىدۇ، چوڭ شەھىرىدىن 12 سى، كىچىك قەلئەلىرىدىن نەچچە ئونى بار.

ئۇدۇن . . . ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 8 - 9 چاقىرىم كېلىدۇ، چوڭ شەھىرىدىن 5 ى، كىچىك قەلئەلىرىدىن نەچچە ئونى بار. ئاستانىسىنىڭ جەنۇبىغا 50 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا زانمۇ ئىبادەتخانىسى بار. شەرقىي ۋە ۋە غەربىي شەھەر باشلىقى، تىلماچبەگ . . . قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار، قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ.

كروران، قوس بەگلىكلىرى يول ئۈستىدە . . . شەھەر -

قورغانلىرى بولسىمۇ لېكىن قوشۇنلىرى ئاجىز. پىششامشان بەگلىكىنىڭ ئەسلى نامى كروران بولۇپ، بېگى مىران شەھىرىدە تۇراتتى. يىكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسىدۇ»

قىرپانە بەگلىكى. پايتەختى ئېگىز تاغ ئۈستىدە بولۇپ، سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 20 چاقىرىم كېلىدۇ. . . دەل - دەرەخلىرى شالاڭ، ئوت چۆپى ئاز، پەس جايلىرى زەيكەش بولغاچقا، ئولتۇراق ئۆيلىرى دۆڭ ئۈستىدە. شەھەر بازىرى خىلۋەت، ئازادە①.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقىنى تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقى، قەلئە - قورغان بىناكارلىقى، تىم - تۇرا بىناكارلىقى ۋە شەھەر قۇرۇلۇش بىناكارلىقى دەپ تۆت چوڭ تۇرگە ئايرىش مۇمكىن. تۆۋەندە مۇشۇ تۇرلەر بويىچە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىمىز.

## تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقى

تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقى بىناكارلىقتىكى ئەڭ قەدىمىي تۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، قوپاللىقتىن سىپتىلىققا قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ.

ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئاساسەن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە - كەنت شەكلىدە

① بۇ تارىخىي ماتېرىياللار «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




بوستانلىقلارغا تارقىلىپ جايلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئېكىنچىلىك ئاساس بولۇپ، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قوشۇمچە قىلىنغان. شۇڭا ئۇلار بۇ خىل تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىگە ئاساسەن مۇقىم تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان. بۇ خىل ئۆيلەر دەسلەپتە مۇقىم شەكىلسىز يەنى يۇمىلاقىا مايىل ياكى سوقىچاق ھالەتتە ياسالغان. قۇمۇل ئاراتۇركتىكى تاش قورۇلمىلىق ئۆي دەل چاسىغا مايىل بولۇپ، ئىچكىرى - تاشقىرى قىلىپ ياسالغان (12 - رەسىم). يارغول، كروران، نىيە خارابىلىرىدىكى ئۆيلەر چاسا ۋە يۇمىلاقىا مايىل بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك، ئوچاق، سۇپا، پەگا (ھازىر پەرق ئەتكىلى بولىدىغانلىرى پەقەت مۇشۇلارلا) لىرى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ھازىرقى ئۇيغۇر دېھقانلىرى تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭكىدىن ئانچە



12 - رەسىم — باركۆلدىكى تاش قورۇلمىلىق تۇرالغۇ ئىزى


پەرقلەنمەيدۇ (13 ـ، 14 ـ رەسىم). تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدەك ۋەزىيەت ئاستىدىمۇ، بولۇپمۇ بىناكارلىق جەھەتتە، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەن، بەلكى، باشقا ئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا بۇنىڭغا دائىر مىساللار بار.




13 ـ رەسىم — يارغولدىكى ئولتۇراق ئۆيلەر

www.uyghurkitap.com






نىيا كروران



نىيا

14 - رەسىم — نىيا ۋە كروراندىكى تۇرالغۇ ئۆي ئىزلىرى

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقىغا دائىر ئىزلار ئىچىدە «يانبۇلاق مەدەنىيىتى»① ئىزىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى تۇرالغۇ ۋە شەھەر ئىزى ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدۇ. يانبۇلاق قەدىمكى تۇرالغۇ ئىزى يانبۇلاق مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلارنىڭ ئاللىبۇرۇن مۇقىم ئولتۇراق هاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئارخېئولوگلار بۇ جايدىن ئىككى ئېغىزلىق ياغاچ - كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆينى ۋە ئۆلچىمى $0.40m \times 0.50m \times 0.10m$ كېلىدىغان كېسەكلەرنى تاپقان. كېسەكلەر ئاساسەن ياغاچ قېلىپ بىلەن قۇيۇلغان بولۇپ، بىر يۈزىدە قول بىلەن ئىز چىقىرىلغان بەلگىلەر بار. بۇ هازىرغا قەدەر شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى كېسەك هېسابلىنىدۇ.

يانبۇلاق مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللار، جۈملىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا هۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىغا دائىر تېپىلمىلار بۇ جايدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان هالدا دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ۋە قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئارخېئولوگلار بۇ مەدەنىيەت ئىزىدىن يەنە يانبۇلاق قەدىمكى شەھىرى، ئەسكى شەھەر خارابىسى، قارادۆڭ خارابىسى، يانبۇلاق قەبرىستانلىقى، لاپچۇق قەبرىستانلىقى، قارا دۆۋە قىزىلچوققا قەبرىستانلىقى ۋە يار قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەدىمكى شەھەر ۋە قەبرىستانلىقلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئېنىق يىل دەۋرىنى مىلادىدىن

① «يانبۇلاق مەدەنىيىتى» — قۇمۇل توغۇچى يېزىسى يانبۇلاق كەنتىگە جايلاشقان يانبۇلاق قەدىمكى شەھىرى ۋە قەبرىستانلىقىنىڭ بايقىلىشى ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. بۇگۈنگە قەدەر شىنجاڭ رايونىدا رەسمىي نام ئالغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت (ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت دېگىنىمىز — ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلىش جەريانىدا كىشىلەر بايقىيالايدىغان، بىر دەۋرگە تەۋە بولغان، ئورتاق رايونغا تارقالغان ھەمدە ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توپىدىن ئىبارەت.) پەقەت ئىككىلا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى يانبۇلاق مەدەنىيىتى، يەنە بىرى چابغا مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت.

ئىلگىرىكى 500 — 1000 يىللارغا تەۋە دەپ بېكىتكەن[①]. بۇ باركۆلدىكى تاش قۇرۇلمىلىق قەدىمكى ئىمارەتنىڭ دەۋرى بىلەن يېقىنلىشىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا ھەيۋەتلىك ئىزلاردىن يەر ئۈستىدە ساقلىنىپ قالغانلىرى توغرىسىدا ھازىرچە ئانچە كۆپ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. شۇڭا، بۇ تەرىپىنى ئارخېئولوگلارنىڭ قەدىمكى قەبرىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېنىق يورۇتۇپ بەرمەكچىمىز.

قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، تەكشى يۈزدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلمىسى ۋە ماتېرىيالى قەدىمكى بىناكارلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق ھەتتا ئەينى دەۋرلەردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە بىرقانچە مىسال كەلتۈرىدۇق:

چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 6 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەردىن M2 نومۇرلۇق قەبرىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇنداق: بىرىنچى قاتلام 50cm قېلىنلىقتا قۇم - توپا؛ ئىككىنچى قاتلام — قەبرە ئۈستىگە يېپىلغان 30cm قېلىنلىقتىكى قومۇش، مۇشۇ قاتلامدىكى يەنە بىر قاتلامدىلىك — قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇنلۇقى 60cm، كەڭلىكى 30cm چوڭلۇقتا تۆڭلۈك ياسالغان. تۆڭلۈك ئېغىزى يۇڭ دەرەختىن تىكىلگەن تون، كىگىز توقۇم، قاتارلىقلار بىلەن يېپىلغان. بۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر دانە ساپال قاچا قويۇلغان؛ ئۈچىنچى قاتلام — بىر - بىرىگە چېتىپ تەييارلانغان ئىككى قەۋەت

① توختى تۇراخۇن: «يانبۇلاق مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1998 - يىللىق 1 - 2 سان.

قومۇش بورا (چوڭلۇقى: $3.8m \times 2.4m$)؛ تۆتىنچى قاتلام — قەبرىگە يېپىلغان ئات، قۇلان، قوتازنىڭ بولۇپ ئۈچ پارچە تېرە؛ بەشىنچى قاتلام — يۇلغۇن شېخىدىن توقۇلغان قوشام؛ ئالتىنچى قاتلام — قەبرە پەلەمپىيىگە توغرىسىغا تىزىپ قويۇلغان توغراق ياغىچىدىن تەييارلانغان 25 تال بادرا. (15 ـ رەسىم) دېمەك، بۇ قەبرىگە ئىشلىتىلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش. ھەتتا قۇرۇلۇش تېخنىكىسىمۇ ئوخشاش بولۇپ، پەقەت بىرى يەر ئاستى قۇرۇلۇشى يەنە بىرى يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى بولغانلىقى بىلەنلا پەرقلىنىدۇ. بۇ قەبرىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن بىز ھازىرقى يېزىلىرىمىزدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ يېپىلىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، چابچال جىلغىسىدىكى تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر، جالىن تاراندىكى تاش تاختىلىق قەبرىلەر . . . قاتارلىقلاردىمۇ بۇ ئالاھىدىلىكنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى دەريا ـ ئېقىن بويلىرى، بوستانلىق ۋادىلار ۋە تاغ ـ ئېدىرلارنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ قەدىمكى شىنجاڭدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن تاللىغان ماكانلىرى ئىدى. قەبرىلەرنىڭ سان جەھەتتىن كۆپلۈكى قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ جايلار ئۇلارنىڭ ئاۋات يۇرت ـ ماكانلىرىغا ئايلانغانلىقىنى، نوپۇسىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى جۈملىدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى تۈزۈلۈشى ئۇلارنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ تەكشى يۈز شەكلى ئاساسەن چاسىغا مايىل بولۇپ، تاش، لاي ۋە نەم توپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





15 - رەسىم — زاغۇنلۇقتىكى $M2$ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ تۈزۈلۈشى

خاڭداش ئارقىلىق ئۆي تېمى قوپۇرۇلغان. بۇ خىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەرقايسى جايلارنىڭ ماتېرىيال جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن تاللانغان، ئەلۋەتتە. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار تامنىڭ پۇختىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇلۇڭلارغا مەلۇم ئارىلىقتا چىغ، تال - چىۋىق ياكى قومۇش باستۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. كېسەكنىڭ ئىشلىتىلىشى بۇلاردىن كېيىنرەك بولغان.

زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدىكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىرگە ئائىت ئارشار قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى $10,000m^2$)، ئايىۇلۇك قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى $100,000m^2$)، ئاقتىلىق قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى $30,000m^2$)، تۆۋەنكى كۆيىگدىر مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى $125,000m^2$) . . . قاتارلىق ئولتۇراق رايونلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر ۋە خەن دەۋرىگە ئائىت ئولتۇراق رايون ئىزلىرىدىن قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى خانئۆي (كۆلىمى $19,000m^2$)، ياۋۇلۇق (كۆلىمى $21,000m^2$)، چوڭتۇز (كۆلىمى $405,000m^2$)، تۇگمەنبېشى (كۆلىمى $25,000m^2$)، تامساراي قەدىمكى ئىزى (كۆلىمى $700,000m^2$)، قۇمۇلدىكى قارادۆك ئىزى، تۇرپاندىكى سۇبېشى قەدىمكى ئىزى[①] . . . قاتارلىق ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ كۆلىمى، تېپىلغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۆيلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن قارىغاندا بۇ جايدىكى ئاھالىلار قەدىمدىنلا تېپىك مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئەنئەنىسىگە، شۇنداقلا ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ مەھەللىۋى تۇرمۇش كەچۈرگەن.

لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى قەدىمدە تەبىئىي

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1993 - يىللىق 3 - سان.

شارائىتى ياخشى جاي بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق رايونى بولغان. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردە كەم دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 3800 يىل ئىلگىرىلا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان[1]. ئۇ چاغلاردا ئىنسانلار بۇ جايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. كروران خارابىسىدە ساقلىنىپ قالغان ئۆي-ئىمارەت خارابىسىدىن قارىغاندا، بۇ جايدىكى ئاھالىلار توپا-ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە قوشاملىق ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان. نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىمۇ بۇ خىل تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈك، توغرا ياغاچلىرى ئۆز ئارا تۇرۇملانغان. بەزى ئۆيلەرگە سۇپا چىقىرىلغان. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوتدان (ئوچاق) سېلىنغان. ئىشىك بېشىغا لاپاس شەلىدە لەمپە (زونتۇك) ياسالغان. ئۆينىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بۇ ئۆزگىچە ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ تام ئۇلىغا زەگۇندە، زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك قويۇلغان. بەزى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇلىغا ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان سوقۇما قويۇلغان. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىغا يەنە ئايرىش تۈۋرۈك، ئايرىش تۈۋرۈك ئارىلىقىغا چېتىق ئورنىتىلىپ تام گەۋدىسى مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئاندىن قومۇش ۋە تال - چىۋىقلار بىلەن چىتلاپ تام ياسالغان. تامنىڭ ئىككى يۈزى كاكىل لايدا سۇۋالغان بولۇپ قېلىنلىقى تەخمىنەن 10cm كېلىدۇ. خا (لىم) لىرى تەبىئىي ئاچىماق ياكى ئالدىن تەييارلانغان تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاسا، ۋاسا ئۈستىگە قومۇش ياكى بورا، بەزىلىرىگە تال-چىۋىقلاردىن توقۇلغان چىتلاق سېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان (پاخال) سېلىنىپ ئاندىن توپا

① ۋاڭ شۆچۈەن: «كروران خانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە قەدىمكى لوپنۇر كۆلىنىڭ تارىخى ئورنى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1997 - يىللىق 1 - سان.



www.uyghurkitap.com

ياتقۇزۇپ ئۇستىدىن سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. تۇرالغۇ ئۆيلەر بىرقەدەر چوڭ ۋە بىر يۈرۈش قىلىپ ياسالغان بولۇپ، هويلا، باغ، پېشايۋان، مېهمانخانا، ياتاق، ئاشخانا، ئامبار، كارىدور، ئېغىل ـ قوتان، كۆلچەكلەردىن تەركىب تاپقان. ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىغا قوتان، ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۈزۈم تەكلىرى بىلەن باغ قىلىنغان. باغ ئەتراپىنى دەرەخ شاخلىرى بىلەن چىتلاپ قورشاۋغا ئالغان. بۇنداق هويلىلىق قورۇلۇش شەكلىنى ئالغان قوشاملىق ئۆيلەر نىيە خارابىسىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.


نىيە خارابىسىنىڭ تۇپراق ئالاھىدىلىكى توپا-ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي ياساشقا ماس كەلمەيدىغان زەيكەش ـ شورلۇق بولغاچقا ئۇلار ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا قاراپ مۇشۇ خىل ئۆي ياساش ئۇسۇلىنى كەشپ قىلغان، بۇنداق ئۆيلەر قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ تىلىدا «ساتما» دەپ ئاتالغان. ساتما ئۆيلەر، جۈملىدىن قوشاملىق ئۆيلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىيال سەرپىياتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا، ئورمانلار زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ، جۈملىدىن قەدىمكى نىيە كروران شەھەرلىرىنىڭ ئەسلىدىنلا قۇرغاق بولغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا ئېغىر تەسىر يەتكەن. شۇ ۋەجىدىن كروران خانلىقى مىلادىدىن بۇرۇنقى 70 ـ يىلى پىشامشانغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، قۇم ـ بوران ئاپىتىنى توسۇپ، قۇملىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە كېسىشكە بولمايدۇ، دەرەخنى تۈپى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، شېخىنى كەسكەنلەرگە بىر كالا جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ پەرمان چىقارغان[①]. بۇ شىنجاڭ

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، (ئىچكى ژۇرنال) 1988 ـ يىل 2 ـ سان.


تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مۇھىت ئاسراش قانۇنى بولسا كېرەك. تەكلىماكان ئەتراپىدىكى نىيە، كروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان تۇرالغۇ ئۆي بىلەن مېۋىلىك باغ بىرلەشكەن ھويلىلىق ئولتۇراق ئۆي شەكلى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قەدىمدىنلا تۇرالغۇ بىلەن مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئارخېئولوگلار چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى لەئىلىلىك قەدىمكى ئىزىدا بىر ۋە بىرقانچە ئېغىز ئۆينىڭ ھەتتا، 6 ـ 7 ئېغىز ئۆينىڭ بىر يۈرۈش قىلىپ ئىچكىرى ـ تاشقىرى ياسالغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ئۆيلەر ئاساسەن چاسا شەكىلدە بولۇپ، تام ئۇلىغا ياپىلاق قارا تاش بېسىلغان. تاملارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي تاشتىن قوپۇرۇلغان. ئەڭ چوڭ ئۆينىڭ كۆلىمى 5. 6m × 5. 2m، كىچىكلىرىنىڭ 4. 9m × 3. 8m كېلىدۇ. دېمەك، بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولۇپ، يېزىلاردىكى ئەنئەنىۋى تۇرالغۇلاردىن قېلىشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلمىسىمۇ پۇختا، تامنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتمەسلىكى ۋە ئۆي ئىچىنىڭ زەيلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلىغا تاش ياتقۇزۇلغان. بۇ شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ قارامودۇن يېزىسى يېنىدىكى 200m × 1500m كۆلەمدىكى خاخېرىن تۇرالغۇ ئىزىدىمۇ تاش تاملىق ۋە تاش ئۇللۇق ئۆيلەرنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغان. بۇ خارابىلىكتە يەنە نۇرغۇن تاش پاسىللىق مەيدانلار بولۇپ، چوڭلىرىنىڭ كۆلىمى 64m×46m كېلىدۇ. تاش پاسىل ئىچىدە نۇرغۇن تاش تاملىق ئۆيلەر، تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر، كىچىك تاش دائىرىلەر بار. ئارخېئولوگلار بۇ جايىنى خەن دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا ئائىت بىر چوڭ تىپتىكى ئولتۇراق رايون دەپ قارىغان. بۇنداق تاش پاسىللىق دائىرىلەر، تاش دائىرىلىك قەبرىلەر ۋە تاش

تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئىزلىرى ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدىنمۇ كۆپلەپ بايقالدى (16 ـ، 17 ـ رەسىم) .



16 ـ رەسىم — ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى تاش دائىرىلىك قەبرىلەر



17 ـ رەسىم — ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى تاش دائىرىلىك ئىزلار

ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئاھالىلارنىڭ تاغ - ئېدىرلارغا (توغرىراقى قىشلاقتا) ياشىغان قىشلىق تۇرالغۇسىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ياز پەسلىدە يايلاقتا كۆچۈپ يېرىپ چېدىرلاردا تۇرغان. ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر شىنجاڭنىڭ باركۆل ناھىيىسى، موڭغۇلكۈرە، تاشقورغان، ئاراتۈرك، ئارىشاڭ ناھىيىلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلدى. «يايلاق ئىمپېرىيىسى» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، پامىردىكى بىر تاغ جىلغىسىدا بىر تاش مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن يىپەك سودىگەرلىرى مال ئالماشتۇرىدىغان مەيدان بولغان①.

باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىن تەخمىنەن 6km يىراقلىقتا كۆلىمى 20m×30m كېلىدىغان تاش دۆۋىسى بولۇپ، قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە ئۇنىڭ ئەسلىدە ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق ئۆي ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇ جايدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى - تاشقىرى قىلىپ ياسالغان، ئىشىكلىرى شەرققە قارايدىكەن. تېگىدە ياغاچ تۈۋرۈك ئىزلىرى بار ئىكەن. ئۆي تېمىغا ئىشلىتىلگەن تاشلارنىڭ يان تەرىپى تاشچىلار تەرىپىدىن سىلىقلانغان. ئارخېئولوگلار بۇ ئىزنىڭ دەۋرىنى بۇنىڭدىن 3280 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ دەپ يەكۈن چىقارغان②. بۇنداق ئىزلار موڭغۇلكۈرە، بورتالا، ئاراتۈرك ناھىيىلىرىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىنمۇ تېپىلغان. بۇ خىل تۇرالغۇ ئۆيلەر تاغلىق رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلارنىڭ تىپىك تۇرالغۇلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىمۇ «تاشنى تىزىپ ئۆي ياسايدۇ» دېگەن خاتىرىلەر بار.

---

① RENE. GROUSSET: «يايلاق ئىمپېرىيىسى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1996 - يىل، 2 - نەشرى، 61 - بەت.

② ئابدۇقىيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، 14 - بەت.

بوستانلىق ۋادىلاردىكى ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. يارغول، قوچۇ، ئاقسىپىل، كۇسەن، توققۇزساراي قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىكى تۇرالغۇلارنىڭ ياسىلىشىدىن قارىغاندا، توپا- ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر چالمىلارنى كېسەك ئورنىدا تىزىپ لاي بىلەن قوپۇرۇش ۋە نەم توپىنى خادداش ئۇسۇلى ئارقىلىق تام قوپۇرۇپ ئۆي ياساش ئۇسۇلىغا تەرەققىي قىلغان. كېسەكنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ شەكىل گۈزەللىكى ئاشقان، ئىمارەت ئالدى يۈزىگە ۋە ئىشىك دېرىزە ئەتراپلىرىغىمۇ گىرۋەكلىك شەكىل چىقىرىش ئاسانلىشىپ، بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا زور يۈكسىلىشلەر بولغان. ئارخېئولوگلار لوپنوردىن ئالدىنقى چىن دەۋرىگە ئائىت كېسەك قېلىپىنى تاپقان.

جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ قۇرغاق، ئىسسىق، يامغۇرى ئاز بولۇشىدەك تەبىئىي ئامىللىرىنى ۋە يېپىشقاقلىقى ياخشى بولغان توپا تەركىبىنى نەزەردە تۇتۇپ ياسالغان بۇنداق توپا- ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بالچىق» دەپ ئاتالغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھاتىغا قارىغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «بالىق» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىمۇ «سېغىز توپا» دېگەنلىك ئىدى. «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» دا بۇ سۆز «مال - مۈلۈك» مەنىسىدە قوللىنىلغان. قوچۇدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە مانى دىنى يادىكارلىقلىرىدا بۇنداق ئۆيلەر «بارق» دەپ ئاتىلىپ «ئۆي - ئىمارەت، قۇرۇلۇش، قۇرۇلۇش مەيدانى» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرگەن، شەھەر - قەلئەلەر بولسا «بالاق» دەپ ئاتالغان. بۇنداق ئۆيلەر كۆپىيىپ ھاسىل بولغان شەھەر «بالىق» يەنى بالچىق ئۆيلەر توپلاشقان جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە بولۇپ قالغان. تىلشۇناسلار «بالىق — قەدىمكى تۈرك تىلىدا شەھەر، قەلئە، ساراي دېگەنلىك بولۇپ، ئەسلىدە سېغىز توپا، سېغىز لاي

www.uyghurkitap.com



مەنىسىدىكى بالچىق دېگەن سۆزدىن كەلگەن. كۆچمەن چارۋىچى خەلق شەھەر نى ‹بالچىق› دەپ ئاتىغان» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[1] بەزىلەر «بالىق» — كەنت (قەدىمكى پارس تىلىدا شەھەر-بازار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) بىلەن ئوخشاش ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ بەلكى، تۈركلەر «كەنت» نى «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ ئىبارە قەدىمكى ساك تىلىدا «غاررى» دەپ، توخرى تىلىدا «رى» دەپ ئاتالغان. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان سىنقۇ سەلى تۇتۇڭ «غار» (خەنزۇچە تېكىستتە 城 دەپ يېزىلغان) نى «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلىپ، «كاشغار» نى «كەشبالىق» دەپ ئىپادىلىگەن[2]. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇشۇ خىل قورۇلمىدىكى تۇرالغۇلار «ئەۋ بارق» دەپ ئاتالغان. دېمەك، قەدىمدە توپا - ياغاچ قورۇلمىلىق ئۆي ئىمارەتلەر ئۆزىنىڭ قورۇلما ۋە ماتېرىيال جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بويىچە «بارق، بالچىق» دېيىلگەن. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ كۆپىيىشىدىن ھاسىل بولغان شەھەرلەر بولسا «بالىق» دەپ ئاتالغان.

## چېدىر

«چېدىر» — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «چات» ياكى «چىت» دېگەن سۆزلەرگە توخرى تىلىدىكى «تۇرالغۇ، ئولتۇراق رايون، شەھەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «رى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆز بولۇپ، قەدىمدە «چاترى» (ياكى چىترى) دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن ھەمدە چېتىپ ياسالغان ياكى چىتلاپ

[1] «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى» 1967 - يىل (ئىستامبۇل)، 5 - توم، 132 - بەت.
[2] ئىبراھىم مۇتىئى: «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1996 - يىللىق 1 - سان.


ياسالغان ئۆي دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەڭ دەسلەپكى چېدىر ئۆيلەر شاخ ـ شۇمبا، ياغاچ ـ بادىرىلارنى بىر ـ بىرىگە يۆلەپ چېتىپ قۇراشتۇرۇپ، ئۈستىنى قومۇش ياكى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن چۆمكەش ئارقىلىق ياسالغان (17 ـ رەسىم). دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى، قەدىمدە مىللەت، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى، مەدەنىيەت تىل ئالماشتۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ نام ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلگەن. بىزنىڭچە ئاريان تىلىدىكى «پاناھ» ، «پاناھ جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «چادرا» دېگەن سۆزمۇ مۇشۇ نامنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن. ئالىملارنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان چېدىر شەكىللىك ئىمارەت خارابىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ دەلىللىشىچە، چېدىر شەكىللىك ئىمارەت 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن①. دېمەك، چېدىر — ئەڭ قەدىمىي مىللىي ئىمارەت شەكلىدۇر.

چېدىر ئۆيلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى شەكلى كونۇسسىمان بولغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بۇنداق ئۆيلەر دەرەخكە ياكى بىر تال تۈۋرۈك قاداپ ئۇنىڭغا بادىرىلارنى، شاخ ـ شۇمبىلارنى يۆلەپ ئۈستىنى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن يېپىپ، ئەتراپىغا يوغان تاشلارنى يۆلەپ باستۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ياسىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىدا چېدىر ئۆيلەرنىڭ شەكلى گۈمبەزسىمان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن، «تېلىلار قوشىقى» دا «ئاسمان شەكىللىك چېدىرى» ؛ «بۆكۈخان رىۋايىتى» دە «. . . قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۇغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا قاملانجۇ دېگەن بىر جاي بار ئىكەن. . .

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





18-رەسىم — شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ
چېدىر ئۆي شەكىللىرى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. شۇ ئىشىكتىن قارىسا دۆڭنىڭ ئىچىدە خۇددى ئوتاۋ (كىگىز ئۆي) گە ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئېغىز ئۆينىڭ بارلىقىنى، ھەر بىر ئۆيگە بىردىن كۈمۈش سەگەنچۈكنىڭ ئېسىلغانلىقىنى... كۆرگىلى بولىدىكەن» دېيىلگەن، ۋەھاكازالار. دېمەك، چېدىر شەكىللىك تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن باشلاپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

ئورخۇن - يەنسەي ۋادىسىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان چېدىر ئۆيلەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا مىلادىدىن ئىلگىرىلا كەرەگۈلۈك چېدىر ئۆيلەر بارلىققا كەلگەن. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى بىلەن بۇنداق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىرى قېلىپلاشقان، شىنجاڭنىڭ قۇمۇل، بورتالا، ئىلى قاتارلىق جايلىرىدىكى قىياتاشلارغا ئويۇلغان چېدىر ئۆي شەكلىدىن قارىغاندا، ھەتتا چېدىر ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى بولغان، بەزىلىرىنىڭ كىگىزلىرىگە گۈل - نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن (19 - رەسىم)① ئۈستى دەسلەپتە ھايۋان تېرىلىرى بىلەن، كېيىنچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلىپ كىگىز - پالازلار بىلەن يېپىلىدىغان بولغان. «ئوتاغ» (خاقان، قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ چېدىرى)، «بارگاھ» (چوڭ تىپتىكى چېدىر)، «كىگىز ئۆي»، «ئاق ئۆي»، «قارا ئۆي» شۇنداقلا گۈمبەز، كېمىر، چاسا خا تورۇش شەكىللىرىمۇ چېدىر ئۆي شەكلىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمكى شىنجاڭ ئاھالىلىرىدا ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئۆيى قانداق بولسا، ئۇنىڭ قەبرىسىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ياساش ئادىتى بولغان.

① سۇ بېيخەي: «شىنجاڭ قىياتاش رەسىملىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

www.uyghurkitap.com



تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىدىن قېزىلغان قەبرىلەر ئارىسىدا ئىچ يەرلىكنىڭ تورۇسى يېرىم شارسىمان شەكىلدە ئويۇلغان قەبرىلەردىن خېلى كۆپ تېپىلغان①.

چېدىر ئۆيلەرنىڭ تەكشىلىكتىكى شەكلى چەمبەر، تۆت تەرەپلىك، بەش تەرەپلىك، ئالتە ۋە سەككىز تەرەپلىك بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئېگىز تۈۋرۈك قادىلاتتى. ئۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، تۈۋرۈكلەرنىڭ چېدىر ئۈستىدىن چىقىپ تۇرغان قىسمىغا كۈن، يۇلتۇز شەكلىدىكى بەلگىلەر ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ باش سۆڭىكى ئېسىپ



19 ـ رەسىم — شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى
چېدىر ئۆي كۆرۈنۈشلىرى

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، 70 ـ، 71 ـ بەت.

قويۇلاتتى. ئۆيلەرنىڭ ئىچى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىشىكتىن كىرگەندە ئۇدۇل تەرەپ «تۆر» ھېسابلىناتتى.

چېدىر ئۆيلەر ئورخۇن - يەنسەي يېزىقىدا « 𐰲𐰓𐰼 » دەپ يېزىلىپ «ئەۋ» (əb, əw) ئۆي ئۇقۇمىنى بىلدۇرگەن. تىلشۇناسلار «چېدىر» دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى ئېتمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنى مۇنداق رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققان:

«چادرا (قەدىمكى ئارىيان تىلى)، چادار (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى)، چاتىر (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، تۇرك تىلى)، چادىر (چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى)، چېدىر (ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى)».

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەختتە مەخسۇس «چاتىر مەھكىمىسى» (揼特儿局) تەسىس قىلىنغان ھەمدە غەربىي يۇرتلۇق ئەختەردىن[1]. «چاتىر مەھكىمىسىنىڭ» باشلىقى بولغان.

## قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى

قەلئە - قورغانلار قوغدىنىش يۈزىسىدىن ياسالغان مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقىدا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى پەۋقۇلئاددە پۇختا بولۇپلا قالماي يەنە لايىھىلىنىشىمۇ ئۆزگىچە. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي ئىشلار ئەسلىھەلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئىنتايىن تەرەققىي

---

① ئەختەردىن — موڭغۇللار دەۋرىدە ئۆتكەن غەربىي يۇرتلۇق مەشھۇر ئارخىتېكتور بولۇپ بېيجىڭدىكى خان سارىيىنى لايىھىلىگەن ۋە پۈتۈن قۇرۇلۇشقا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان.

قىلىنغان ۋە قاتتىق باشقۇرۇلغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرۇشىدا ھەر دەرىجىلىك چوڭ - كىچىك ھەربىي ئىشلار ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە «قوشۇن» ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇنى قوشۇن باشلىقى باشقۇرغان؛ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە «ھەربىي كەنت» بولۇپ، ئۇنى باسقاۋۇل باشقۇرغان؛ شەھەرنى شەھەر بېگى باشقۇرغان؛ قورۇلنى قورۇل بېگى باشقۇرغان؛ ئەڭ كىچىك ھەربىي بىرلىك قەلئە بولۇپ، ئۇنى قەلئە بېگى باشقۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە قورۇل بىلەن قەلئەنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى ئوخشاشراق بولۇپ، بۇلار ئادەتتە مۇھىم قاتناش يوللىرى ئۈستىگە ياسىلىپ دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە پايدىلىنىلىدۇ ھەتتا پوچتا - ئالاقە، كارۋان، سەيياھلارنىمۇ ئەكشۇرىدۇ. تۆۋەندە شىنجاڭدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەلئە - قورغان قورۇلۇش خارابىلىرىدىن بىرقانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى قورۇقتاغدا ساقلىنىپ قالغان قەلئەنىڭ تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، كەڭلىكى 60cm كېلىدۇ. تاشلار چەك باستۇرۇپ ئىنتايىن ياپسا قىلىپ تىزىلغان. قەلئەنىڭ جەنۇبىدا 1.5m كەڭلىكتىكى بىرلا دەرۋازىسى بار. دەرۋازىدىن چىققاندا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاش توسۇقلار بولۇپ، تاش توسۇقلارنى بويلاپ مېڭىپ تاغدىن چۈشكىلى بولىدۇ. ئارخېئولوگلار بۇنى خەن دەۋرىگە ئائىت بىر تىپىك قورغان دەپ يەكۈن چىقارغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدا دىئامېتىرى 60m كېلىدىغان يۇمۇلاق قورغان خارابىسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، قورغان سېپىلى خاڭداش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇلغان. سېپىلنىڭ ھەر بىر مېتىر ئېگىزلىكىدە بىر قەۋەت 10cm قېلىنلىقتا يۇلغۇن ياكى چىغ باستۇرۇلۇپ، سېپىل گەۋدىسى مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇ خارابىنىڭ غەربىدە 7.8m ئۇزۇنلۇقتىكى كېسەك تام بىلەن خاڭداپ

قوپۇرۇلغان تام بار. قورغاننىڭ شەرققە قارىغان بىرلا ئىشىكى بولۇپ، كەڭلىكى 12m كېلىدۇ. سېپىلنىڭ ئۈستىگە كۇنگرە ياسالغان، سىرتقى يۈزىگە قوقتا چىقىرىلغان.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن 45km يىراقلىقتىكى چاقىلىق دەرياسى بويىدىكى 80m ئېگىزلىكتىكى تۆپىلىككە جايلاشقان تاش قەلئە جۇغراپىيىلىك يەر شەكلىگە ئاساسەن مۇشۇ جايىنى تاللاپ ياسالغان بولۇپ، ئايلانمىسى 30m كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدە بىرلا دەرۋازىسى بولۇپ، قەلئە ئىچىدە تاشتىن قوپۇرۇلغان ۋە خىش بىلەن ياسالغان كىچىك ئۆيلەر ساقلىنىپ قالغان. تەتقىقاتچىلار بۇ قەلئەنى كروران خانلىقىغا تەۋە ھەربىي قۇرۇلۇش دەپ يەكۈن چىقارغان (20 - رەسىم).


a


b

20 - رەسىم a — چاقىلىقتىكى قەدىمكى قەلئە؛ b مازارتاغ قەلئەسى
(بۇ سۈرەتنى توختى تۇراخۇن تەمىنلىگەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تىم - تۇرا قۇرۇلۇشلىرى

تىم - تۇرا قەدىمكى دەۋردىكى يىراقنى كۆزىتىش (ئاساسەن دۈشمەننى كۆزىتىش)، خەۋەر، بەلگە بېرىش ئۈچۈن ئېگىز جايلارغا ياسالغان ھەربىي قۇرۇلۇش بولۇپ، شەھەر دەرۋازىسى يېنىدىن باشلىنىپ بىر - بىرى بىلەن ئاساسەن كۆرۈنگۈدەك ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ. خەۋەر، بەلگە بېرىشتە كۈندۈزى ئىس قويۇلىدۇ، كېچىسى ئوت يېقىلىدۇ.

بۇ خىل ھەربىي قۇرۇلۇش تارىختىن بۇيان تىم، تۇر، تۇرا، قاراغۇي، قاراغۇ، پوتەي دېگەندەك نۇرغۇن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى زامانلاردا كۆزەتچىلىك، خەۋەرلىشىش، مۇداپىئەلىنىش ۋە يولۇچى، كارۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ياسالغان بىر خىل مۇھىم ھەربىي ئىشلار ئەسلىھەسى ئىكەنلىكى ئېنىق.

قەدىمكى تىم - تۇرالار ئۆزئارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىلىپ مۇۋاپىق جايلارغا ياسىلىشى شەرت ئىدى. بۇ ھەقتە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «تىملارنىڭ ئارىلىقى ئادەتتە 30 چاقىرىم بولسا بولىدۇ. لېكىن، 30 چاقىرىم بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆزئارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇشى لازىم» دەپ خاتىرىلەنگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق تىم - تۇرالار تېخىمۇ كۆپلەپ ياسىلىپ قاتناش - ئالاقە ئىشلىرى راۋاجلاشتۇرۇلغان. گەنسۇدىكى ۋۇۋېي دېگەن جايدىن لوپنۇرغىچە نۇرغۇن تۇرلار ياسالغان بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ مەنزىرە «تۈمەن يوللۇق مۇساپىدە تۇرلار ئۆزئارا كۆرۈنۈپ تۇرار» دەپ تەسۋىرلەنگەن. تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا كەلگەن شائىر سىڭ شىن بۇ جايدىكى

تۇرلارنى كۆرۈپ:


«ئات چاپتۇرار راباتلار ئارا،
پوچتىكەشلەر ئۇچقۇر يۈلتۇزدەك.
باقساڭ يىراق رابات - تۇرلارغا،
قارىسى كۆرۈنەر تىزىپ قويغاندەك» ①.

دەپ شېئىر يازغان. شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىم - تۇرالارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئاچال، ئۆتكەل، شەھەر ۋە يېزا - بازارلارنى تۇتاشتۇرىدىغان كارۋان يوللىرى بويلىرىغا ياسالغان بولۇپ، مەخسۇس ئادەم قويۇلغان. ئۇلارنىڭ يېنىغا يەنە ئۆتەڭ، قونالغۇ، ساراي، دۇكان، ئاشخانا قاتارلىقلار سېلىنغان. بۇلار يىپەك يولىدا قاتناپ تۇرىدىغان ئەلچى، سودىگەر، سەيياھ، ھەربىي - مۇلكىي ئەمەلدار . . . قاتارلىقلارنى ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارغا يول نىشانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۇلاغ ۋە يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش، جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. تىم - تۇرالار ئادەتتە تاش، كېسەك ۋە نەم توپىنى خاڭداش ئارقىلىق قوپۇرۇلغان بولۇپ، كۆپىنچىسى مۇنار شەكلىدە ياسالغان. ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوپۇرۇش جەريانىدا مەلۇم ئېگىزلىكتە بىر قۇردىن ياغاچ بادرىلار باستۇرۇلغان (بىرىنچى قۇر بادرىلار توغرىسىغا قويۇلغان بولسا ئىككىنچى قۇردىكى بادرىلار ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان.

شىنجاڭدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تۇرلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ تۇرلار خەن - تاڭ دەۋرلىرىدىن تاكى سۇڭ، يۈەن،

① ئا. مەخسۇت: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى تۇرلار»، شىنجاڭ گېزىتى 1995 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈندىكى سانى.

ـنىڭ، چىڭ مىنگو دەۋرلىرىگىچە ئىلگىرى - ئاخىر ياسالغان ھەم داۋاملىق پايدىلىنىلغان. كېيىنچە بەزى تىم - تۇرالار ئاۋاتلىشىپ كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان چوڭ - چوڭ بازارلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. شىنجاڭدىكى يەر ناملىرى ئىچىدە تىم - تۇرا نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يەر ناملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقى، يەر ناملىرى، قاتناش - ئالاقە ئىشلىرى ۋە ھەربىي مۇداپىئەسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇچادىكى 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە قىزىل قاراغۇ (ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 20m)، لوپنۇردىكى تۇرگىن تۇرى ۋە توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تاش تۇر (بۇ ئىككى تۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق تىم - تۇرالار بىرقەدەر مەشھۇردۇر. (21 - رەسىم).




21 - رەسىم — شىنجاڭدىكى قەدىمكى تۇرلاردىن كۆرۈنۈشلەر

# ئىككىنچى باب
# قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىقى

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىقى ئۇزاق تارىخقا، روشەن ئالاھىدىلىككەشۇنداقلا ئۆزىگە خاس يەرلىك ئۇسلۇبقا ئىگە.

مىلادى 840 - يىلى ئۇيغۇرلار تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پارچىلىنىپ، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بىر تارمىقى جۇڭغارئويمانلىقىنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، تۇبۇتلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، تۇبۇتلەرنىڭ ئىلكىدىكى بېشبالىق، رۇمچە (ھازىرقى سېجۇن)، قوچۇ (ھازىرقى تۇرپاندىكى قاراغوجا) قاتارلىق مۇھىم جايلىرىنى تارتىۋېلىپ، قوچۇدا يېڭى بىر ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق تارىختا «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ خانلىقنىڭ قوچۇ ۋە بېشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى جايدا پايتەختى بولغانىدى. قوچۇ قىشلىق پايتەختى، بېشبالىق يازلىق پايتەختى ئىدى.

مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى جەھەتتە تۇرخۇن ئۇيغۇرلىرى تۇرپان ۋادىسىدىكى قېرىنداشلىرىدىن خېلىلا ئىلگىرىلىنەتتى. چۈنكى، تۇرپان مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىلا غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك جايلارنىڭ بىرى شۇنداقلا يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە بولسا ئۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ خېلى راۋاجلانغان بىر باسقۇچىدا تۇراتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مېتالچىلىق، قول

ھۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك، بىناكارلىق جۈملىدىن بارلىق مەدەنىيەت سەنئەت ساھەلىرى گەۋدىلىك تەرەققىي تاپقانىدى.

ئۇيغۇرلار قوچۇ رايونىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغاندىن كېيىن دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇش ئادىتى بويىچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمما، ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن كۆپ ئەۋزەل تۇرىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن ھەم شۇنىڭغا يۈزلىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئەمدىكى بۇ ماكانى كۆچمەن چارۋىچىلىققا قارىغاندا دېھقانچىلىققا تېخىمۇ باب كېلەتتى. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادىتىگە ماسلىشىپ، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە ئورۇنغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك كىگىز ئۆيلەردە ياشاپ، ئوت - سۇ قوغلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەرقايسى ساھەلەردە، بولۇپمۇ ئولتۇراق ئۆي، نەققاشلىق ۋە شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تامامەن يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىنى باشلىدى.

تۆۋەندە بىز تۇرپاندا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى دەۋرلەرگە ئائىت قۇرۇلۇشلار ۋە شۇ دەۋرلەرگە تەئەللۇق تارىخىي ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتى توغرىسىدا تۇرالغۇ، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى ساھەلىرى بويىچە قىسقىچە توختىلىمىز.

## تۇرالغۇ

تۇرپاننىڭ قەدىمدىنلا «ئوت دىيارى» دېگەن نامى بار. تۇرپان

www.uyghurkitab.com



ئىسسىقلىقىنىڭ ياز پەسلىدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 80 گرادۇسقا يېتىدۇ، ھەر يىلى ئوتتۇرىچە ھېسابلىغاندا 30 قېتىم بىلەن يۇقىرى شامال چىقىدۇ. كېلىمات جەھەتتىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى، ئۇسلۇبى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىپىك ئولتۇراق ئۆيلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بىلەن ياسالغان:

1. يەرنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان. بۇ خىل شەكىلدىكى ئۆيلەر يەرنى مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا تۆت چاسا ئويۇپ، قاتتىق توپىدىن تام ھاسىل قىلىپ، ئۆگزىسى تۈز ۋە كېمەر شەكلىدە يېپىلغان. تۈۋرۈك ئىشلىتىلمىگەن. بەزى ئۆيلەر ھەتتا ئىككى - ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ئۆگزىسى ياغاچ بىلەن تۈز تۈرۈسلۇق قىلىپ يېپىلغان. تاملىرىغا تەكچە - ئويۇق، سۇپا چىقىرىلغان. ھويلىسى كىچىكرەك، بەزى ئۆيلەرنىڭ ھويلىسى يوق.

يەرنى ئويۇپ ئۆي ياساش ئۇسۇلى تۇرپاننىڭ قەدىمىي بىناكارلىق تېخنىكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىز ۋە دۇنياغا مەشھۇر يارغول قەدىمكى شەھىرىدە بۇنىڭ تىپىك نامايەندىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ يەرنى ئويۇپ ياسىلىشىدا مۇنداق تۆت خىل سەۋەب بار: بىرىنچى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئولتۇراق جايلىرى ئۇلار ئىپتىدائىي چاغلاردا پاناھلانغان ئۆڭكۈرلەرگە تەقلىد قىلىپ تاش قوراللار بىلەن يەرنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان. يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى ئەڭ بالدۇرقى دەۋرلەرگە ئائىت ئىزلاردا مانا شۇنداق ئولتۇراق ئۆيلەر بايقالدى. ئالىملار بۇ جايدا بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئون بەش مىڭ يىللار بۇرۇنلا يارغول ئاھالىلىرى ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان دەپ يەكۈن چىقاردى. دېمەك، بۇ خىل قەدىمىي

بىناكارلىق تېخنىكىسى ئىزچىل تۈردە قوللىنىلغان؛ ئىككىنچى، ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىق هاۋا كىلىماتىنىڭ تەسىرى بار. يەر ئاستى ئۆيلىرى يازدا سالقىن، قىشتا ئىللىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا، بۇ جايدا ياشىغان ئاھالىلار مۇشۇ خىل بىناكارلىق شەكلىنى تاللىغان؛ ئۈچىنچى، يارغول قەدىمكى شەھىرى جايلاشقان تۆپىلىكنىڭ تۇپراق قاتلىمى قېلىن ھەم يېپىشقاق بولۇپ، ئويۇپ ئۆي ياساشقا تازا باب كېلىدۇ؛ تۆتىنچى، قەدىمكى دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىناكارلىق تېخنىكىسى ئانچە ئىلغار بولمىغاچقا يەر ئۈستى كېمىر ئۆيلىرى تېخى ئىجاد قىلىنمىغان، كېمىر ئۆيلەر ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن بولسا يەر ئاستى ئۆيلىرى بىلەن يەر ئۈستى كېمىر ئۆيلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلگەن ۋە بۇ خىل بىناكارلىق شەكلى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان.

2. كېسەك بىلەن ياسالغان. بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ تېمى كېسەكتىن باشقا يەنە سېغىز توپىنى يۇمشاق ئاغدۇرۇپ، سۇ قۇيۇپ قاندۇرۇپ، مەلۇم ۋاقىت تىندۇرۇپ نەمخۇش سېغىز لاي ھالىتىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى چاسا ـ چاسا قىلىپ كېسىپ ئېلىپ، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر پۇختا، ئۆلچەملىك بولۇپلا قالماستىن يەنە، ئالدى يۈزىگە، ئىشىك ـ دېرىزە ئەتراپلىرىغا گىرۋەك چىقىرىپ چىرايلىق كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

3. سوقما تاملىق قىلىپ ياسالغان. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېز، قۇرۇلۇش سۈپىتى ياخشى بولۇپ، بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.

4. ئارىلاشما ئۇسۇل بىلەن ياسالغان. بۇنىڭدا يۇقىرىقى ئۈچ خىل تام قوپۇرۇپ ئۆي ياساش ئۇسۇلى تەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، يەر يۈزىگە تام سوقۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ،

ئاندىن ئۆگزىسى يېپىلغان. بىرقەدەر چوڭ تىپتىكى ئىمارەتلەر مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالغان.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا چېدىر شەكلى كەڭ قوللىنىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تۇرپان ۋادىسىدىن سېتال، ياغاچ، تاش ۋە گەجگە ئويۇلغان نەقىش - بېزەكلەر، كاھىش، گۈللۈك خىش، خىشلار كۆپلەپ تېپىلدى. قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئىمارەت ئىزلىرى چېدىر، گۇمبەز، كېمىر، گەمە ۋە يېرىم گەمە شەكلىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى. بۇنىڭدىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ بىللە ئېلىپ بېرىلىشىدەك ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن، قوشۇمچە ئىگىلىك مۇئەسسەسەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلى ئاساس قىلىنغان. «ئۇلار دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن باشقا ھويلا - ئاراملارغا چىڭسەي، باش پىياز، سامساق قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىغان، ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرگەن، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى باققان»①. ۋاڭ يەندىنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە «قوچۇدا . . . يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، كىشىلەر يەرنى كولاپ ئۆي ياساپ ئولتۇرىدۇ. ئۆيلەر ئاق گەج بىلەن ئاقارتىلىدۇ» دېيىلگەن. تۈركشۇناس گابائىن خانىم مۇنداق يازىدۇ: «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي ماكانلىرى تولىراق

① فون . گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، 1989 - يىل نەشرى، (خەنزۇچە).

ئىككى قانات ئىشىكلىك، دەرۋازا ئۈستىدە راۋىقى بار ۋە تاملىرى يېرىم ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان توسما تام ئىچىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. بەزى ئۆيلەر ئېگىزلىكى 50cm كېلىدىغان خىش ئۇلنىڭ ئۈستىگە سېلىناتتى، ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ياسالغان پەلەمپىيى بولاتتى، ئۆيلەرنىڭ تولىسى بىر قەۋەت بولۇپ، تاملىرى مۇستەھكەم ئىدى. بايرام كۈنلىرىدە ئۆي سىرتىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە يېشىل پەردە تارتىلىپ، تامنىڭ بۇرجەك جايىدا تۇگۇچ تۇگۇپ قويۇلاتتى. ئۈستى كاھىشلىق ئۆيلەر خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايتتى ئۆگزىسى بېلىق سىرتى شەكىللىك بولۇپ ئىككى ئۇچىغا قوشنىڭ (سۇمۇرۇغ بولسا كېرەك) شەكلى ئورنىتىلاتتى. . . ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇ چوڭ مۇنچاق (بوغۇملۇق قۇببە — ئا) قادىلاتتى. ئۆينىڭ ئۆگزىسى كۆپىنچە قىزىل رەڭدە ھەشەمەتلىك پەردازلىناتتى. ئۆينىڭ ئۈستىدە بالىخانا (بالىخانا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، قالىق qaliq، دېيىلىدۇ) سى بولۇپ، تولىراق سىپتا ئىشلەنگەن كاتەكچە شىپاڭدىن ئىبارەت بولاتتى. . . . ئۆيلەرنىڭ تېگى گۈللۈك تاختاي بولاتتى ياكى گىلەم سېلىناتتى. كىشىلەر دائىم ئېگىزلىكى 30cm كېلىدىغان كىچىك ئۇزۇن بەندىڭ (ئورۇندۇق، سۇكا) دە، ياكى پولدا ئولتۇراتتى»[1]. دېمەك، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى قۇرۇلما جەھەتتە پۇختا، كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۆزىگە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ياراتقان. ئىدىقۇتتىن تېپىلغان «توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» دە ئۇن بىر جانلىق بىر سودىگەر ئائىلىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر ـ سۇ، ئۆي ـ ۋاق، تەكلىك باغ، قوتان قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان؛ ئاستانە قەدىمكى

---


① فون . گاباۋىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىل، 3 ـ سان.

قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان جىن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر پارچە رەسىمدە ئائىلە باشلىقى مېۋىلىك باغدىكى گۇمبەز تورۇسلۇق راۋاقتا ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان، ئوڭ تەرەپتە ئاشخانا ئۆي، ئۆي تېمىغا ئويۇق (تەكچە) ئويۇلغان، سول تەرەپكە ئىگەرلەپ تەق قىلىنغان ئات ۋە ئاتنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاتباقار، ئۈستى تەرەپكە ئېتىز - ئېرىق كۆرۈنۈشى سىزىلغان بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىپىك ئائىلە تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (22 - رەسىم).

بېزەكلىك مىڭئۆي 11 - غارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تېمىغا ھويلىسى تام بىلەن قورشالغان؛ ئۆيلەر ئىچكىرى تاشقىرى قىلىپ بىر يۈرۈش ياسالغان؛ چوڭ دەرۋازىسى ئۆيگە ئۇدۇل قىلىپ ئېچىلغان تۇرالغۇ ئۆي رەسىمى سىزىلغان (23- رەسىم). بۇ ئىككى پاكىتلاردىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بىر يۈرۈش قىلىپ ئىچكىرى-تاشقىرى ياسىلىدىغانلىقىنى، ئىشىك-دەرىزىلىرىنىڭ ئالدى تامغا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆيلىرىنىڭ ئېگىز سوقما تام



22 - رەسىم — ئائىلە تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىم



23 - رەسىم — بېزەكلىك مىڭئۆي 11 - غارغا سىزىلغان هويلىلىق قۇرۇلۇش (تۇرالغۇ)

بىلەن قورشىلىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش جەھەتتە مۇكەممەللەشكەنلىكىنى، هويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى قۇرۇلما، شەكىل ۋە كۆلەم جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا سىڭىپ كىرىپ، تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلىم - سېتىم ۋەسىقىلىرى ئىچىدە ئۆي سېتىشقا دائىر هۆججەتلەرمۇ بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «كۈلۈگنىڭ ئۆي سېتىش هۆججىتى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ ئۆي (ئەۋ) نىڭ دەرۋازىسى تەرەپتە چوڭ يول؛ كۈن چىقىش تەرىپىدە سىرتىغچى تازنىڭ ئۆيى؛ ئاستىنقى (جەنۇب) تەرىپىدە بەدىزچى (رەسسام، نەققاش) قاپۇتنىڭ ئۆيى؛ ئۈستى (شىمال) تەرىپىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



...شىنىڭ ئۆيى بار. ئۆيىنىڭ ئاچقۇچلىرى تولۇق، ئۆيىمىزنىڭ ئۇن بىر دانە كوزا . . . سى بار. بۇنىڭدىن كېيىن مىڭ يىل تۈمەن كۈنگىچە (مەڭگۈلۈك) شاجۇ سانغۇنغا ساتتىم. مەيلى ئۆزى يېڭىلانسۇن ياكى باشقا كىشىگە ساتسۇن ساچۇ سانغۇن زىيانغا ئۇچرىمايدۇ . . .»[①].

## ئىبادەتخانا

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەسلەپتە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. كېيىنى دەۋردىكى بۇددا دىنىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئورنى شەھەر - بازارلاردىكى ئىبادەتخانىلاردىن قالسا، خىلۋەت جايلارغا ۋە تاغ باغرىغا ياسالغان مىڭئۆيلەردىن ئىبارەت بولغان.

بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىمۇ كۆپىنچە هويلىلىق قۇرۇلۇش تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، دىنىي پائالىيەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەر بۇددا مۇنارىنى مەركەز قىلىپ ياسىلىپ، هويلىنى سىرت بىلەن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئىشىكلىرى هويلىغا قارايدۇ. بۇددا ئىبادەتخانىسى هويلا ئوتتۇرىسىغا ياسالغان بۇددا مۇنارىنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان بولىدۇ. دەرۋازىدىن كىرگەندە كۆزگە دەماللىقتا بۇددا مۇنارى چېلىقىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ ئەهمىيىتى زور بولۇپ، ئۇ «بۇد ساقلاش مۇنارى»، «نوم ساقلاش مۇنارى»، «جەسەت كۆلى ساقلاش مۇنارى» قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ هەممىسى «بۇددا مۇنارى» نى مەركەز قىلىپ جايلاشقان بولىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئىچىدە

---

① بۇ ۋەسىقە خەنزۇچە «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانىدا لى جىڭۋېي پەندى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.


هازىرغىچە بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن قوچۇ قەدىمكى شەھىرىدىكى تۆت قەۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىسى مۇنارى (24 ـ رەسىم)، سىركىپ ئېغىزىدىكى يەتتە قەۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىسى مۇنارى (25 ـ رەسىم)، يارغولدىكى بۇددا




24 ـ رەسىم



25ـ رەسىم



26 ـ رەسىم



27 ـ رەسىم



28 - رەسىم



29 - رەسىم


...ارلىرى توپى (26 - رەسىم) ۋە قوچۇدىكى بۇددا
...ادەتخانىسىنىڭ خارابىسى (27 - رەسىم)، جەسەد كۆلىنى
...ىقلاش مۇنارى «ستۇپا» (28 - رەسىم) نىڭ خارابىسى،
...ەركىزىي مۇنار (29 - رەسىم) دىن ئىبارەت بىرقانچە قۇرۇلۇش
...ار.

...ۋاڭ يەندىنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە:
...قوچۇدا ... ئەللىكتىن ئوشۇق ئىبادەتخانا بار، ئاھالىلار ئەتىياز
...ىلىرىدا توپ - توپى بىلەن كېلىپ ئىبادەتخانىلارنى ئارىلايدۇ.
...ىلە - زىيارەت قىلىدۇ ... ئىبادەتخانىلاردا خان يارلىقلىرى
...رۇقى تەسىس قىلىنغان... ئۇنىڭدىن باشقا مانى ئىبادەتخانىسىمۇ
...ار» دېيىلگەن. «قوچۇنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى» دا: «قوچۇنىڭ
...ىچكى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئەۋلىيالار مۇنارى بار،
...ېيتىلىشىچە بۇ مۇنار ئاسۇكا ياسىغان مۇنارغا ئوخشايدىكەن»
...ېيىلگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر تارمىقى قوچۇ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بۇ جايدا مانى دىنى تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئالىملار تۇرپان رايونىدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مىلادى 7 ـ 9 ئەسىرلەردىن باشلاپ بىنا قىلىنغان. 10ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ياكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. پەقەت بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان دەپ قارايدۇ[①]. ئالىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى ئىچىدە ئەڭ تىپىك بىرى بەش قەۋەت، سۇپىلىق قىلىپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ياسالغان بولۇپ، پۈتۈن ئىبادەتخانا ئەللىك ھۇجرىدىن تەركىب تاپقان. بەزى ھۇجرىلاردا تام رەسىملىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەدھىيە سۆزلىرى خېلى بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان. تۇرپاندىن تېپىلغان «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» دە مانى دىنى ئىبادەتخانىسىغا قاراشلىق ئامبار، ئىبادەتخانا، شىمالىي شەھەرىستان، جەنۇبىي شەھەرىستان، ياغاچچى، مال باققۇچى، ئا... باققۇچى، كىگىزچى، ئوتۇنچى قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن[②]. دېمەك، مانى دىنى ئىبادەتخانىسىمۇ تىپىك ھويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلىگە ئىگە بولۇپ، قوشۇمچە مۇئەسسەلىرى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭكىدىن قېلىشمىغان. مە... ئىچىگە رەسىم سىزىلغان. بۇ ھۆججەتنىڭ تىلىدىن قارىغاندا قو... ئۇيغۇرلىرى شەھەرنى «بالىق»، ئۆي-جاينى «ئەۋ-تۇرۇق»، مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنى «مانىستان»، ئىبادەتخانىنى «بۇرقان» دەپ ئاتىغان.

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1993 ـ يىل 6 ـ ئاپرېل، 3 ـ بەت.
② «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى»، 1996 ـ يىل 1 ـ سان.

بېزەكلىك مىڭئۆيى، 25 - غارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى تېمىغا سىزىلغان قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىگە ئائىت مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ رەسمى (30 - رەسىم) دىن قارىغاندا، مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى شەكىل، ئۇسلۇب ۋە مەزمۇن جەھەتتىن دىنى ئېتىقاد بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، بولۇپمۇ مانى دىنىنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.



30 - رەسىم — بېزەكلىك مىڭئۆيى 25 - غارىغا سىزىلغان مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ رەسمى

# شەھەر قۇرۇلۇشى

تۇرپان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ نۇرى ئەڭ بۇرۇن چېچىلغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئالىملار يارغول قەدىمكى شەھىرىدە تەخمىنەن بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىنسانلار ياشىغان دەپ يەكۈن چىقارغان[①]. دېمەك، بۇ جايدا ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە بارا - بارا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە خېلى بۇرۇنلا شەھەر پەيدا بولغان. يارغول شەھىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ شەھەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ماكانى بولۇشتىن باشلاپ تاكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تەرەققىياتىغىچە ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە بۇ ئەلنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلىپ، يارغول، قوچۇ (ئىدىقۇت)، بەشبالىق شەھەرلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىچىك شەھەرلەر بىنا بولغان. دېمەك، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەر تۇرمۇشى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. تۇرپاندىكى يارغۇل، ئىدىقۇت، لامپاگۇڭشاڭ، قوتانتۇر قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھېلىغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ يارغول ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، شەھەر مۇداپىئەسىنىڭ پۇختىلىقى، شەھەر كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

---

① «شىنجاڭ گېزىتى»، 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ - كۈنىدىكى سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىچىدە يارغول بىلەن قوچۇ (ئىدىقۇت)، بەشبالىق قەدىمكى شەھەرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## يارغول

يارغول قەدىمىي شەھىرى ھازىرقى تۇرپان شەھىرى يار يېزىسى يارغول مەھەللىسى تەۋەسىدە. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 98 گرادۇس 13 مىنۇت، شىمالىي پاراللېل 34 گرادۇس 75 مىنۇتتا. بۇ قەدىمىي شەھەر دېڭىز يۈزىدىن 78m ئېگىزلىككە جايلاشقان. غەربىي شىمالىي — شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشىدە ئۇزۇنلۇقى 1775m بولۇپ، ئەڭ كەڭ بۆلىكى 300m، ئومۇمىي يەر مەيدانى $430,000m^2$ كېلىدۇ. قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن $360,000m^2$ بولۇپ، ئاساسلىقى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، بۇ شەھەر ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلىرىگە ئاساسلانغاندا، شەھەرنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى دائىرىسى خېلىلا چوڭ بولۇپ، تارىختىكى زور كەلكۈن، يەر تەۋرەش ۋە قاتتىق يامغۇر زەربىسىدە تىك يار ئۈزلۈكسىز گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، شەھەرنىڭ كەڭلىكى ئاز دېگەندە 50m تارىيىپ كەتكەن. ھازىر شەھەرنىڭ ئۇزۇنىسىنى بويلاپ ئىككى تەرىپىدە 30m چوڭقۇرلۇقتىكى يارداڭلىقتا دەريا سۈيى شەھەرنى ئايلىنىپ ئېقىپ شەھەرنىڭ جەنۇبىغا بارغاندا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. «يارغول» دېگەن نام مانا مۇشۇ خىل يەر شەكلىگە قارىتا قويۇلغان بولسا كېرەك.

ئارخېئولوگلار يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىدىكى غولنىڭ شىمالىدىكى تۆپىلىكتىن كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى

ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى بايقىغان. بۇ بايقاش —
شىنجاڭدا كونا تاش قوراللار دەۋرىگە خاس مەدەنىيەت يالداملىرى
بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئىنسانلىرنىڭ تۇرپان
ئويمانلىقىدىكى پائالىيىتىنىڭ تارىخىنى ئون بەش مىڭ يىلدىن
يىگىرمە مىڭ يىللارغىچە ئىلگىرى سۇردى[1].

يارغول قەدىمكى شەھىرى تۇرپاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى
تۆتىنچى دەۋر چۆكۈندە تۆپىلىكتە بىنا قىلىنغان. تۆپىلىك قىلىن
ھەم قاتتىق سېرىق توپىلىق چۆكۈندە بولۇپ، يارغول قەدىمكى
شەھىردىكى ئەجدادلار مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىتتىن ئۇستىلىق
بىلەن پايدىلىنىپ يارغول شەھىرىنى توپىنى كولاپ ئۆي چىقىرىش
ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇپ چىققان. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە،
يارغولدا ھازىرغا قەدەر ئوبدان ساقلانغا 1339 ئېغىز ئۆي، 106
ئۆڭكۈر، بەش خۇمدان ئىزى بار ئىكەن. شەھەر بويىچە 3869m
ئۇزۇنلۇقتىكى يولنىڭ ئىزىنى ھېلىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت شەھەر قوۋۇقى (دەرۋازىسى)، توققۇز
ئاددىي يول (تار كوچا) بار ئىكەن. يەنە يىگىرمە بەش ئىبادەتخانا،
316 قەدىمكى قۇدۇق، ئىككى بازار، ئون تۆت كارخانا بار ئىكەن.
بۇ يالداملار ۋە باشقا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملاردىن
قارىغاندا، يارغول قەدىمكى شەھىرى قەدىمكى شەھەر دۆلىتى
مەدەنىيىتىنىڭ بىخ ھالىتىدىن تارتىپ تاكى گۈللىنىپ ئاۋاتلاشقان
دەۋرىگىچە بولغان پۈتۈن جەريانىنى مۇكەممەل ساقلاپ قالغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇ قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئەۋرىشكىسى دەپ
ئاتالماقتا.

مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا بۇنىڭدىن
5000 يىللار ئىلگىرىلا يەنى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى

---

① «شىنجاڭ گېزىتى»، 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانى.

مەزگىللىرىدە يارغولدا ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان. 3000 ـ 4000
يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قاڭقىللار ياشىغان[1].


يارغول شەھىرىنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىگە
قوۋۇق (شەھەر دەرۋازىسى) ياسالغان. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي
قوۋۇق شەھەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق چوڭ قوۋۇقى ھېسابلىنىدۇ.
ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، بۇ قوۋۇق ھازىرقى
سەياھەتچىلەر كىرىپ ـ چىقىدىغان جايغا توغرا كېلىدىكەن. شەرقىي
قوۋۇق شەھەر مۇداپىئەسى ۋە ئاھالىلارنىڭ شەھەردىن چىقىش ـ
كىرىشى ئۈچۈن يارنى قېزىپ ياسالغان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە
ئۇزۇنلۇقى 8m — 3m، كەڭلىكى 2.5m — 2m كېلىدۇ. ئۇنىڭ
غەرب تەرىپىدە يەنە بىر يان ئىشىك بار. بۇ ئىشىكتىنمۇ شەھەر
سىرتىغا چىققىلى بولىدۇ. سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ 8m — 7m
ـاگما ئىككى ئىشىك ئارقىلىق شەھەردىكى كوچىلارغا كىرگىلى
بولىدۇ. ئارخېئولوگلار بۇ جايدىن قەدىمكى ئالتە قۇۋۇقنى
بايقىغان. بۇ قوۋۇق يېرىم چەمبەر شەكىلدىكى بوشلۇقتا ياسالغان
بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسلىھەلەر شەھەرنىڭ مۇھىم قاتناش
ۋە مۇداپىئە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. غەربىي قوۋۇق
تىپىك ھەربىي مۇداپىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بولۇپ،
مۇداپىئەسى ئىنتايىن پۇختا. ئۇنىڭ كەڭلىكى 3m — 2m بولۇپ،
ئىچىگە سۇرۇلگەنسېرى تىك قوۋۇق يولى يانتۇلاپ يەر يۈزىگە
ئۆتىشىدۇ. بەزىلەر بۇ قوۋۇقنى راھىبلارنىڭ كونا شەھەر بىلەن
قارشى قىرغاقتىكى مىڭئۆيلەرگە بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن ياسالغان
دەپ قارىماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يارغا ھەر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە
بىردىن تەخمىنەن 30cm چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولانغان. بۇمۇ
جىددىي پەيتلەردە ئۇستىدىن تاشلانغان ئارغامچا ئارقىلىق شەھەرگە

---

[1] مەخسۇت ھېيت: «يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ سىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1999 ـ يىل 24 ـ مارت.

چىقىش - چۇشۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن «شوتا» رولىنى ئوينىغان. پۈتۈن شەھەرگە يۇقىرىقى جايلاردىن باشقا ھېچقانداق جايدىن چىقىش - چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس.

يارغول شەھىرىنى جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە بىر يول كوچا ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يول جەنۇبىي قوۋۇقتىن باشلىنىپ، ئەمەلدارلار رايونىغا بارغاندا ئىككىگە بۆلىنىپ، شەرقىي چوڭ يول ۋە مەركىزىي چوڭ يولغا ئايرىلىدۇ. شەرقىي چوڭ يول ئەمەلدارلار رايونى (كۆزىتىش مۇنارى) دىن باشلىنىپ، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى (ئوردا)، شەرقىي قوۋۇق، كىچىك تىپتىكى ئاھالىلار ئولتۇراق رايونى، شەرقىي شىمالدىكى بۇتخانا قاتارلىقلاردىن ئۆتۈپ، مۇنارلار توپىغا بارىدۇ. مەركىزىي چوڭ يولمۇ ئەمەلدارلار رايونىدىن ئۆتۈپ ھەيۋەتلىك بۇتخانىغا بارىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى $36,000m^2$ كۆلەمدىكى قۇرۇلۇش توپى تار كوچىلار ئارقىلىق بىرقانچە كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تار كوچىلار مەركىزىي بۇتخانا، شەرقىي قوۋۇق، ئەمەلدارلار مەھكىمىسى، مەركىزىي چوڭ يول، شەرقىي شىمالدىكى بۇتخانا ۋە مۇنارلار توپىغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىچىك كوچىلار يوللار يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىككى چوڭ يولغا تۇتىشىپ، سىستېمىلاشقان شەھەر قاتناش يوللىرىنى ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. مەركىزىي چوڭ يولنىڭ جەنۇبىدا شەھەرنىڭ شىمالىدا كۆلىمى $4840m^2$ كېلىدىغان ئىنتايىن چوڭ بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى بار. شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇب تەرىپى چوڭ تىپتىكى ئاھالىلار ئولتۇراق رايونى، ئۇنىڭ شىمال تەرىپى كىچىك تىپتىكى ئاھالىلار ئولتۇراق رايونى ئوتتۇرىسى ھۆكۈمەت مەھكىمىسى. ھۆكۈمەت مەھكىمىسى رايونىغا خان ئوردىسى، ھەربىي مەشق مەيدانى، بالىلار قەبرىستانلىقى، شەرقىي قوۋۇق،




30 ـ رەسىم — يارغول شەھرىنىڭ تەكشى يۈز خەرىتىسى.

كۆزىتىش مۇنارى قاتارلىقلار جايلاشقان. شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆپ ساندىكى ئولتۇراق ئۆيلەر بولغاندىن سىرت يەنە نۇرغۇن قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى بار. شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت قەبرىستانلىق جايلاشقان. شىمال تەرىپىدىكى يارغا مىڭئۆي (يارغول مىڭئۆيى) قېزىلغان. باشقا تەرەپلىرىنى ئاساسەن ئېتىزلار ئوراپ تۇرىدۇ.

يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ تارىخى ئۇزاق، ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق، ئاسار - ئەتىقىلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇ 2000 نەچچە يۇز يىللار بۇرۇنقى ئالدى قوش خانلىقىنىڭ پايتەختى، شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1389 - يىلىدىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي بازىسى بولغان (31 - رەسىم).

## قوچۇ (ئىدىقۇت) شەھىرى

قوچۇ قەدىمكى شەھىرى تۇرپان شەھىرى قاراغوجا يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ نامى يەنە «ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى»، «قاراغوجا قەدىمكى شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «خەننامە — قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە «قوچۇ» ( 高昌 ) دەپ يېزىلغان. «ۋېينامە . قوچۇ تەزكىرىسى» دىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ، «قوچۇ شەھىرىدە ئالدى قوش خانلىقىنىڭ خانى تۇرىدۇ» دېيىلگەن.

قوچۇ قەدىمكى شەھىرى تارىختا كۆپ قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 48 - يىلى «قوچۇ قورغىنى» دەپ ئاتالغان بولسا، مىلادى 442 - يىلىغا كەلگەندە «قوچۇ شەھىرى» دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوچۇدا غەربىي ئوبلاست ئايمىقى

www.uyghurkitap.com



شىجۇ - 西州 ) ۋە قوچۇ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. مىلادى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پايتەختى بولغان. موڭغۇللار بېسىپ كىرگەندىن كېيىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. 1275- يىلى دۇۋا قوچۇ شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، 1383 - يىلى بېشبالىقتىكى قېدىرخان خوجا قوچۇغا يۈرۈش قىلىپ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلاملاشتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن قوچۇ شەھىرى تامامەن تاشلىنىپ قالغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى — قوچۇ تەزكىرىسى» دە شۇ چاغدىكى قوچۇ شەھىرى «خارابە شەھەر» دەپ يېزىلغان.

ھازىرقى قوچۇ شەھىرى تاشقى شەھەر، ئىچكى شەھەر ۋە خان قەلئەسى (ئوردا) دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلىنىدۇ. تاشقى شەھەر چاسا شەكىلگە مايىل بولۇپ، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئايلانمىسى 3415m دەپ يېزىلغان. ھازىرقى قوچۇ شەھىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە كۆلىمى كيۇ جەمەتى قوچۇ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە شەكىللەنگەن. سېپىلى كۆپ قېتىم سىرتقا قارىتا كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىن ئايلانمىسى 5000m غا يەتكەن. نەم تۈپىنى ھەر 70cm — 96cm قېلىنلىقتا بىر قېتىم خاڭداش ئارقىلىق قوپۇرۇلغان، ئاستىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 12m، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 3m . ھازىر ساقلىنىپ قالغان سېپىل قالدۇقىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5m — 11. 5m (مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەھەر سېپىلىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 15m — 20m غىچە كېلەتتى). سېپىلنىڭ سىرتقى تام يۈزىگە ھەر 30m — 45m ئارىلىقتا بىردىن قوقتا ياسالغان بولۇپ، گرونۋېدېلنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشقى سېپىلداجەمئى 70 نەچچە قوقتا بولغان. سېپىل ئەتراپلىرىدا كۆك ياكى ئاچ يېشىل رەڭلىك ساپال خىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھازىرقى ئىزلاردىن قارىغاندا شەھەرنىڭ 5 قوۋۇقى بولغان. غەربىي تەرىپىگە





图1

32 - رەسىم — قوچۇ قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەكشى يۈز خەرىتىسى

قوۋۇق؛ قالغان تەرەپلىرىگە بىردىن قوۋۇق ئېچىلغان (32 ـ رەسىم). تاشقى شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ئاساس قىلغان قۇرۇلۇش خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز مىقداردىكى تۇرالغۇ ئۆي قالدۇقلىرىمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە 14m×20m چوڭلۇقتىكى سۇپا ئۈستىگە ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىسى ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئىبادەتخانا ئارقىسىغا مۇنار ياسالغان. ئىبادەتخانىنىڭ غەرب ۋە غەربىي شىمال تەرىپىدىمۇ نۇرغۇن ئىمارەتنىڭ قالدۇقلىرى بار. تاشقى شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىمۇ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا مۇنارلىرىنى ئاساس قىلغان ئىمارەت خارابىلىرى بار. شىمال تەرىپىدىمۇ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ئاساس قىلغان قۇرۇلۇش خارابىلىرى بار. ستەيىن قويغان بەلگىلەرگە ئاساسلانغاندا تاشقى شەھەردە كەم دېگەندە ئون ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسى بولغان.

ئىچكى شەھەرنىڭ جەنۇب شىمال يۆنىلىشىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1000m، شەرق غەرب يۆنىلىشىدىكى كەڭلىكى تەخمىنەن 800m بولۇپ چاسا شەكىلگە مايىل قىلىپ ياسالغان. ھازىرقى ھالىتىدىن قوۋۇقىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش قىيىن. ستەيىننىڭ خەرىتىسىدىن قارىغاندا ئىچكى شەھەرنىڭ جەنۇب، شىمال تەرىپىگە تاشقى شەھەرنىڭ قوۋۇقىغا ئۇدۇل قىلىپ قوۋۇق ئېچىلغان، غەربىي شىمال تەرىپىدىمۇ بىر ئېغىز باردەك قىلىدۇ. خان قەلئەسى (ئوردا، يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى «خان تۇرا» دەپ ئاتىشىدۇ) ئىچكى شەھەرنىڭ شىمالىغىراق جايلاشقان بولۇپ، جەنۇب-شىمال يۆنىلىشىدىكى ئۇزۇنلۇقى 300m، شەرق- غەرب يۆنىلىشىدىكى كەڭلىكى تەخمىنەن 150m كېلىدۇ. سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 1000m ئەتراپىدا، ستەيىننىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا قالدۇق ئېگىزلىكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 15m غا يېتەتتى.

خان قەلئەسىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئولتۇراق رايون، شەرق تەرىپىدە سۇپا ئۇستىگە ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىسى بار. شەرقىي شىمال تەرىپىدە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بۇددا مۇنارى بار. مۇنار ئەتراپىغا كېسەك بىلەن قورۇق تام قوپۇرۇلغان. سىتەيىن قويغان بەلگىلەرگە ئاساسلانغاندا «خان قەلئەسى» ئەتراپىدا يىگىرمە سەككىز بۇددا ئىبادەتخانىسى بولغان.

ۋاڭ يەندىنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە: «قوچۇدا . . . تومۇز كۈنلەردە كىشىلەر يەر ئاستى ئۆيلەردە تۇرىدۇ، ئۆيلەر ئاق گەج بىلەن ئاقارتىلىدۇ. ئالتۇنتاغدىن كېلىدىغان سۇيى بولۇپ شەھەرنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېتىزلار سۇغىرىلىدۇ ۋە تۈگمەن چۆرىلىدۇ. . . . ئەللىكتىن ئوشۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى بار» دېيىلگەن. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قوچۇ شەھىرىنىڭ ئەينى دەۋرلەردە ئىنتايىن گۈللەنگەنلىكىنى ۋە مەشھۇر بۇددا دىنى مەركىزىگە ئايلانغانلىقىنى، شەھەر رايونىنىڭ يول - رەستىلىرى، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى كاسىپلار-ھۈنەرۋەنلەر رايونى، ئوردا-مەھكىمىلەر، ئىبادەتخانا قاتارلىقلار يەر شارائىتىغا قاراپ ناھايىتى پىلانلىق، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئەينى دەۋرلەردە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىدا يېڭى بىر سەۋىيە يارىتالىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەينى دەۋرلەردە قوچۇ تەۋەسىدە جەمئىي تۆت ۋىلايەت ئون سەككىز ناھىيە تەسىس قىلىنغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە زور تۈركۈمدىكى خەنزۇ ئاھالىسى قوچۇغا كۆچۈپ كېلىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرى، ۋە شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بەزى جەھەتلەردىن

ئىچكى جايلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، يېزا ـ سانائەت كەسىپلىرى مەركەزلەشكەن، ئوتتىن مۇداپىيەلىنىش، ئوغرىدىن ساقلىنىش مۇئەسسەسەلىرى تولۇق ئىدى. شەھەر دەرۋازىسىنى مەخسۇس مۇھاپىزەتچى قوشۇن سىغدۇرالايتتى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق بىر تارىخىي ۋەقەنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

مىلادى 1275 ـ يىلى دۇۋا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قوچۇ شەھىرىنى قورشاۋغا ئېلىۋالغان ۋە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوچقار تېكىننى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان. لېكىن، قوچقار تېكىن شۇنچە كۆپ دۈشمەن قوشۇنى ئالدىدا قىلچە ئىككىلەنمەي تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرگە قاتتىق ھۇجۇم قىلغان. بىراق، شەھەرنى ئالتە ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىپ نەچچە قېتىملاپ قاتتىق ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ شەھەرگە بۆسۈپ كىرەلمىگەن. قوچقار تېكىن شەھەر خەلقى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىماي، ئاخىرى دۇۋانىڭ: «قىزىڭنى چىقىرىپ بەرسەڭ چېكىنىپ كېتىمەن» دېگەن تەلىپىگە قوشۇلۇپ، قىزىنى سېۋەتكە سېلىپ ئارغامچا بىلەن سېپىلدىن چۈشۈرۈپ بېرىپ شەھەر ۋە خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. مانا بۇ تارىخىي پاكىتتىن قوچۇ شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## بەشبالىق

بەشبالىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى جۈملىدىن قوچۇ ئۇيغۇر

خانلىقىنىڭ شىمالىي پايتەختى (يازلىق پايتەختى) ئىدى.

بەشبالىق — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، «بەش شەھەر» دېگەنلىك بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەشبالىق «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى»[①] دېيىلگەن. مەھمۇت قەشقەرى «ئۇيغۇر» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ نامى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن ... بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان؛ قوچۇ، چانبالىق، بەشبالىق، ياڭىبالىق»[②]. بەشبالىق خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا دەسلەپ «ئالتۇنبالىق» (金满城)، ئاندىن «五庭» دەپ يېزىلغان. تۈركلەر دەۋرىدە «قاغان ستۇپا» دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى قىلىنغاندىن كېيىن «北庭» (شىمالىي قەلئە) دەپ يېزىلغان. ئىلىبالىق، ئالمالىقتىن خانبالىق (بېيجىڭ) قا بارىدىغان يول بەشبالىقتىن ئۆتەتتى. تارىختا تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، تۈبۈتلەر، باسمىللار ۋە قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدا بۇ شەھەرنى تالىشىپ نۇرغۇن قېتىملىق جەڭلەر بولغان. دېمەك، بەشبالىق ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان شەھەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان.

بەشبالىق قەدىمكى شەھىرى جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 12km يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر بۇ جايىنى «كونىشەھەر» (破城子) دەپ ئاتايدۇ.

بەشبالىق قەدىمكى شەھىرى تاشقى شەھەر ۋە ئىچكى شەھەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تاشقى

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 491 - بەت.
② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 153 - بەت.

شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 4596m بولۇپ، شەرق تەرىپى دەريانى پاسىل قىلغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان سېپىلنىڭ ئاستىنقى قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 5m – 8m ، ئېگىزلىكى 4m – 6m كېلىدۇ. سېپىل تېمىغا كۆزىتىش راۋىقى ياسالغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، قوقتا، قوۋۇق، خەندەك قاتارلىقلارنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىگە بىر چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى ياسالغان. ئىچكى شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 3003m بولۇپ، جەنۇب، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە شەھەر قوۋۇقى بار. قوقتا ۋە كۆزىتىش راۋىقى ئانچە ياخشى ساقلىنىپ قالمىغان، شەرق تەرىپى دەريانى پاسىل قىلغان.

سوڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندى قوچۇغا ئەلچىلىككە كەلگەندە قوچۇ ئىدىقۇتى ئارسلانخان بەشبالىقتا يايلاقتا بولۇپ، ۋاڭ يەندىنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇدا بىرنەچچە كۈن كېمە سەيلىسى قىلىپ ئويناتقان، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلدۇرغان. ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن: «بۇ شەھەردە (بەشبالىقتا) ياغاچتىن ياسالغان پەشتاق، راۋاقلار كۆپ، ئادەملىرى پاكىز، رەتلىك، قولى ئەپچىل، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر ۋە قاشتېشىدىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياسايدۇ»① دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، شەكىل، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. يۇقىرىقى بىنالار پەقەت قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى ساھەسىدە تىلغا ئېلىنغان كىچىككىنە بىر «تامچە» دىنلا ئىبارەت.

① «سوڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچۇ ـ ۋاڭ يەندى خاتىرىسى».

# ئۈچىنچى باب
# قۇملۇقتىكى بوستانلىق — نىيا ۋە كىروراندىكى بىناكارلىق

## ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «قوشام» ئۆيلەر

خوتەندىكى ئۇيغۇرلار «قوشام» دەپ ئاتايدىغان بۇنداق ئۆيلەر پەقەت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان لوپنور ۋادىسى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىگىلا خاس بىر خىل بىناكارلىق شەكلىدۇر. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئىشلىتىلىشچانلىقى مۇشۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ئاساسەن تاللانغان ھەمدە ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ھالىتىگە يەتكەن.

قوشاملىق ئۆيلەرنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئەينى زاماندا مۇشۇ رايوننىڭ ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىتى، تۇپرىقى، ھاۋا كىلىماتى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىرىنچىدىن، بۇ رايونلاردا سېغىز توپا كەمچىل بولغانلىقىدىن؛ ئىككىنچىدىن ئەينى زامانلاردا بۇ رايوننىڭ سۇ چېنى بىرقەدەر يۇقىرى، يەرلىرى زەيكەش بولغاچقا توپا قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قېلىش قىيىن ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئۆيلىرىنى دۆڭلۈكلەرگە ياسىغان. بۇنداق ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلمىسى پۈتۈن نىيە ۋە كىروران خارابىسىدىكى باشقا تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدىمۇ قوللىنىلغان. نىيا قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان «قوشام»

ئېيۋاننىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تام ئۇلىغا زەگۇندە[1] (33 - رەسىم) زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك، تۈۋرۈك ئارىلىقىغا ئېرىش تۈۋرۈك، ئايرىش تۈۋرۈك ئارىلىقىغا توغرا چېتىق[2] ( 34 - رەسىم) قىيپاش چېتىق ئورنىتىلغان. چېتىق بىلەن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق قومۇچ ۋە تال - چىۋىقلار بىلەن توقۇپ، باغلاپ چىتلانغان. ئاندىن ئىككى تەرىپى كاكىل لاي بىلەن قېلىن سۇۋالغان. قېلىنلىقى ئادەتتە ئون سانتىمېتىر بولىدۇ. لىم بىلەن تۈۋرۈكلەر ئۆزئارا تۇرۇملانغان. ئۆگزىسى لىم ئۈستىگە ۋاسا، ۋاسا ئۈستىگە بورا ياكى تال چىۋىقتىن توقۇلغان چىتلاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان، سامان ئۈستىگە لاي، ئەڭ ئۈستىگە سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان.



33 - رەسىم — نىيە قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان زەگۇندە

① زەگۇندە — تام ئۇلىغا قويۇلغان ياغاچ لىمدىن ئىبارەت بولۇپ، قوشام ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك، ئايرىش تۈۋرۈكلەر قويۇلىدۇ. تويا تاملىق ئۆيلەردە ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدۇ، جۈملىدىن، ئۆي تېمىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە يەنە يەر تەۋرەشكە تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

② چېتىق — تۈۋرۈكلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تامنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرىدۇ.



34 - رەسىم — نىيا قەدىمكى شەھىرىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلـــ
سۇرەتلەرنى ئابدۇقەييۇم خوجا، نىجات روزى تەمىنلىگەن)

...كشى يۈزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خېلى مۇكەممەل ۋە ...لىشچانلىقا ئىگە بولۇپ، تۆۋەندە ئارخېئولوگلار N:3 دەپ ... قويغان ئۆينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ...ىمىز:

1. هويلا: هويلىنىڭ شەرق، غەرب، شىمال تەرەپلىرىدە ... كارىدورلۇق پېشايۋان بار. شىمال تەرىپى مېھمانخانا بىلەن ...ىشىدۇ.

2. مېھمانخانا: مېھمانخانا چاسا شەكىلدە بولۇپ، هويلىغا ...ۇرۇپ تۇرىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرىپىدە پېشايۋان بار. شەرق، ... تەرەپلىرىدە ئىشىكى بار.

3. 3-، 4- نومۇرلۇق ئۆيلەر: بۇ ئۆيلەر بىرقەدەر كىچىك ...ۇپ، هويلىنىڭ شەرقىي تېمىغا يانداش. 4 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكى غەربكە قارايدۇ. 4 - نومۇرلۇق ئۆي بىلەن 3 - نومۇرلۇق ... كىرگىلى بولىدۇ.

4. 5- كارىدور: كارىدور پۈتۈن ئىمارەتكە تۇتاشقان بولۇپ، ...ۇزۇنلۇقى 6.5m، كەڭلىكى 1.3m كېلىدۇ.

5. 6- نومۇرلۇق ئۆي: كارىدورنىڭ ئىچى تەرىپىگە جايلاشقان ...ولۇپ، ئىشىكى غەربكە قارايدۇ. كۆلىمى $5.36m^2$ كېلىدۇ.

6. 7 - نومۇرلۇق ئۆي: 6- نومۇرلۇق ئۆينىڭ شەرقىي تېمى ...ىلەن يانداش، ئىشىكى كارىدورغا قارايدۇ. كۆلىمى $29.4m^2$ كېلىدۇ.


7. 8 - نومۇرلۇق ئۆي: بۇ ياتاق ئۆي بولۇپ، غەربىي تېمى مېھمانخانا بىلەن تۇتىشىدۇ، مېھمانخانىغا چىقىدىغان ئىشىكى بار. ئىشىكى غەربكە قارايدىغان دالانچىسى بار. كۆلىمى $29.32m^2$ كېلىدۇ.

8. 9 - نومۇر: بۇ كارىدور بولسا كېرەك.

9. 10 - نومۇرلۇق ئۆي: ئىشىكى غەربىي جەنۇب تەرەپكە

ئېچىلغان، ئوتتۇرىسىدا ئىككى تۈۋرۈك بار. كۆلىمى 45. 6m² كېلىدۇ.

10. 11 - نومۇرلۇق ئۆي: ئاشخانا بولۇپ، شەرقى كارىدور بىلەن، شىمال تەرىپى ئامبار بىلەن تۇتىشىدۇ شىمالىي تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مورا ئوچاق بار. كۆلىمى 12. 6m² كېلىدۇ (35 - رەسىمگە قاراڭ).




35 - رەسىم — نىيادىكى N:3 نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش سىخېمىسى (چېرتيوژنى سابىت ئەخمەت تەمىنلىگەن)

11 . 12 ـ نومۇرلۇق ئۆي: ئامبار بولۇپ، ئىشكى كارىدورغا قارىتىپ ئېچىلغان. شىمال بۇرجىكىدە ئالتە دانە تەبىئىي ئاچىماقلىق تۈۋرۈك ئورنىتىلغان، بۇ نەرسە ـ كېرەك قويۇدىغان ئاسما تاختا قىلىنغان بولسا كېرەك. كۆلىمى $11.7m^2$ كېلىدۇ[1].

# كرورانىدىكى ئۆزگىچە بىناكارلىق

كرورانىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەدىمكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر قۇرۇلما، ئۇسلۇب ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە نىيەدىكى ئۆي ئىمارەتلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن، بۇ جايدىكى ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، تۈۋرۈك بىلەن سوقۇما، زەگۇندە، چېتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇملاش ئۇسۇلى ياكى ئەركەك ـ چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان سوقۇمىلار بۇ جايدا كۆپلەپ تېپىلدى. سوقۇمىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆشۈك تېشىلگەن بولۇپ، بۇ تۆشۈككە تۈۋرۈكنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا چىقىرىلغان ئەركەك تۇرۇم كىرگۈزۈلگەن. بۇ جاينىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولغاچقا ئۆيلەرنىڭ تېمى نېپىز، ئۆگزىسىمۇ ئاددىي يېپىلغان بولغاچقا ئۆگزىدىن چۈشكەن بېسىم يۇقىرى ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆينىڭ مۇقىملىقى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. بولۇپمۇ شامالنىڭ تەسىرىدە ئۆيلەرنىڭ قىيسىيىپ كېتىش، ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ھادىسىلىرى چوقۇم يۈز بېرىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئۆي قۇرۇلمىسى دەل مۇشۇ جەھەتتىن ئويلىشىپ قوللىنىلغان بولۇپ، يۈز جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

① نىيە قەدىمكى شەھىرىدىكى ئۆي ئىمارەت قۇرۇلۇشىغا دائىر بايانلار سابىت ئەخمەتنىڭ «نىيا خارابىسىدىكى N:3 نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئۆي قۇرۇلمىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1996 ـ يىللىق 1 — 2 ـ سان.

لېكىن، كروران قەدىمكى شەھىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئۇزاق يىللىق زەربىسىدە خۇددى قۇملۇقتىكى كىچىككىنە بىر بوستانلىققا ئايلىنىپ قالغان. كرورانلىقلار ئۆستەڭ قېزىش، سۇ ئامبىرى ياساش ئارقىلىق پەسىللىك تۇراقسىز ئېقىنلاردىن پايدىلىنىپ يۇرتىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن تىرىشقان. ھەتتا، سۇنى قەدىرلەپ ئىشلىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ بۇرۇن «سۇ بېجى» ئېلىشنى يولغا قويغان. بەزىلەر بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرۈپ، «بۇنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدىكى سۇ مەنبەسىنىڭ تولۇق ۋە سۇ ئىنشائات ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ مۇكەممەل بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە كرورانىنىڭ «ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىشى» بولۇپ، ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تارىختىن بۇيان شەھەرلەر ئالدى بىلەن بوستانلىقلاردا ياكى دەريا ۋادىلىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇنداق جايلار شەھەرنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن ماددىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. كروران شەھىرىنى بىنا قىلغۇچىلار بۇ جاينىڭ شۇ دەۋردىكى تەبىئىي مۇھىتىغا قاراپ، تاللاپ ماكانلاشقان. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، كروران شەھىرى ئىككى ئېقىن ئوراپ تۇرغان ئارال شەكىللىك تېررىتورىيىگە جايلاشقان. بولۇپمۇ لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي - شىمالىي ياقىسىدىكى كىچىك دېلتىنىڭ تەبىئىي شارائىتى نىسبەتەن ئەۋزەلرەك بولغاچقا، بۇ يەر قەدىم زاماندىلا تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئولتۇراق رايونى بولغان. ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا «بۇ جايدا ئاز دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 3800 يىل

www.uyghurkitap.com



ئىلگىرىلا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش تارىخى باشلانغان»①.

دېمەك كېيىنكى دەۋرلەردە كروران ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرى ئۈچۈن تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلغانۇ لېكىن كۈچلۈك، رەھىمسىز تەبىئەت ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالغان.

ئاھالىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۈپلەرنىڭ كۆپلەپ ياسىلىشى، تەبىئىي شارائىتنى تەدرىجىي قۇرغاقلىشىپ ، سۈيى كەمچىل بولۇۋاتقان بۇ جاينىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىغا زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 70 ـ يىلى (يەنى كروران خانلىقى نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن) غا كەلگەندە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، قوم ـ بوران ئاپىتىنى توسۇپ، قومۇلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەل ـ دەرەخ كېسىشنى قەتئىي چەكلىگەن. «دەرەخنى تۈپى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويغان. دەل ـ دەرەخ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە كېسىشكە بولمايدۇ، دەرەخنىڭ شېخىنى كەسكەنلەرگە بىر كالا جەرىمانە قويۇلىدۇ»② دەپ قانۇن چىقىرىلغان.

كرورانلىقلار دەرەخنى كېسىپ نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ ئەلۋەتتە پەقەت يېقىلغۇ قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس. چۈنكى، يېقىلغۇ مەنبەسى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلارنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن كەلگەندىن سىرت يەنە بۇ جايدا تەبىئىي شەكىللەنگەن يۇلغۇن، سۆكسۆك ۋە يانتاقلىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىلىماتى ئىسسىق بولىدىغان بۇ جايدا يېقىلغۇغا بولغان ئېھتىياج

---

① ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمكى قەبرىستانلىق رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى بىرقانچە مەسىلە»، «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 202 ـ، 209 ـ بەتلەر.

② ئا. مەخسۇت: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1999 ـ يىل 1 ـ سان.

بەكمۇ يۇقىرى ئەمەس. شۇڭا بىز كروران ئاھالىسى دەرەخنى كېسىپ ئۆي ياساشقا ئىشلەتكەن، ئاشقان شاخ - شۇمبىلىرى ۋە قىرىندىلىرىنى يېقىلغۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. بىزنىڭ بۇنداق قارىشىمىز بىر تەرەپلىمىلىك بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، كرورانلىقلارنىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قوشام ئۆيلىرىنىڭ ياغاچ سەرپىياتى ئىنتايىن يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالە تەدرىجىي كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن قۇمنىڭ ھۇجۇممۇ بارغانچە زورايغان. نەتىجىدە «ياغاچ كېسىش» بىلەن «قۇملىشىش» ئوڭ تاناسىپ تەرەققىي قىلغان.

«ياغاچ كېسىشنى مەنئى قىلىش قانۇنى» چىقىرىلغاندىن كېيىن ياغاچ - توپا قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا يەنە كېسەك بىلەن تام قوپۇرۇش، نەم توپىنى خاڭداپ تام قوپۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار نىيەدىكىگە قارىغاندا بىرقەدەر ئومۇملاشقان. ئۆيلەرنىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىرىدىكى ئويما نەقىشلەر، يۇقىرى تېخنىكا بىلەن ئىشلەنگەن بىناكارلىق دېتاللىرى (لىم، تۈۋرۈك، سوقۇما، زەگۇندە، ئىشىك - دېرىزىلەر) بۇ جايدا بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.


كروراندىكى ئۆي ئىمارەت ۋە بۇددا مۇنارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، يەرلىك ئاھالىلار نەم توپا ئارىسىغا ياغاچ- بادرا، ياكى شاخ - شۇمبىلارنى باستۇرۇش ئارقىلىق تام ۋە ياكى مۇنار قۇرۇلمىسىنى پۇختىلىغان. مەسىلەن، كروراندىكى بۇددا مۇنارى يەتتە قەۋەتلىك بولۇپ، 1 - قەۋەتتىن 3 - قەۋەتكىچە كېسەك خاڭدالغان توپا بىلەن (توپىنى خاڭداش جەريانىدا مەلۇم ئارىلىقتا بادرىلارنى توغرىسىغا باستۇرۇپ چىققان) قوپۇرۇلغان. 4 - قەۋەتنى نەم توپىنى خاڭداش ئارقىلىق قوپۇرۇلغان. 5 - قەۋەتتىن باشلاپ كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەر بىر قەۋەت ئارىسىغا 10cm قېلىنلىقتا يۇلغۇن شېخى باستۇرۇلغان. 6 ـ قەۋەتتە بىرنەچچە جايدا تۆشۈكى بار بىر دانە چاسلانغان ياغاچنىڭ قالدۇقى ساقلانغان. بۇ ئېھتىمال مۇنار قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدىغان قۇرۇلما بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، كروراننىڭ تۇپراق ئالاھىدىلىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ماس كەلمىگەن. شۇڭا، بۇ خىل قۇرۇلۇشلار يەنىلا ماتېرىيال جەھەتتىن توسالغۇغا ئۇچراپ، تەرەققىي قىلالمىغان.

كروران قەدىمكى شەھىرىگە تەخمىنەن 50km يىراقلىقتا (غەربىي جەنۇبىدا) كۆل بېشى قەدىمكى شەھىرى بولۇپ، شەھەردىكى بىر كىچىك چاخسا ئىشىك ھېلىمۇ ساقلىنىپ قالغان. شەھەرنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يىگىرمە ئېغىزچە ئۆي ساقلىنىپ قالغان. تەكشى يۈزدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا ھويلا ـ ئاراملىق، پېشايۋانلىق ۋە ئاددىي قىلىپ ياسالغان. ئۆيلەرگە ناھايىتى يوغان ۋە نۇرغۇن ياغاچلار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قۇرۇلمىسى كروراندىكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ جاينىڭ ھەممىلا يېرىدە بېجىرىم ساقلانغان تۈۋرۈك، لىم، زەگۇندە، بالابېشى، بوسۇغا ياغىچى، تۇرۇملاش ئۇچۇن ئەركەك ـ چىشى ئويۇلغان ۋە تۆشۈك ئېچىلغان بىناكارلىق دېتاللىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. (36 ـ رەسىم)



36 - رەسىم — كروران قەدىمكى شەھرىدە ساقلىنىپ قالغان بىناكارلىق دېتاللىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى www.uyghurkitabi.com



# تۆتىنچى باب
# شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىقى

شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىقى شىنجاڭ بىناكارلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىلىمىزنىڭ بىناكارلىق تارىخىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئۆز زامانىسىدىكى لايىھەچىلىك، ماتېرىيالچىلىق، ئويمىكارلىق ۋە پەردازچىلىق. . . تىن ئىبارەت بىناكارلىق كەسپىي ئىش تۈرلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كەسپ بولۇپ شەكىللىنىپ، بىناكارلىق ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. شۇڭا، ئەينى دەۋردىكى «غەربىي يۇرت» كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا «شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى» دەپمۇ تەرىپلەنگەن. بۇنى ئەلۋەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## بۇددا دىنىنىڭ ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

بۇددا دىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردىن باشلاپ مىلادى 4 ـ ئەسىرگىچە قەدىمكى شىنجاڭ تەۋەسىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولغان. ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان

دەۋرلەردە ئۇدۇن، كۇسەن، ئىدىقۇت قاتارلىق شەھەرلەر غەربىي يۇرت بويىچە مەشھۇر بۇددا دىنى مەركەزلىرىگە ئايلانغان. بۇددىزم پەلسەپىسى، ئىدىيە كۆز قاراشلىرى، ئەدەبىيات - سەنئىتىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق، بىناكارلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، دىنىي ئېتىقاد ئېھتىياجىدىن كۆلىمى زور، ھەشەمەتلىك بولغان مىڭئۆي ۋە باشقا نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ياسالغان. دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجىدىن ئۇلاردا خاس راھىب ھۇجرىلىرى، بۇدقا چوقۇنىدىغان ھۇجرا، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ۋە نوم بىتىك ساقلايدىغان ھۇجرىلار بولغان. شۇنداقلا يەنە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا بۇددىزم ئەنئەنىسىدىكى راھىبلارنىڭ جەسىتىنى كۆيدۇرۇپ جەسەت كۇلىنى مۇنار ئىچىدە ساقلاش ئادىتى ۋە باشقا بۇددا دىنى قائىدىلىرىگە ئاساسەن ھەر خىل بۇددا مۇنارلىرى ياسالغان. بۇ مۇنارلار كېسەك تىزىش ۋە خاڭداش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەينى دەۋرلەرگە ئائىت قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن تەڭ ياسىلىشقا باشلىغان بۇ مۇنارلار شىنجاڭ تارىخىدىلا ئەمەس، مەملىكىتىمىز تارىخىدىمۇ ئەڭ قەدىمكى مۇنارلار ھېسابلىنىدۇ[1]. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، يۇقىرىقى بۇددا ئىمارەتلىرى كاتتا ھەم كۆركەم ياسالغان بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىگە يەتكەن.

دېمەك، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئەينى دەۋر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى بېيىغان. ئۆي - ئىمارەتلەرنى بۇددا تام رەسىملىرى بىلەن زىننەتلەش، بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ياسىلىشى، مىڭئۆيلەرنىڭ

---

① «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» 1996 - يىللىق 2 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەم ۋە ھايۋانات رەسىملىرى بىلەن گۈل ـ گىياھ بىرلەشتۈرۈلگەن نەققاشلىق ئۇسلۇبىنىڭ كەڭ ۋە نىلۇفەر نۇسخىلىق نەقىش ـ شەكىللەر (نىلۇفەر پاكلىقىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان) نىڭ بىناكارلىق ۋە ئىشلىتىلىشى مۇشۇ دەۋر بىناكارلىقىدىكى ئەڭ روشەن بولۇپ، بۇلار بۇددا دىنى تەرغىباتى ۋە بىناكارلىق تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭدىن دەۋر غەربىي يۇرت بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تېز قىلىشىغا تۆۋەندىكى ئامىللارمۇ سەۋەب بولغان:

1. بۇ دەۋردە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، جۈملىدىن قۇرۇلۇش تېخنىكىسى خېلىلا تەرەققىي قىلىپ سەۋىيىگە يەتكەن. يەنى ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا قىلغان دەۋرلەردە تام قوپۇرۇشتا ئەنئەنىۋى خاڭداش باشقا كېسەك ۋە خىش (خىش كېسەكتىن كېيىنرەك بولغان) ئارقىلىق تام ۋە مۇنار قوپۇرۇش ئۇسۇلىغا ئۆتكەن. بىلەن مۇرەككەپ شەكىللەردىكى ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار كەلگەن؛ خىش ۋە كاھىشلار ئىمارەتكە كۆركەم ۋە پاكىز ئاتا قىلغان؛ ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىي بىناكارلىق ئىشلىرىدا قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە سىپتا بۇتخانا پېشايۋانلىرى، رېشاتكا — سالاسۇنلار ۋە راۋاقلار ئۆزگىچە تۈس بەرگەن.

2. بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ تىنچلىقنى ياقىلايدىغان تەرغىباتى خان ـ پادىشاھلاردىن ئاۋام خەلققىچە ھەممە كىشىنىڭ ئېرىشكەن، شۇڭلاشقا ئەينى دەۋرلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاددىي پۇقرالاردىن تارتىپ پادىشاھلارغىچە كىشى قاتناشقان. ھەتتا «ئۇدۇن خانى ھەر پەرھىز كۈنىدە

بۇتخانىنى ئۆزى سۇ سېپىپ، سۇپۇرۇپ پەرھىز تائامى ئىنئام قىلغان»، «ئۇدۇندىكى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كىچىك مۇنار ياسالغان[1] بولۇپ، پادىشاھنىڭ ياتاق ئۆيىگە قىزىل رەڭلىك رەسىم سىزىلغان». بۇنىڭدىن بۇددىزىم گۈللەنگەن دەۋرلەردە كۇسەن ۋە ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا بۇددا دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3. بۇددا دىنىدا جانلىقلارغا ئازار بەرمەسلىك ۋە خۇددى باشقا دىنلارغا ئوخشاشلا دىنىي قۇرۇلۇشلارغا ياردەم بېرىش «ساۋابلىق» ئىش دەپ قارالغاچقا بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولغان. شۇڭا، ئەينى دەۋرلەردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ نەچچە مىڭلاپ راھىبى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ۋەخپىيلىك نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلىرى، باغ ـ ۋارانلىرى بولغان. بۇنداق ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولغان ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەر خىل دىنىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسالغان.

مانا بۇلار بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن بىناكارلىق جەھەتتىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، بۇددا دىنى سەنئەت (بىناكارلىق سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى، ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى) ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئۆز تەرەققىياتىدا ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت ۋاستىلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان. گەرچە بۇددا دىنى مۇش دەۋر بىناكارلىق تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ ئەمما شەكىل، ئۇسلۇب ۋە تېخنىكا جەھەتتە يەنىلا يەرلىك مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئەينى دەۋرلەردىكى بۇددا ئىمارەتلىرى گەرچە دىن ئۈچۈن

[1] لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل.

خىزمەت قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ يەنىلا خەلقنىڭ ئەقىل پاراسىتى، ئەمگىكى ۋە سەنئىتىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە روشەن مىللىيلىققا ئىگە. چۈنكى، ئۇ بىرىنچىدىن، يەرلىك بىناكارلار تەرىپىدىن ياسالغان؛ ئىككىنچىدىن، مىلادىيىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا شەكىللەنگەن بىناكارلىق نەمۇنىلىرى ئۇنىڭدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛ ئۈچىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلغان بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ ساپ ئەقىدىلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادلىرىمۇ سىڭىپ كىرگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا شەكىللەنگەن شىنجاڭ بۇددا مەدەنىيىتى ھىندى بۇددا مەدەنىيىتىدىن پەرق قىلىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىيەت ئىدى؛ تۆتىنچىدىن، ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر دىن بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمىسا يىلتىز تارتالمايدۇ.

بۇددىزم دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدە ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئىجاد قىلغان بىناكارلىق شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە تارىخىي يازما پاكىتلار بار. ئەجدادلىرىمىز مىلادىيىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا كىگىز - تېرىلەردىن چېدىر شەكىللىك ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان. تىلشۇناسلار: «‹چېدىر› دېگەن سۆز مىلادىيىدىن بۇرۇنقى تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئارىيانلارنىڭ تىلىدىن ھەر قايسى تارىخىي تىل دەۋرلىرى ئارقىلىق بىزنىڭ تىلىمىزغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان. قەدىمكى يەنە بىر خىل ئىمارەت شەكلى — تۈز

تۇرۇسلۇق ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئارىيان تىلىدا «ساتما» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزمۇ بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە» دەپ قارايدۇ. دېمەك، ئىمارەتنىڭ شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان بۇ نامنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىلىدىن بىزنىڭ تىلىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى بۇ خىل ئىمارەت شەكلىنىڭ بىزدە تارىختىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. يارغول قەدىمكى شەھىرىدىن باشقا بۇددىزم دەۋرىدىن ئىلگىرىكى شەھەر خارابىلىرىدا بۇ خىل ئىمارەت ئىزلىرى (قالدۇقلىرى) ساقلىنىپ قالمىغان. لېكىن، خەن دەۋرىگە ئائىت شەھەر خارابىلىرىدىكى خاڭداپ ياسالغان سېپىل، تۇر ئىزلىرى، تۇرالغۇلار، ئۆتەڭ ـ راباتلار ھەمدە شەرقىي خەن تارىخچىسى بەن گۇ (32 ـ 93 ـ يىللار) نىڭ «شەھەر ـ قەلئە مەملىكەتلىرى» دەپ ئاتىشى قاتارلىق پاكىتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇددىزمدىن ئىلگىرىلا بىناكارلىق ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا يارغول، ئىدىقۇت قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت كېمىر شەكىللىك ئۆيلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار بولۇپ، ئۇ سۆزىمىزلا «چېدىر شەكىللىك ئىمارەت» تىپىغا كىرىدۇ. دەۋرنىڭ يېڭىلىنىپ بېرىشى، تەبئىي ۋە سۇنئىي ئاپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشى سەۋەبلىك قەدىمكى دەۋر بىناكارلىقىنىڭ شەكىل، ئۇسلۇبلىرى ھەققىدە مۇكەممەل تونۇشقا ئىگە بولالمىساقمۇ ئەمما چېچىلىپ ياتقان بىناكارلىق دېتاللىرى ۋە ئاندا ـ ساندا ساقلىنىپ قالغان كېمىر ئۆيلەردىن ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ بۇددىزمدىن بۇرۇنلا يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitab.com



## بىناكارلىق قۇرۇلمىسى

قۇرۇلما جەھەتتە، ياغاچ ـ توپا قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل ئىمارەتلەر قوشاملىق، سوقما تاملىق ۋە كېسەك تاملىق بولۇپ، سوقما تاملارنىڭ ئۇلىنىدىغان قىسمىغا ئىككى تامغا چىشلەشتۇرۇپ يۇلغۇن شېخى، قومۇش، چىغ ۋە باشقا شاخ ـ شۇمبا قويۇش ئارقىلىق مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىنغان. مەسىلەن، توققۇز ساراي (بارچۇق) قەدىمكى شەھىرىدىكى تاملاردا ھەر 50cm — 80cm ئېگىزلىكتە بىر قۇر (5cm قېلىنلىقتا) يۇلغۇن شېخى قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كېسەك تاملارغىمۇ مۇشۇ خىل مۇستەھكەملەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە تۇرۇملاش ئۇسۇلى بىلەن تەبىئىي ئاچماقلاردىن پايدىلىنىپ «تۇرغۇزۇش» ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلغان. تۈۋرۈك ئاستىغا قويۇلغان ياغاچ ياكى تاشتىن تەييارلانغان ھەر خىل شەكىلدىكى سوقۇمىلار (37ـ 38ـ 39ـ رەسىم)، تام ئۇلىغا قويۇلغان زەگۇندىلەر ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. نىيە، ئەندىر دەرياسىنىڭ بويىدىكى شەھەرلەردە كېسەك تام، قوشام تام ۋە لاي تاملىق تۇز ئۆگزىلىك ئۆيلەرنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەركەك ۋە چىشى تۇرۇم قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم بولۇپ، لىمنىڭ ئىككى بېشىغا ياستۇق (تەگلىك) ياغاچ قويۇلغان. ياغاچ ئويما نەقىشلىرىمۇ خېلىلا نەپىس بولۇپ، ھايۋانات، ئادەم ۋە گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئوبرازى نۇسخا قىلىنغان. ئەينى دەۋرلەردە يەنە خىش ئۇل ئۈستىگە تام قوپۇرىدىغان؛ ئۆي ئىچىگە خىش ۋە تاختاي ياتقۇزىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان.





38 ـ رەسىم — نىيا قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان سوقۇما



39 ـ رەسىم قوچۇ قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ياغاچ سوقۇما

37 ـ رەسىم — كروران قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ياغاچ سوقۇما

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى كۆسەن، قارادۆڭ قەدىمكى ئىزلىرىدىن يەرگە ياتقۇزۇش ئۈچۈن تەييارلانغان 3cm قېلىنلىقتىكى خىشلارنى قېزىۋالغان»①. شەرقشۇناس گابائىن خانىم «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق كىتابىدا «. . . قوچۇ

① خۇاڭ ۋېنبى «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ھەققىدە دوكلات»، 1983 ـ يىل، نەشرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ماكانى تولىراق ئىككى قانات ئىشىكلىك، دەرۋازا ئۈستىدە راۋىقى بار، تاملىرى خىش ئۇلىنىڭ ئۈستىگە سېلىناتتى. ئالدى تەرىپىدە ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ياسالغان پەلەمپەي بولاتتى. . ئۆيلەرنىڭ تېگى گۈللۈك تاختاي بولاتتى ياكى گىلەم سېلىناتتى»① دەيدۇ. دېمەك، بىناكارلىقتا يەر تەۋرەش، ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، زەيلىشىپ كېتىش قاتارلىق تەبىئىي ئامىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئالاھىدە ئويلىشىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن كېمىر ئۆيلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. كېمىر ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسىدىن باشقا يېرىگە ياغاچ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۆگزىسى يايسىمان بولۇپ، كېسەك (خىش) لەرنى ئارىسىغا لاي ئېلىپ تىكلەپ جىپسىلاشتۇرۇپ تىزىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئىچى ـ سىرتى كاكىل لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر تۇرپاننىڭ قۇرغاق كېلىماتىدا ئۇزاققىچە بۇزۇلمايدۇ ھەمدە يازدا ئۆي ئىچىنى سالقىن تۇتىدۇ. ئىدىقۇت، يارغول قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدا 1 ـ قەۋىتى يەرنى ئويۇپ، 2 ـ قەۋىتى كېسەكتە قوپۇرۇلۇپ ياسالغان كېمىر ئۆي ئىزلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ (بۇ خىل قۇرۇلمىلىق كېمىر ئۆيلەر تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ھازىرغىچە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدۇ). مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن قارىغاندا، شۇ زامانلاردا چوڭ تىپتىكى ئىمارەتلەر خاڭداش ئۇسۇلى بىلەن قوپۇرۇلغان سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان. ئەتراپىغا رېشاتكا (سالاسۇن) ئورنىتىلغان، ئىشىكى ئۇدۇلىغا پەلەمپەي ياسالغان.

---

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىل، 3 ـ سان.


## تەكشىلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇش

ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە هويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلى تەرەققىي قىلغان ھەم مۇكەممەللەشكەن. بۇ خىل هويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆي - جاي قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەزى دىنىي قۇرۇلۇشلار (بۇتخانىلار) ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىمۇ قوللىنىلغان. پۇقرالارنىڭ هويلىلىق قۇرۇلۇشىدا قوشام تام، چىتلاق (چىتەن) تاملار ۋە سوقما تاملار ئۆيىنى ئوراپ سىرت بىلەن ئايرىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر هويلىنىڭ پەقەت بىرلا چوڭ ئىشىكى بولىدۇ. هويلا ئىچىدە مېۋىلىك باغ، قوتان، تۇرالغۇ ئۆي. . . قاتارلىقلار بولىدۇ. مەسىلەن: نىيە قەدىمكى شەھىرىدىكى هويلىلىق تۇرالغۇلاردىكى دالان، ھۇجرا، پېشايۋان، مېھمانخانا، ئاشخانا قاتارلىق 6 ـ 7 ئېغىز ئۆي ۋە پېشايۋان، باغ، قوتان، كۆلچەك، هويلا (سەينا)، ئوچاق ھەممە بۇلارنى چۆرىدەپ ياسالغان چىتلاق تاملار؛ يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى بىر قانچىدىن ئۆلانما قىلىپ ياسالغان كېمىر ئۆيلەر، مەيدان، ئائىلە بۇتخانىلىرى، ئامبار، گەمە، ئويۇق، ئوچاق (مورا) ئىزلىرى؛ سېۋىن ھېدىن 19 - ئەسىردە كۆرگەن كىروراندىكى ئىشىكلىرى، كاڭلىرى، ئوچاقلىرى ساقلىنىپ قالغان قاتار - قاتار ئۆيلەر[①]؛ تۈۋرۈكلىرى، ئىشىك - دېرىزىلىرى ئۇستىلىق بىلەن نەقىشلەنگەن توغراق ياغىچىدا ياسالغان ئىشىكى يېرىم ئوچۇق ھالەتتە تۇرغان ئۈچ ئېغىز ئۆيلۈك بىر هويلا. . .[②] ۋە ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان جىن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بولغان: «ئائىلە باشلىقى

---

① پېتر خوپكىرك «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبى ئالۋاستىلار»
② پېتر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبى ئالۋاستىلار»

مېۋىلىك دەرەخ يېنىدىكى گۈمبەز تورۇسلۇق راۋاقتا ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان، ئوڭ تەرەپتە ئاشخانا ئۆي، ئۆي تېمىغا ئويۇق (تەكچە) ئويۇلغان، سول تەرەپكە ئىگەرلەپ تەق قىلىنغان ئات ۋە ئاتباقار، ئۈستى تەرەپكە ئېتىز ـ ئېرىق كۆرۈنۈشى سىزىلغان» قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن رەسىم (بۇ رەسىم ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا، 22 ـ رەسىمگە قاراڭ) قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشچە «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ هويلىق قورۇلۇشلىرىدا هويلا ئىچىدە گۈل ئۆستۇرۇلگەن دەل ـ دەرەخلەر تىكىلگەن بولاتتى. يەنە ئات ئېغىلىمۇ بولاتتى»[①] ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى قەدىمكى شەهەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان نەقىشلىك تۈۋرۈك، لىم (40 ـ 41 ـ رەسىم) ۋە سوقۇمىلاردىن





40 ـ رەسىم — نىيا خارابىسىدا ساقلىنىپ قالغان تۈۋرۈك

41 ـ رەسىم — نىيا قەدىمكى شەهىرىدە ساقلىنىپ قالغان نەقىشلىك لىم

① فون گاباتىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، (خەنزۇچە).

قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى هويلىلىق قۇرۇلۇشلاردا يەنە پېشايۋان ياكى شىپاڭغا ئوخشاش قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەرمۇ بولغان. تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا كېرەكلىك بولغان يېمەك - ئىچمەك، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئۆي هايۋانلىرىنى باقىدىغان مەخسۇس ئۆيلەر بىلەن ئېغىل - قوتانلار بىر يۈرۈش ياسالغان. شەھەرلەردىكى رەستە دۇكانلىرىمۇ كۆپىنچە بىر قانچە ئېغىزدىن بىر يۈرۈش قىلىپ ياسىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تىجارەت بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەر تۆت ئەتراپىغا قاتار ياسىلىپ، هويلىنى سىرت بىلەن ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشكى هويلىغا قارايدۇ. هويلا ئوتتۇرىسىدا بۇددا مۇنارى ياسىلىدۇ. مۇنار ئارقىسىغا بۇتخانا سېلىنىدۇ. دەرۋازىدىن كىرگەندە كۆزگە دەماللىققا بۇددا مۇنارى چېلىقىدۇ. بەزى مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، بۇددا ئىبادەتخانىسى هويلىسىدا يەنە «خان يارلىقلىرى راۋىقى»[1] ۋە «ئوردا مۇنارى»[2] ياسالغان. كىچىك تىپتىكى دىنىي قۇرۇلۇشلار قېلىن هەم ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بولۇپ، دىنىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە ئۆيلەر بۇتخانا بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاش ياسالغان. ئۇنىڭدا «خان يارلىقلىرى راۋىقى» ياكى «ئوردا مۇنارى» بولمايدۇ. ئىدىقۇت، قارادۆڭ، كۇسەن... قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدا مۇشۇ خىل هويلىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغان.

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1995 - يىل، 4 - سان.
② لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل، نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بىناكارلىق ئۇسلۇبى

شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئەجدادلىرىمىز ئەينى دەۋردىكى رايون ئالاھىدىلىكى (كېلىمات ۋە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك)، تەبىئەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى، ئېستېتىك زوقلىنىش ئادىتى ئېتىقادىغا ئاساسەن ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ ئىجاد قىلغان ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئاللىقاچان «ئىستېمال تەلپى» دىن ھالقىپ «ئېستېتىك تەلەپ» كە يەتكەن. مۇشۇ دەۋردە غەرب ئەللىرى ۋە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا كەلگەن راھىب ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، ئوردا ـ ساراي، تۇرالغۇ، بۇتخانا، بۇددا مۇنارى ۋە باشقا قۇرۇلۇشلاردا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، كاتتا ۋە كۆركەملىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىگە يەتكەن. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە: «غەربىي تۈرك قاغانى بىر چوڭ چېدىردا تۇرىدىكەن. چېدىر ئالتۇن گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن». شەرقىي رىم ئەلچىسى زىماركوسنىڭ غەربىي تۈرك قاغانى ھوزۇرىدا كۆرگەنلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ نەقىش ـ ئويمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى جەھەتتە شەرقىي رىمدىن ھەرگىز قېلىشمايدىغانلىقىنى[1] ھېس قىلغان. ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەر خارابىسى بىلەن سىڭگىمدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بۇتخانا خارابىسىدىن مۇشۇ خىلدىكى ئىمارەت سىزىلغان تام رەسىملىرى

[1] ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى) 360 ـ بەت.

بايقالدى. شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ ئىمارەت شەكلىمۇ چېدىر شەكىللىك ئىمارەت تىپىغا كىرىدۇ. قەدىمكى كۇسەننىڭ بۇددا راھىبلىرى بۇنداق ئىمارەتلەرنى «چادرا» ، «چاتيا» دەپ ئاتىغان. ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىدىمۇ چېدىر شەكىللىك ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇق تاملىرى بار. يۇقىرىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، ئۇمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەن. 5 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇدۇنغا كەلگەن راھىب فاشيەن «. . . ئۇدۇندا ئاھالىلەر زىچ ئىكەن، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان مۇنارلار بار ئىكەن. . . »①دەپ يازغان. شۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن ئۇدۇنغا كەلگەن راھىب سۇڭ يۈن «ئۇدۇندىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۈز»②ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئارخېئولوگلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى نىيە شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن قوشاملىق، تۈز ئۆگزىلىك ساتما شەكلىدىكى ئۆيلەردە تۇرمۇش كەچۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىدىقۇت، يارغول، بېشبالىق، كۇسەن، بارچۇق (توققۇز ساراي) . . . قاتارلىق شەھەرلەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز توپا قۇرۇلمىلىق ۋە توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق كېمىر شەكىللىك، گۈمبەز شەكىللىك ياكى تۈز تورۇسلۇق ئۆيلەردە ياشىغان. كېسەك، خىش ماتېرىياللىرى ۋە ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جايلاردا چېدىر شەكىللىك ئىمارەتلەر بارغانچە كامال تاپقان. مۇنارلارنىڭ شەكلىمۇ كۆپەيگەن. ئىشىك - دېرىزىلەرگىمۇ ئەگمە چىقىرىلغان. قىزىل، مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردىن مۇشۇ خىل ئىشىك

① لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل، نەشرى.
② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (ئۇيغۇرچە) 138 - بەت.

www.uyghurkitap.com



ئەگمىلىرى تېپىلغان. (42 ـ، 43 ـ رەسىم). ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇش سەنئىتى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەنگەن گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس گابائىن «قوچۇ ئۇيغۇر



42 ـ رەسىم




43 ـ رەسىم

خانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە: «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي ـ ماكانى تولىراق ئىككى قانات ئىشىكلىك، دەرۋازا ئۈستىدە راۋىقى بار، ئالدى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىدا ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ياسالغان پەلەمپەي بولاتتى. . . دېرىزىسى يېرىم يۇمىلاق شەكىلدە بولسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا چاسا شەكىلگە ئۆزگەرتىلدى. ئۆگزە سىرتىنىڭ ئىككى ئۇچىغا بىردىن قۇش ھەيكىلى ئورنىتىلاتتى، خەنزۇلار كېيىن ئۇنى ئەجدىھار بېشىغا ئۆزگەرتىۋەتتى. . . ھويلا

ئىچىدە گۈل ئۆستۈرۈلگەن، دەل ـ دەرەخلەر تىكىلگەن بولاتتى»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى بىناكارلىقىدا ئەگمىلىك ئىشىك ـ دېرىزىلەر، گۈمبەزلىك ئۆي ـ مۇنارلار. چوققىسىغا بۇددا ئەقىدىلىرى مەزمۇنىدىكى شەكىل ئورنىتىلغان بوغۇملۇق قۇببىلەر، قوشام ۋە راۋاق تۈۋرۈكلىرىگە ماس شەكىلدە ياسالغان رېشاتكا ـ سالاسۇنلار. . . بولغان. سېپىل ۋە باشقا ئاممىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە گۈمبەز تورۇسلۇق سالاسۇنلۇق راۋاق ياساش، بۇتخانا هويلىسىغا راۋاق بىلەن مۇنار ۋە بىر پۈتۈن ئىمارەت توپىنى هاسىل قىلىش، ئۆي-ئىمارەت ئەتراپىغا دەرەخ ئۆستۈرۈپ قۇرۇلۇش مۇهىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، مۇنار ۋە تاملارغا تەكچە چىقىرىش ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ، مۇنار ياساش ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، كۇسەن شەهىرىدىلا مىڭغا يېقىن مۇنار بولغان. ئۇدۇندىكى هەممە ئائىلىلەرمۇ ئىشىكى ئالدىغا ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ[2] كەلگۇدەك مۇنارلارنى ياسىغان. هازىر ساقلىنىپ قالغان بۇددا مۇنارلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ۋە مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن قارىغاندا بۇ مۇنارلار تۆت چاسا، يۇمىلاق ۋە كۆپ قىرلىق شەكىللەردە ياسالغان. چوققىسى بوغۇم چىقىرىلغان كونۇسسىمان ياغاچ قۇببە ۋە بوغۇم بىلەن نىلۇفەر گۈلىنىڭ نۇسخىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغان بەلگىلەر بىلەن ئۈچلانغان. ئىدىقۇت، ئۇزۇنتات، تۇمشۇق، قىزىل، قۇمتۇرا قاتارلىق جايلاردىن مۇشۇ خىلدىكى قۇببە ۋە بەلگىلەر تېپىلدى (44-، 45 - رەسىم). روشەنكى، بۇ مۇنارلار سانىنىڭ كۆپلىكى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئارقىلىق شەهەر ـ بازارلاردىكى باشقا قۇرۇلۇشلار

① فون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (خەنزۇچە).
② شىنجاڭدا كېسەك، تاش، يىخش، ياغاچ، ۋە كاهىشلار ئاساسلىق قۇرۇلۇش



45 ـ رەسىم — تۇمشۇقتىن تېپىلغان قۇببە



44 ـ رەسىم — ئۆزۈنتات خارابىسىدىن تېپىلغان قۇببە

بىلەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ ۋە بىر ـ بىرىگە تۇس بېرىپ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇددىزم دەۋرىدە گەج، مىس (ھەر خىل رەڭدىكى)، ئالتۇن، يېلىم، سىر قاتارلىقلار ئاساسلىق زىننەتلەش ماتېرىياللىرى بولغان.

A. كېسەك. كېسەك ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى. ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدا مىلادىيىدىن ىلى بۇرۇنلا كېسەك ئىشلىتىلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە بىنا قىلىنغان ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ سېپىلىغا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان زور مىقداردىكى كېسەكلەر

① «ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەلكىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە تەتقىقات»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىل، 1 ـ سان.

ئىشلىتىلگەن[①]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەشقەردىكى «مورا» قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى مۇنار بىر تەرىپى كەڭ ـ تار قىلىپ قويۇلغان كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان. «راۋاق» بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىن « ↑ » بەلگىسى ئويۇلغان كېسەكلەر تېپىلغان كېسەك[②] يۈزىگە «بەلگە» ۋە «ھەرپ» ئويۇپ قويىدىغان ئەھۋال ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ سېپىلىدىمۇ ئۇچرىغانىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىر جاي بىلەن يەنە بىر جايدىكى كېسەكلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاشمايدۇ. ھەتتا بەزى بىر قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەرمۇ ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىزچە، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقىدە تىلغا ئالغۇدەك قانۇنىيەت يوق ئىكەن (1 ـ جەدۋەلگە قاراڭ). بۇ ئەينى دەرلەردە بىرەر ئىمارەتنى ياساش ئۈچۈن كۆپ تەرەپنىڭ قاتناشقانلىقىنى، ھەر كىمنىڭ ئۆز قېلىپىدا كېسەك قۇيۇشقا قاتناشقانلىقىنى، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردە ئۆز يۇرتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنى ساۋاب بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە كېرەك.

B . خىش. خىش كېسەك بىلەن ساپالچىلىقنىڭ تەرەققىيات مەھسۇلى. ئۇ مۇشۇ دەۋر (بۇددىزم) دە بارلىققا كەلگەن ئېسىل قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر. شۇنداقتىمۇ پۈتۈنلەي خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئىمارەت ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئەينى دەۋرلەردە خىش پەقەت قەبرە، ئىمارەتنىڭ ئۇل، تۇۋرۇك، پەلەمپەي، مۇنارنىڭ ئاستىنقى قىسمى (بۇ خىل ئەھۋال كەم ئۇچرايدۇ) قاتارلىق ئورۇنلىرىغىلا ئىشلىتىلگەن. خىش ئىشلەپچىقىرىش بەلگىلىك تېخنىكا ۋە يېقىلغۇغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا

---

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.
② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1994 ـ يىل، 3 ـ، 4 ـ سان (قوشما سان)، 139 ـ بەت.

ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلانمىغان.

كۈچا قارا دۆڭ خارابىسىدىن قاپارتما نەقىشلىك خىشلار تېپىلدى①. ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن قىزىل، زەڭگەر، يېشىل ۋە ئاق رەڭلەر بىلەن نەقىش سىزىلغان خىشلار تېپىلدى②. قارىغاندا، بۇ خىشلار مەخسۇس زىننەتلەش ئۈچۈنلا تەييارلانغان بولسا كېرەك. خىشلارنىڭ بەزىلىرى سىلىق يۈزلۈك، بەزىلىرىگە بارماق ئىزى چۈشۈرۈلگەن. يەنە بەزىلىرىگە قاتار ئىنچىكە سىزىقچىلار چۈشۈرۈلگەن. چوڭ ـ كىچىكلىكى مۇقىم قانۇنىيەتكە ئىگە ئەمەس (2 ـ جەدۋەل).

C. تاش. تاش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قورۇلۇش ماتېرىيالى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاشچىلىق ھۈنەر سەنئىتى قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىگە خاس مىللىي ئويمىچىلىق ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەجدادلىرىمىز تاشلارنى تونۇش ۋە يونۇش-چوقۇش، سۈركەش ئارقىلىق ھەر خىل تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن.

ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە ئاساسەن بوستانلىق ۋادىلاردا ياشىغاچقا ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي تۇپرىقى ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ئىمارەت ياسىغان. شۇڭا، بىناكارلىق ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ بىرىنچىدىن، تاش ماتېرىياللىرىغا ئانچە ئېھتىياجى چۈشمىگەن (ئېھتىياجلىق بولغاندا يېقىن ئەتراپتىكى ساي تېشىدىن پايدىلانغان)؛ ئىككىنچىدىن، مۇۋاپىق سۇ قاتنىشى بولمىغان، قۇرۇقلۇق قاتنىشىدا تاشلارنى يۆتكەش قىيىن بولغاچقا تاش ئانچە ئىشلىتىلمىگەن. لېكىن، تاشقورغان، ئىلى، قۇمۇل، بورتالا قاتارلىق جايلاردىكى بەزى قەدىمكى شەھەرلەردە ئەينى

① خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىنداشلار ھەققىدە دوكلات»، 1983 ـ يىلى، نەشرى.
② «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا سەنئىتى» (خەنزۇچە)، 300 ـ بەت.


دەۋرلەردە تاش ئۇل، تاش تام، تۈۋرۈك، تاش سېپىل، تاش دەرۋازا، تاش تۇر، تاش كۆۋرۈك ۋە تاشقا ئويۇلغان نەقىشلەر بولغان.

D. ياغاچ. ياغاچ ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، بىناكارلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى. ياغاچچىلىق شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ھۈنەر - سەنئەت تۈرى. بۇددىزم دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىز توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە تۈڭلۈك، دېرىزە، روجەك قويۇش، ئىشىك - دېرىزىلەرنى قوش قاناتلىق ۋە تاق قاناتلىق قىلىپ ياساش، لوك (ياغاچ قۇلۇپ) ئورنىتىش، ياغاچتىن رېشاتكىلىق بالكون، راۋاق ياساش ۋە لىم، تۈۋرۈك ... لەرگە ھەر خىل ئويما، قاپارتما ھەم رەڭلىك نەقىشلەرنى ئىشلەش جەھەتتىمۇ نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى ياراتقان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كىروران، نىيا... قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدە ياغاچتىن ياسالغان نەپىس ۋە چىرايلىق لىم - تۈۋرۈك پارچىلىرى، سوقۇما، قۇببە، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئەگمە كېشەكلىرى، زەگۇندە، مىنچى، رېشاتكا - سالاسۇن بالداقلىرىنىڭ نەقىش بېزىكى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى جەھەتتە ھازىرقىدىن قېلىشمايدۇ.

E. كاھىش. كاھىش بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ساپالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. ئۇ ئاساسەن تاختا كاھىش ۋە نوكەش كاھىش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. تاختا كاھىشلارغا نەقىش نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ، ئىمارەتنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ خۇمداندا پىشۇرۇلىدىغان بولغاچقا پارقىراق، رەڭگى ئاسان ئۆڭمەيدىغان، پىششىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. كاھىش بىلەن

زىننەتلەنگەن ئىمارەتلەر قۇياش نۇرىدا پارقىراپ جۇلالىنىپ، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. ئارخېئولوگلار يارغول قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن نۇرغۇنلىغان گۈللۈك كاھىشلارنى تاپقان①. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شوتا قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىنمۇ قىزىل رەڭلىك كاھىشلار تېپىلغان②. بۇ كاھىشلار ئاز دېگەندە 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى كۈچادىكى قارا دۆڭ خارابىسى، كۈسەن قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىق جايلاردىن نىلۇفەر گۈل نۇسخىسى ۋە ئۇششادىق سىزىقچىلار ئويۇلغان كۆل رەڭ تاختا كاھىش بىلەن نوكەش كاھىشلارنى قېزىۋالغان. (46 ـ 47 ـ رەسىمگە قاراڭ).





46 ـ رەسىم — بېشبالىقتىن تېپىلغان نىلۇفەر نۇسخىلىق كاھىش
47 ـ رەسىم — قەدىمكى سۇلى خارابىسىدىن تېپىلغان نوكەش كاھىش

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1994 ـ يىل، 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى سانى، 5 ـ بەت.
② خوجائەخمەت يۈنۈس «گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار» 118 ـ بەت.

F. گەج. گەج بولسا گەج تېشىنى خۇمداندا مەلۇم تېمپېراتۇرا چەكلىمىسىدە كۆيدۈرۈپ ئاندىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېزىپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ. كۆيدۈرۈش ۋاقتى قانچە قىسقا بولسا شۇنچە تېز قېتىشىدۇ. سۇ تەركىبى نورمال بولسا قاتتىقلىقى ئاشىدۇ. كۆيدۈرۈش جەريانىدا غەيرى ماددىلار ئارىلىشىپ قالمىسىلا رەڭگى ئاق ھەم سۈزۈك بولىدۇ. ئۇ ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ زىننەتلەش تەلىپىگە ئاساسەن سىدام سۈۋاش (ئاقارتىش)، ئويمىكارلىق، نەقىش قېلىپىدا قۇيۇپ تەييارلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىلىپلا قالماستىن يەنە خىش ـ كاھىشلار ئارىسىغا قۇيۇلىدىغان لاي ئورنىدا يېپىشتۇرغۇچى ماتېرىيال قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە «قوچۇدا ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئاپئاق گەج بىلەن ئاقارتىلىدىكەن» دېيىلگەن. بۈگۈنكى دەۋرگە ئائىت شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان گەج پارچىلىرى بۇ خاتىرىنىڭ چىنلىقىنى ماددىي جەھەتتىن ئىسپاتلىدى. گەج پارچىلىرىنىڭ بەزىلىرى سىدام سۈۋاق، بەزىلىرى ئويما نەقىش پارچىلىرى بولۇپ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بارچۇق (توققۇز ساراي) خارابىسىدىن تېپىلغان گەج قېلىپلار ۋە گۇما ناھىيىسىنىڭ دۇۋا دېگەن يېرىدىن تېپىلغان گەجدىن ياسالغان گىرۋەك نەقىش قېلىپلىرىدىن ۋە بۇت قېلىپلىرىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز گەجدىن نەقىش، بېزەكچىلىك ۋە باشقا گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىدا كەڭ پايدىلانغان.

G. سىر (بوياق). سىرچىلىق شىنجاڭدا مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرى. سىرچىلىق ئىشلىرىدا يۇلغۇن چېچىكى، زاراڭزا چېچىكى، گۈلسۈرۈق

لەيلىگۇل، ئانار پوستى، ياڭاق پوستى، كۆكتاش، گىل قىزىل تاش، زەرنىخ، لازورت، گاۋلىك توپىسى قاتارلىقلار سىرچىلىق ماتېرىيالى بولۇپ كەلگەن. بۇ ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان ۋە ئۇلارنى ئەگشەش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان قىزىل، كۆك، زەڭگەر، ئاق، يېشىل، قارا، سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەر ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى بېزەش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىپلا قالماي، يەنە توقۇمىچىلىق، ساپالچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق ساھەلىرىدىمۇ ئىنتايىن كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇلاردىكى رەڭلەرنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆڭمەي ساقلىنىپ كېلىشى بىرىنچىدىن رەڭلەرنىڭ تەبىئىي مېنېرال ماددىلاردىن ئېلىنغانلىقى، ئىككىنچىدىن سىرچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن بولغان.

## نەقىش بېزەكلىرى

نەققاشلىق ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدىكى مۇھىم ئىش تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۆي ـ ئىمارەت ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىشلەر بىلەن بېزەپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن.

شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق نەقىش ـ بېزەكچىلىك سەنئىتى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا كونكرېت بايانلار كەمچىل. مەسىلەن، فاشيەننىڭ سەپەر خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، ئۇدۇندا بود سەيلىسى كۈنلىرىدە شەھەر كوچىلىرىنى سۈپۈرۈپ سۇ چاچىدىكەن. كوچا ـ كويلار ھەيۋەتلىك بېزەكلەر بىلەن ياسىلىدىكەن. شەھەر دەرۋازىسىغا دەرپەردىلەر ئېسىلىدىكەن. ھەممە نەرسىلەر پۇختا زىننەتلەش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. فاشيەن ئۇدۇن خان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر كاتتا بۇددا ئىبادەتخانىسىنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئۇنىڭغا

نەقىشلەر ئويۇلۇپ، ئۇنى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن بېزەپتۇ. ئۇ نۇرغۇن جاۋاھىراتلاردىن پۈتكەنىكەن. مۇنارنىڭ ئارقىسىدا بۇرھانلار سارىيى بار بولۇپ، ئۇنىڭ لىم، تۈۋرۈك، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن قەغەز ئىشلىتىلگەن. ئايرىم ياسالغان راھىب ھۇجرىلىرىمۇ كاتتا زىننەتلەنگەن بولۇپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايدۇ». «يېڭى تاڭنامە» دە ئۇدۇندا «رەسىم سىزىلغان ھۇجرىدا خان يېتىپ قوپىدۇ» دېيىلگەن. كۇسەندە مۇنارلىق ئىبادەتخانىلار ناھايىتى كۆپ ھەم كۆركەم بېزەلگەن. خان قەلئەسىنىڭ ئۆيلىرى «ئاجايىپ گۈزەل» دەپ تەرىپلەنگەن. زىمازكوس بىلەن شۈەنزاڭلارنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا كۇسەندىكى خان ئوردىلىرى «رەڭگارەڭ يېپەك توقۇلمىلاردىن ياسالغان چىمىلدىقلار»، «كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن گۈللەر» بىلەن بېزەلگەن. «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئاق گەج بىلەن ئاقارتىلغان» ۋەھاكازالار.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن ئەينى دەۋردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن بېزىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ناتونۇش بولغان بۇ خىل بېزەش سەنئىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى توغرا، ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكتىن قوللانغان «كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن»، «تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ»، «ئاجايىپ گۈزەل»، «كۆركەم ۋە «رەڭگارەڭ» دېگەندەك بىر قاتار ئىبارىلىرى گەرچە بىزگە ئاشۇ نەقىش ـ بېزەكلەرنىڭ نۇسخىسى، ئۇسلۇبى، ماتېرىيالى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق مەلۇمات بېرەلمىسىمۇ ئەمما شىنجاڭنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى بىناكارلىق ۋە نەقىش سەنئىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردا بەلگىلىك تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئاخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان شىنجاڭنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق نەقىش ـ بېزەك سەنئىتىنىڭ شاھىدى بولغان ياغاچ ئۆي جاھازىلىرى، بىناكارلىق دېتاللىرى، گۈللۈك خىش ـ كاھىش پارچىلىرى، ئويما ـ قاپارتام نەقىشلىك گەج پارچىلىرى ۋە رەڭلىك سىزما قالدۇقلىرى ئۆزگىچە ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، نەپىس ۋە جانلىق، رەتلىك گېئومېترىيىلىك سىزىقلىرى، مول مەزمۇنلۇق ئۇچار قۇش، ھايۋانلار ئوبرازى، گۈزەل ۋە كۆركەم گۈل ـ گىياھ نەقىشلىرى تا ھازىرغىچە كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سېھرىي كۈچىدىن قالمىغان. بۇ نەقىشلەر ماس ۋە تەكشى بولۇپ، ئۆز ئارا گىرەلىشىپ ئىككى تەرەپكە ياكى تۆت تەرەپكە تەڭكەش داۋاملاشتۇرۇلغان. بەزىلىرى گېئومېترىك شەكىللەر ياكى ھايۋانلار رەسىملىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن بولۇپ، تۈرى ئىنتايىن كۆپ.

شىنجاڭنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى بىناكارلىق نەقىشلىرىدە ئاساسەن قىزىل، ئاق، سېرىق، كۆك، يېشىل، بېغىررەڭ قاتارلىق رەڭلەر ئىشلىتىلگەن. ئۆي ـ ئىمارەتلەر كاكىل ئەستەر سۇۋاق (قار سۇۋاقمۇ دېيىلىدۇ) تىن كېيىن توزغاق ياكى يۇڭ ۋە ياكى چەيلەنگەن كاناپ ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن ئۇستىدىن سىلىق سۇۋاق بېرىلگەن. ئاندىن تۇخۇم شاكىلى قېلىنلىقتا يىلىم ئارىلاشتۇرۇلغان بوياق بىلەن پەردازلانغان (نەقىش ئىشلەنگەن) ياكى گەج بىلەن ئويما، قاپارتما نەقىش ئىشلەنگەن، ياغاچ دېتاللىرى ئويمىچىلىق ئۇسۇلى بىلەن بىۋاستە رەڭلىك سىزىش ئۇسۇلىدا نەقىشلەنگەن.

ئومۇمەن شىنجاڭنىڭ مىڭئۆي ۋە باشقا بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت ئۆي ئىمارەتلىرىدىكى نەقىشلىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ.

## 1 ـ جەدۋەل: بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت خارابىلەردىن تېپىلغان كېسەكلەر

| تېپىلغان ئورنى | ئۆلچىمى | دەۋرى |
|---|---|---|
| تاش شەھەر خارابىسى | 38×28×8 | 518 — 907 يىل |
| توققۇز ساراي خارابىسى | 64×34×10 | 518 — 1279 |
| شەيتان قەدىمكى شەھرى | 40×22×10 | 518 — 1279 |
| نورۇزدۆڭ قەدىمكى ئىزى | 37×33×14 | 518 — 1279 |
| ئاي سانغۇن، كۆن سانغۇن ئىزى | 43×33×11 | 518 — 1279 |
| ئاقسىپىل قەدىمكى شەھرى | 50×40×10 | 206 (م.ب) — 1279 |
| ئاقسىپىل قەدىمكى شەھرى | 50×30×10 | 206 (م.ب) — 1279 |
| ئاقسىپىل قەدىمكى شەھرى | 31×20×8 | 206 (م.ب) — 1279 |
| خانئۆي قەدىمكى شەھرى | 26~16×? ×1 | 518 — 907 |
| مورا بۇددا خارابىسى | 37×30×10 | 518 — 907 |
| مەلىكە قورغان خارابىسى | 36×14×7 | 518 — 907 |
| تۆشۈكتۇر خارابىسى | 40×16×12 | 206 (م.ب) — 1234 |
| قارايار تۇرى خارابىسى | 45×22×12 | 206 (م.ب) — 907 |
| قارايار تۇرى خارابىسى | 38×18×10 | 420 — 907 |
| راۋاق بۇددا خارابىسى | 50×35×10 | 518 — 907 |
| غەربىي تۆشۈكتۇر خارابىسى | 36×17×10 | 206 (م.ب) — 1234 |
| تۆۋەنكى تاتىراڭ تۇرى خارابىسى | 45×30×10 | 206 (م.ب) — 23 |
| تاشقورغان بازىرىدىكى قەدىمكى ئىمارەت خارابىسى | 30×18×8~10 | 518 — 907 |
| ئوتام تۇرى خارابىسى | 40×20×10 | ? |
| يارغول قەدىمكى شەھرى | ? | 206 (م.ب) — 907 |
| ئىدىقۇت قەدىمكى شەھرى | ? | 206 (م.ب) — 907 |
| بېشبالىق قەدىمكى شەھرى | | 518 — 907 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitabi.com



## 2 ـ جەدۋەل: بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت خارابىلەردىن تېپىلغان خىشلار

| تېپىلغان ئورۇن | ئۆلچىمى | رەڭگى | دەۋرى |
|---|---|---|---|
| شوتا قەدىمكى شەھىرى | 33×16×3 | قىزغۇچ | ≥1500 يىل |
| قارادۆڭ خارابىسى | 34.2×33.8×3.2 | كۆلرەڭ | 518 ـ 907 |
| قارادۆڭ خارابىسى | 32.5×32.5×5.7 | كۆلرەڭ | 518 ـ 907 |
| قارادۆڭ خارابىسى | 16.5×6.5×5 | كۆلرەڭ | 518 ـ 907 |
| قارادۆڭ خارابىسى | 45×28×20 | كۆك | 518 ـ 907 |
| كۆسەن قەدىمكى شەھىرى | 28×23×8 | كۆل رەڭ | 518 ـ 907 |
| كۆسەن قەدىمكى شەھىرى | 35.5×15.5×5.3 | كۆلرەڭ | 518 ـ 907 |
| كۆسەن قەدىمكى شەھىرى | 31×19×6.5 | كۆلرەڭ | 518 ـ 907 |
| كۆسەن قەدىمكى شەھىرى | 38×20×7 | سېرىق | 518 ـ 907 |
| كۆسەن قەدىمكى شەھىرى | 39×23×7.5 | ئاچ سېرىق | 518 ـ 907 |
| قۇمتۇرا ئەتراپى | 35×25×3 | ؟ | 518 ـ 907 |
| تاش شەھەر قورغىنى | 44×23×6.5 | ؟ | سۇي ـ تاڭ |
| تاش شەھەر قورغىنى | 33×25×6 | ؟ | سۇي ـ تاڭ |

# مىڭئۆيلەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى

شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەر① مىلادى 2 - ئەسىردىن باشلاپ مىلادى 10 - ئەسىرلەرگىچە قېزىلغان بولۇپ، خىلۋەت، مەنزىرىلىك جايلاردىكى تاغ (تۆپىلىك) لارغا قېزىلغان. ئۇ كىچىك تىپتىكى جەسەت كۆلى مۇنارىچىلىرى، تاش كېمىر ئېھراملىرى، ئىستىقامەت ئۆيلىرى، راھىب ھۇجرىلىرى، بۇددا ھەيكەللىرى قويۇلىدىغان سۇپىلار ۋە تەكچىلەردىن تەشكىل تاپقان.

مىڭئۆيلەردىكى جەسەت كۆلى مۇنارى (舍利塔، سانسكرىتچە sarira دەپ ئاتالغان) بىرقەدەر كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭدا راھىب، بىكسۇ (بىكشۇ) لارنىڭ جەسەت كۆلى ساقلىناتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە ساكيامۇنى قازا بولغاندا كۆيدۈرۈلگەن جەسەت كۆلى مەرۋايىت بولۇپ چىققان ۋە ئۇنى سەككىز دۆلەت پادىشاھلىرى تەۋەررۈك بىلىپ ئېلىپ كېتىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئادەت بويىچە قازا بولغان بۇددىستلارنىڭ جەسەت كۆلى كۆيدۈرۈلۈپ، مۇنار ئىچىگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇنار جەسەت كۆلى مۇنارى دەپ ئاتالغان. بۇنداق مۇنارلار كاھىشتىن ۋە ياغاچتىن مۇنار شەكلىدە ياسىلىپ ئائىلىلەردە، ئېھراملاردا، چوڭ تىپتىكى مۇنارلاردا ساقلانغان. شۇنىڭ بىلەن كېيىنچە جەسەت كۆلى

---

① شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ جايلىشىشى، يىل دەۋرى ۋە سانلىق مەلۇماتى توغرىسىدا ئا. مۇھەممەتئىمىننىڭ «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىغا ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «كۇسەن تاش كېمىرلىرى» (خەنزۇچە) قاتارلىق كىتابلارغا قارالسۇن.

قويۇلغان مۇنارلارمۇ «جەسەت كۆلى مۇنارى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.


ئىھراملار. بۇددا ھەيكەللىرى قويۇلىدىغان، تىۋىنىش ۋە دىنىي ۋەز - نەسىھەت ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەت ئورنى بولۇپ، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ. كۆپىنچە تاشقىرقى خانا بۇنىڭ ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن.

ئىستىقامەت ئۆيلىرى. راھىبلارنىڭ ياتاق ئۆيلىرى، ئېتىكاپخانىلار، بىكشۇلارنىڭ ئۇگىنىش ئۆيلىرى، قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇنداق كېمىرلەردە تام تۈۋگە ئورۇن - تۆشەك سۇپىسى، ئېتىكاپ تۇتۇش ئورنى، ئوچاق، ۋە قازناقلار ئويۇپ چىقىرىلغان.

ئىھرام (*caitya*) ۋە ئىستىقامەتگاھ (*vihara*) شەكىللىرى نۇرغۇن خىلدا بولۇپ، سخېمىسى48 -، 49 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك.



48 - رەسىم — جەسەت كۆلى مۇنارىسىنىڭ سخېمىسى




49 - رەسىم — شىنجاڭدىكى مېھمانخانىلارنىڭ بىناكارلىق سخېمىسى

## شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەرنى جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| نامى | ئورنى | ساقلانغان كېمەر | دەۋرى |
|---|---|---|---|
| قىزىل مىڭئۆيى | باي ناھىيە قىزىل يېزىسى | 237 | مىلادى 2 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى |
| تېتىر مىڭئۆيى | باي ناھىيە قىزىل يېزىسى | 10 | پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلانغان |
| ئونباش مىڭئۆيى | باي ناھىيە ئونباش يېزىسى | 10 | پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلانغان |
| قۇمتۇرا مىڭئۆيى | كۇچا ناھىيە قۇمتۇرا كەنتى | 99 | 3 — 12 ـ ئەسىرلەر |
| قىزىلقاغا مىڭئۆيى | كۇچا ناھىيە شامالباغ كەنتى | 46 | 3 — 14 ـ ئەسىرلەر |
| سىمسىم مىڭئۆيى | كۇچا ناھىيە قورۇقتاغ | 52 | 3 — 11 ـ ئەسىرلەر |
| مازارباغ مىڭئۆيى | كۇچا ناھىيە مازار باغ كەنتى | 34 | 3 — 11 ـ ئەسىرلەر |
| شىكشىن مىڭئۆيى | قارا شەھەر ناھىيىسى | 12 | 4 — 11 ئەسىرلەر |
| توغراقئېقىن مىڭئۆيى | توقسۇ ناھىيە | 19 | تاڭ دەۋرىدە گۈللەنگەن |
| توغراقدەڭ مىڭئۆيى | ئاقسۇ كوناشەھەر | 6 | پۈتۈنلەي خارابىلاشقان، دەۋرى ئېنىق ئەمەس |
| بېزەكلىك مىڭئۆيى | تۇرپان ناھىيە مۇرتۇق يېزا | 60 | 6 — 14 ـ ئەسىرلەر |
| يارغول مىڭئۆيى | تۇرپان ناھىيە يار يېزىسى | 7 | 420 — 1285 ـ يىللار |
| تۇيۇق مىڭئۆيى | پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسى | 96 | 5 ـ ئەسىردىن — ؟ |
| سىڭگىم مىڭئۆيى | يالقۇنتاغ ئېغىزى مۇرتۇق جىلغىسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى يارداڭلىقتا | 10 | 518 — 1285 ـ يىللار |

تۇپراق قاتلىمى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كۆپچىلىكى يارلىقنى ئىچكىرىلەپ ئويۇش يولى بىلەن، بىر قىسمى ئۈستىنى يېرىم ئەگمە شەكلىدە كېسەك بىلەن گۈمبەزسىمان يېپىش ئۇسۇلى بىلەن، يەنە بىر قىسمى تاش كېمىرلەرگە ئۇلاپ كېسەكتە كېمىر شەكلىدە ياساپ چىقىش يولى بىلەن بىنا قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى ئىككى خىلـــــى قاراشەھەر، تۇرپان تاش كېمىرلىرىدە ئۇچرايدۇ، ساقلانغان خارابىلىرى تولىمۇ ئاز.

شەكىل جەھەتتە تاش كېمىرلەرنىڭ ئىشلىتىلىــــش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەم تۇپراقنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش قانۇنىيىتىگە، ھەم مىللىي بىناكارلىق ئەنئەنىسى، بۇددا سەنئەت بۇيۇملىرىنى (ھەيكەل، تام رەسىم) ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپىگە لايىق قىلىپ پىلانلانغان. بۇنداق ئەتراپلىق پىلان بىلەن قېزىلغان تاش كېمىرلەر ھەم پۇختا، ھەم ئىشلىتىشكە قۇلايلىق ھەم كۆركەم بولغان.

قۇرۇلما جەھەتتە كېمىرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇنار شەكلىدە تۈۋرۈك قالدۇرۇپ قېزىش، ئارقا خانىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى پاكار ئېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاغ جىنسى قاتلىمىنىـــــڭ بوشلۇققا بولغان بېسىمىنى ئازايتىش، تام يانلىـــرىغا يۆلەك قالدۇرۇش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىـــدارىنـــى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغان.

ئۇسلۇب جەھەتتە ئومۇمەن چېدىر ئۆي تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، چاسا خا تورۇس، گۈمبەز تورۇس، كېمىر تورۇس ۋە تۈز تورۇسلۇق قىلىپ لايىھىلەنگەن.

# تۆتىنچى بۆلۈم
# ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى

# بىرىنچى باب
# ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

بىز ئالدىنقى بابلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، نىستىر ئان دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندۇق. دەۋرنىڭ چاقى ئايلىنىپ ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنىنىڭ ھەر جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئۇيغۇرلار بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلدى.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى ۋە بۇ جەرياندىكى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار خېلى يېتەرلىك. شۇڭا، بىز بۇ مەسىلىنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. بىز پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن بىناكارلىق جەھەتتىكى تەسىرى ئۈستىدىلا قىسقىچە مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مىلادى 10 ـ ئەسىردە تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن دىني ئېتىقادنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن بىللە تۇرمۇش ئادىتىدىمۇ جۇملىدىن بىناكارلىق ئىشلىرىدىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىدا

«خۇدانىڭ ئۆيى» دەپ تەرىپلىنىدىغان مەسچىتلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈلدى. ئاندىن تەدرىجىي ھالدا باشقا ساھەلەرگە كېڭەيدى.

ئىسلام دىنىنىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى تەسىرى بىنالارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە مەزمۇنىدا ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، بۇتخانىلار چېقىلىپ مەسچىتلەر ياسالغان، تەكچىلەردىكى بۇتلار تاشلىۋېتىلىپ ئورنىغا تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىسلام دىنىي كىتابلىرى تىزىلغان، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى رەسىم ئارقىلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىچى - تېشىنى بېزەش ئۇسۇلى خاس ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ، نۇسخىلىرىدىكى نەقىشلەر ۋە ئەرەب ھۆسنىخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرى بىلەن بېزىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزماسلىق، ھەيكەل قىلىپ ئويماسلىق ئەقىدىسىگە لايىقلاشتۇرۇلغان، تۇرالغۇ ئۆيلەر بولسا ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىقنى ياقلاش ئەقىدىسى بويىچە مەخسۇس پاسكىنا سۇ چىقىرىش سىستېمىسى ۋە يۇيۇنۇش ئۆيلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ياسالغان . . . ۋەھاكازالار.

شەرىئەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىپ ئۆزىنى پاكلىشى، نامازنى پاكىز يەردە ئوقۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا خېلى بۇرۇنلا ئاممىۋى تازىلىق ۋە ئۆي - جايلارنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ بىناكارلىقتا بېزەش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن يەنە ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈزدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغىمۇ مەلۇم شەرت قويغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى «مەھەللىلەردە مەسچىت بىنا قىلىش ۋە ئۇ

مەسچىتلەرنى پاكىز، خۇشبۇي تۇتۇشقا بۇيرۇغان»[①]. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللا تائالا پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ، ئاللا تائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ ... ھويلا - ئارامىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار»[②] مانا شۇنداق شارائىتتا مۇسۇلمانلار پەقەت مەسچىتلەرنىڭ تازىلىقىغا ۋە نامازدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىشقا دىققەت قىلىپلا قالماستىن يەنە ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ تازىلىقىغا، قورا - جايلارنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا جۈملىدىن بېزەش ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپەتلىك ۋە كۆركەم بولۇشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇنچا (ھاممام) مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن. ئىبنى سىنا ھاممامنىڭمۇ داۋالاش رولى بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئىسلامىيەتتە ناماز ئوقۇيدىغان جايغا كونكرېتنى چەك قويۇلمىغان بولسىمۇ لېكىن مەسچىتتە ناماز ئوقۇشنىڭ ئەڭ ساۋابلىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن «ھۈنەر سەنئەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى — ‹قۇرئان› نى، مەسچىتلەرنى بېزەش» بولغانلىقى، ھەمدە «مەسچىت سېلىش، مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىش ئەڭ ساۋابلىق ئىش» ھېسابلانغاچقا «ئاللانىڭ ئۆيى» بولغان مەسچىت قۇرۇلۇشلىرى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھېمايىسىگىمۇ ئىگە بولاتتى. بىناكار-نەققاشلار ئەڭ ياخشى ماتېرىيال بىلەن ھەممە ئىمارەتلەردىن ئېگىز ۋە كۆركەم تۇرۇپ، «ئاللا» نىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن

① «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى، 292 - بەت.

② «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، 294 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان ھەشەمەتلىك مەسچىتلەرنى بىنا قىلغان. مەسچىتلەرنىڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشى شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن باشقا جامائەت قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ ئەجايىپ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، پادىشاھلارنىڭ ئوردىسى بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسچىتلەردىنمۇ ھەيۋەتلىك ياسالغان. ئۇنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىسلام دىنىي ئەقىدىسى بىلەن ھوقۇقنىڭ سىمۋوللۇق شەكىللىرى تەڭ قوللىنىلغان. دەسلەپتە مەسچىت، ئاندىن مەدرىسلەر ئىسلام مائارىپى سىستېمىسىدا مۇھىم مائارىپ مەركەزلىرىدىن بولۇپ كەلگەن. مەسچىتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدرىس مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا، شىنجاڭدىمۇ مەسچىت بىلەن مەدرىسنى بىر گەۋدە قىلىپ ياساش ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ «سوتى» ھېسابلىنىدىغان «قازىخانا» لارنىڭ ئورنىمۇ ئادەتتە مەدرىسلەرنىڭ يېنىدا بولغان.

«قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەردە تىپىك ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى توغرىسىدا ھېچقانداق كۆرسەتمە يوق. شۇڭا، ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىمۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بويىچە تەرەققىي قىلغان. ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام ئىمارەتلىرى ناھايىتى ئاددىي، دىنىي سىمۋوللۇق بەلگىلەردىن خالىي ياسالغان. مەسىلەن، تۇنجى، ئەڭ كاتتا مەسچىت بەيتۇللا ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللا تائالا مالائىكىلەرنى ئەۋەتىپ، زېمىنغا چوڭ ـ كىچىكلىكى، نۇسخىسى ئاسماندىكى بەيتۇللاغا ئوخشاش بولغان بىر ئۆي

① «بەيتۇللانىڭ تارىخى»، 11ـ بەت.

سالدۇرغان»①. بەزى رىۋايەتلەردە «بۇ ئۆينى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ياسىغان، جىبرائىل سىخىمىسىنى سىزىپ بەرگەن ئۆي پۈتكەندە ئاللا ‹بۇ دۇنيادىكى بىرىنچى ئۆي›① دېگەن» دېيىلگەن. تارىخشۇناس مەسئۇدى پۈتكەندىن كېيىنكى بەيتۇللانى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «. . . بەيتۇللاغا بىرلا ئىشىك قويۇلغان بولۇپ، ئۆگزىسى يېپىلمىغان»② «ئۇلۇغ بەيتۇللانىڭ تارىخى» دا: «. . . بەيتۇللانىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، ئىككى ئىشىكىگە قانات بېكىتىلمىگەن»③. «بەيتۇللا پۈتكەندىن كېيىن ئاللا تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەرنى بەيتۇللاغا كېلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرىش ھەققىدە ئەمر قىلغان». تەبەرى مۇنداق يازىدۇ: «ئىبراھىم: ‹يارەب، مېنىڭ ئۈنۈم ھەممە ئادەمگە قانداق يېتىدۇ؟› دېگەندە ئاللا تائالا: ‹سەن ئاۋال ئەزان توۋلىغىن، يەتكۈزۈش مەندىن . . .› دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەزان توۋلىغان. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاسمان - زېمىننى چاڭ كەلتۈرۈپ، ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ بارغان»④. بەزى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە «ئەزان ئۆگزىدە تۇرۇپ توۋلانغان».

ئىسلام تارىخى ماتېرىياللىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، مەسچىت سېلىش ئۈچۈن ھېچقانداق زۆرۈر شەرتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ھەتتا «ئاددىي - ساددا» بولۇش، مەسچىت سېلىش ئۈچۈن قانۇنسىز يەر ئىگىلىمەسلىك تەكىتلەنگەن. «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دا يېزىلىشىچە: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ بەنى نەججار مەھەللىسىنىڭ ئالدىدا تۆگىسى چۆككەن يەرگە مەسچىت سېلىشقا كىرىشتى.

① «بەيتۇللانىڭ تارىخى»، 21 - بەت.
② «بەيتۇللانىڭ تارىخى»، 33 - بەت.
③ «بەيتۇللانىڭ تارىخى»، 35 - بەت.
④ «بەيتۇللانىڭ تارىخى»، 308 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ يەر ئەسئەد ئىبنى زۇرارە تەربىيىسىدىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ خورما خامانلىقى ئىدى. رەسۇلۇللا ئۇلارنى چاقىرىپ، مەسچىت سېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خامانلىقىنى سېتىپ بېرىشنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئى رەسۇلۇللا، يەرنى ساڭا پۇل ئالماي ھەدىيە قىلىپ بېرىمىز دېسىمۇ، رەسۇلۇللا ئۇنىماي پۇل بېرىپ سېتىۋالدى. بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرى، خورما دەرەخلىرى ۋە بەزى ئازگاللار بار ئىدى. قەبرىلەردىكى جەسەتلەر كولاپ ئالدۇرۇلۇپ تۈزلىتىلدى، ئازگاللارمۇ تىندۇرۇلدى. خورما دەرەخلىرى كېسىپ تاشلاندى. مەسچىت سېلىش باشلاندى. مەسچىتنىڭ تاملىرى كېسەكتىن، ھۇلى تاشتىن قوپۇرۇلدى. ئۈستى خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىلەن يېپىلدى. خورما ياغاچلىرى تۈۋرۈك قىلىندى. مەسچىتنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويىدىن سەل ئېگىزرەك ئىدى. مەسچىتنىڭ ئەمگىكىگە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قاتناشتى. ئۇلار مەسچىتكە ئىشلەش جەريانىدا تۈرلۈك ناخشا - شېئىرلارنى ئوقۇيتتى. . . شىمال تەرەپكە كېلىدىغان بەيتۇلمۇقەددەس بۇ مەسچىتنىڭ قىبلىسى قىلىپ بەلگىلەندى. مەسچىتكە ئۈچ تەرەپتىن ئىشىك قويۇلدى. يامغۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن مەسچىتكە شېغىل ياتقۇزۇلدى. مەسچىت ئاددىي - ساددا ئىدى. ھەتتا بىساتمۇ سېلىنمىغان، ئىھاتە ئىچىگىمۇ ئېلىنمىغانىدى. زەمئەنىڭ قىزى سەۋدە ۋە ئائىشە ئۈچۈن مەسچىتنىڭ يېنىغا يۆلەپ ئىككى ئېغىز ھۇجرا سېلىندى. . . . كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۆيلەنگەندە، شۇنىڭغا قاراپ مەسچىتكە تۇتاشتۇرۇپ ھۇجرىلار سېلىناتتى[1]. دېمەك، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

① مۇھەممەد خۇزەرى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 137 -، 138 - بەتلەر.

زاماندا مەسچىتلەر ناھايىتى ئاددىي سېلىناتتى. مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويىدىن ئاشمايتتى. مەسچىتنىڭ ئۈستى تەرىپىدە كۆننىڭ ئىسسىقلىقىدىن ساقلىنىدىغان سايىۋەن بولاتتى»[1] . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەسچىت ئورنى ئالاھىدە تاللىنىپ كەتمەيتتى. ئىسلام تارىخچىسى مۇھەممەت خۇزەرى مۇنداق دەيدۇ: «كېيىنكى زامانلاردا مەسچىت سالغۇچىلار ئادەتلەنگەن نەرسىلەردىن ھېچقايسىسى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئېسى - يادى دىللارنى ئىمان بىلەن بېزەش ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى دىللاردىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشتە ئىدى» . ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك تەختكە چىققاندا، ئۇ ئوسمان زەۋرادا قوشقان ئەزاننى مۇنارنىڭ ئۈستىدە ئېيتىلىدىغان قىلدى، كېيىن ئۇنى خەتىپ مۇنبەرگە چىققاندا مەسچىت ئىچىدە ئېيتىلىدىغان قىلدى. بۇنىڭدىن مەسچىتتە خەتىپنىڭ ئالدىدا ئېيتىلغان ئەزاننىڭ بىدئەت ۋە ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. چۈنكى، مەسچىتتىكى كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەسچىت ئىچىدە ئېيتىلغان ئەزاننى مەسچىت سىرتىدىكىلەر ئاڭلىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمە ئەزىنى توغرىسىدىكى سۈننىتى شۇكى، مەززىن مۇنار ئۈستىدە ئەزان ئېيتقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە ئولتۇراتتى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەممىسى كېيىن پەيدا بولغان بىدئەتلەردۇر»[2] . دېمەك، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلىۋىدە مەسچىتلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا زۆرۈر شەرتلەر بولمىغان، مەسچىتلەر ئاددىي - ساددا بولۇپ، پەقەت قىبلىنىڭ توغرا بولۇشىغىلا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بىناكارلىق

---

[1] مۇھەممەد خۇزەرى: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 129 - بەت.

[2] مۇھەممەت خۇزەرى: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 129 - ، 140 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېخنىكىسى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مەسچىتلەر بارا ـ بارا ھەشەمەتلىك ياسالغان. ئەزان مۇنارىمۇ ئىسلام دىنىي ئەقىدىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن دىنىي تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش، مۇسۇلمانلارنى نامازغا ۋاقتىدا كېلىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىنلا پەيدا بولغان ۋە كېيىنچە مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىدا مەسچىتلەرنىڭ ئۆگزىسىنى گۈمبەزسىمان قىلىپ يېپىش، ئەزان توۋلايدىغان پەشتاق مۇنارى بولۇش تەلەپ قىلىنمىغان. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكلى، ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنىنى بېيىتقان. قۇببە ۋە ھىلال ئاي شەكلىنى ئورنىتىشمۇ كېيىنرەك پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ بەلگە دەسلەپتە دىنىنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى سۇلالىنىڭ بەلگىسى بولغان. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ھىلال ئاي ئەڭ دەسلەپتە ۋىزانتىيىدە دىنىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. كېيىنچە ئۇ پۇتكۇل ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. مۇسۇلمان تارىخچىلىرى كۆپىنچە مەسچىتلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھىلال ئاينى ئەمەس، بەلكى ھەربىي بايراق ئۈستىدىكى ھىلال ئاينى تىلغا ئالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 1517 ـ يىلى ئوسمان تۈركلىرى ھىلال ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن بايرىقىنى دەمەشق شەھىرىدىن ئۇمەۋىييە مەسچىتىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى ئوتتۇرىدىكى مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى چېركەسلەرنىڭ ھىلال ئاي كەشتىلەنگەن بايرىقىنىڭ ئورنىغا ئورناتقان[①]. تارىخشۇناسلار تۈرلۈك تارىخىي ماتېرىياللارغا

① «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 2 ـ نەشرى، 53 ـ بەت.

ئاساسەن ھىلال ئاينى دىنىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە مەسچىتلەرنىڭ گۈمبەز ياكى مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىش دەسلەپتە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىكى بولماي، بەلكى ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان، كېيىنكى چاغلاردا ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ۋە تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھىلال ئاي ئىسلام دۇنياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىلال ئاي «گوياكى بەخت، خۇشاللىق ۋە يېڭى ھاياتنىڭ بەلگىسى ياكى زورىيىۋاتقان يېڭى دىنىنىڭ ئىپادىلىنىشى» سۈپىتىدە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى.

لېكىن، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى (مەسچىت، مەدرىس) گەرچە ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يەرلىك بىناكارلارنىڭ ئەمگىكى، ئەقىل- پاراستى ۋە سەنئىتىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن روشەن مىللىيلىققا ئىگە ئىدى. چۈنكى، ئۇ بىرىنچىدىن يەرلىك بىناكارلار تەرىپىدىن ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسى، ئۇسلۇبى، شەكلى ۋە ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ياسالغان؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر بىناكارلىق نەمۇنىلىرى ئۇنىڭدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛ مەسىلەن، تەكچە، گۈمبەز، مۇنار، ئەگمە ۋە خىلمۇ - خىل گۈل - گىياھ نۇسخىلىرى بۇددىزم دەۋرىدىلا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى، ئەرەبىستاندا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئەقىدىلىرى بولماستىن، بەلكى

ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادلىرىمۇ سىڭىپ كىرگەندى. بۇنداق ئەھۋالدا شەكىللەنگەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئەرەپ ئىسلام مەدەنىيىتىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت بولغان، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت ئىدى. تۆتىنچىدىن، ھەرقانداق بىر دىن بىر مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە شۇ مىللەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشى شەرت. ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ دىن ھەرقانداق بىر جايدا يىلتىز تارتالمايدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى رايون ئالاھىدىلىكى، تەبىئەت قاراشلىرى، دىنىي ئېتىقادى، كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى ۋە ئېستېتىك زوقلىنىش ئادەتلىرى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار ئۆز ئەقىل پاراستىگە تايىنىپ ئۆز يۇرتىنىڭ يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق بولىدىغان ھاۋارايىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنى ئىجاد قىلغان. بۇ خىل بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بىناكارلىق ئۇسلۇبى رېئال تۇرمۇشتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغاچقا، تېز ئومۇملاشقان ۋە دەۋردىن-دەۋرگە مىراس قالغان. ئىشىك-دېرىزە ۋە ئىمارەت ئالدى يۈزىدىكى ئەگمە شەكىللەر قەدىمكى دەۋرلەردىكى چېدىر شەكىللىك ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرگە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولغان. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا ئىمارەتتە بىر پۈتۈن شەكىللەرنى ماسلاشتۇرۇش

ۋە تەكرارلاش ئارقىلىق يەرلىك ئۇسلۇب ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىلا چۈشىنىپ يەتكەن.

دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىس، مەسچىت، مازار ۋە قىسمەن تۇرالغۇ بىنالىرىنىڭ تام - تورۇسلىرىغا ھۆسنىخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلىپ، نەقىش ئورنىدا ئىشلىتىلگەن «قۇرئان» ئايەتلىرى، ۋە دىنىي شوئارلار ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن بولغان. بۇنداق ئەھۋال مەسچىتلەردە گەۋدىلىكرەك بولۇپ، دىنىي تەشۋىقات رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خۇددى بۇددىزم دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ تام - تورۇسلىرىغا بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەرنى سىزىپ، بۇددا دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن، مەيلى مەسچىتلەردە بولسۇن، مەيلى قەدىمكى بۇتخانىلاردا بولسۇن يۇقىرىقىدەك دىنىي تەشۋىقات ئامىللىرى گۈل - گىياھ، گېئومېتىرك نەقىش نۇسخىلىرى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈسۈملۈكلەرنىڭ چېچەك، گۈل، غۇنچە، ياپراقلىرى ۋە ئانار، شەددە، ئىسلاق، بەشچېچەك، بادام، مودەنگۈل، ئەۋرىشىم، ئانارگۈل، لالە، شەيتان قۇلۇپ ۋە دولقۇنسىمان، ھەرە چىشى شەكلىدىكى نۇسخىلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئىشلىتىلگەن. ھازىرمۇ ئىشلىتىلمەكتە. بۇ نۇسخىلار نەققاشلارنىڭ ماھارىتىنىڭ ئۆسۈشى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارغانچە كۆركەملەشكەن. ھالبۇكى، ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان نۇسخىلارمۇ ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولماستىن بەلكى ئۇنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىت ئىچىدىن شىپالىق، روھىي ھۇزۇر، قىممەتلىك، گۈزەل نەرسىلەر سۈپىتىدە كەڭ تەبىئەت دۇنياسىدىن تاللاپ ئېلىپ، ئەينى ھالىتى، ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىجاد قىلغان. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىنتايىن كەڭ ئىجتىمائىي دائىرىگە ئىگە بولۇپ، خەلقىمىز تۇرمۇشىدا ئەڭ كىچىك قاتلاملارغىچە سىڭىپ كىرگەن. ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ، ئۇلۇغلاپ كەلگەن كۆك، سېرىق، يېشىل، زەڭگەر، ئاق رەڭلەر ئىشلىتىلگەن.

# ئىككىنچى باب
# قاراخانىيلارنىڭ بىناكارلىقى

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇرغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوخشاشلا دېھقانچىلىقنى ئاساس چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان ئىدى. يېزا ئىگىلىكىدىكى گۈللىنىش مۇقەررەر ھالدا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى؛ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ گۈللىنىشى شۇبھىسىزكى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن كەڭ تۈركىي مىللەتلەرنى تېخىمۇ جەلپ قىلدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى (مىلادى 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋر سۈرگەن) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق رايونىدا دۆلەت قۇرۇشتەك بىر يېڭىلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، مول ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، چەكسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com



كەتكەن يايلاق ۋە بوستانلىقلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۆچىنى نامايان قىلغانىدى. 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەن - تېخنىكىسى ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىلا راۋاجلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بىناكارلىقنى مىسال ئالىدىغان بولساق، رەڭلىك كاھىش، خىش پىشۇرۇش، ئەينەك، سىر - بوياق قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن دەسلەپ بالاساغۇننى، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر (ئوردۇكەنت) نى پايتەخت قىلغان ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا زور يۈكسىلىشلەر يۈز بېرىپ، ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەر سانائىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ قېلىش نەتىجىسىدە مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئومۇملىشىپ كەتتى. قەشقەر، بارچۇق، بالاساغۇن، ئوترار، فاراب، سەمەرقەنت، ئىلا (ئىلى)... قاتارلىق يېرىك ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي ئېتىقادنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. يەنى، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ، يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. مانا شۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى جۈملىدىن تۇرالغۇ ئۆي، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى، ئوردا - قەسىر ۋە شەھەر قۇرۇلۇشلىرى زامان ۋە ماكانغا خاس

ھالدا يېڭىچە ئۇسلۇپتا تەرەققىي قىلدى.

تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ دەۋردە تامچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، سىرچىلىق، ئەينەكچىلىك، خىش - كاھىشچىلىق، نەققاشلىق ھۈنەر كەسپلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. ئىمارەتلەر مەيلى ئىشلىتىلىشچانلىق جەھەتتىن بولسۇن مەيلى ئېستېتىك قىممىتى جەھەتتىن بولسۇن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتى ۋە گۈزەللىك تەلىپىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. تۆۋەندە مۇشۇ دەۋردىكى بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تۇرالغۇ، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى (مەسچىت، مازار، قەلئە - قورغان، شەھەر دەرۋازىسى)، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

## تۇرالغۇ

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تېزلەشتى. نەتىجىدە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىمۇ بىناكارلىقتىكى بىر تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئادەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ مەنىۋى تۇرمۇشىنى قىسمەن كاپالەتلەندۈرگەنىدى. مانا ئەمدى كىگىزدىن تىكىلگەن چېدىر ئۆيلەردىن ياغاچ - تاش، ياغاچ - توپا قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە كۆچۈش ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئەينى دەۋردە ئۆيلەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى ئالدى بىلەن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشى (شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە بېزىلىشى) دا ئىپادىلەنگەندەك قىلىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىر يۈرۈش ئىچكىرى- تاشقىرى قىلىپ ياسالغان ۋە ھويلا، باغ، گۈللۈك، قوتان، دەرۋازا، بالىخانا، يازلىق دەم ئېلىش ئورنى، چايخانا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تىپىك ھويلىلىق قورۇلۇش شەكلىنى ئالغان. مەھمۇت قەشقەرى تۇرالغۇ ئۆينىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «sərü– تەكچە- تاختىبېشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي جابدۇقلىرى قويۇلىدۇ».①

تەكچىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلىشى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستە ئىدى. بۇددىزم دەۋرىدە ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە بۇتلارنى تىزىدىغان ئورۇن قىلىپ ئىشلىتىلگەن؛ قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە بولسا تەرەققىي قىلىپ «yüdrük» (ئۈستىگە كىيىم - كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىزىپ قويىدىغان لىمتاق، مەرەپ)② ھەمدە يەنە «oyuɤ» (ئويۇق)③ قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن ھەمدە ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئايرىم ئىشلىتىلگەن. مەھمۇت قەشقەرى

---

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 305 - بەت.
② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 60 - بەت.
③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 68 - بەت.

يەنە «سۇپا»، «تۈگلۈك»، «ئوچاق»، «ساندۇق»، «تامغا تارتىلىدىغان گۈللۈك چارشاپ»، «بېزەك - نەقىش»، «مېھمانخانا»، «ياتاق ئۆي»، «كىگىز»، «گىلەم»، قاتارلىقلارنى تىلغا ئالغان. بۇ مەلۇماتلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تۇرالغۇلىرىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىنى ئومۇمىيۈزلۈك يورۇتۇپ بېرەلمىسىمۇ ئەمما بۇلاردىن سۇپىسىغا كىگىز - گىلەملەر سېلىنغان، تېمىغا گۈللۈك چارشاپ (زەدىۋال) تارتىلغان، ساندۇق قاتارلىق ئۆي جابدۇقلىرى تىزىلغان، بىر تەرىپىگە ئوچاق سېلىنغان، تۈگلۈك ۋە پەنجىرىلىرىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرغان بىر ئۆينى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇيغۇرلار تاپقان پۇلىنى تامغا چاپلايدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل تاپسىلا ئالدى بىلەن ئولتۇراق مۇھىتىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنە قاراخانىيلار دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «كىمنىڭ ئالتۇن كۈمۈشى بولسا ئۆي - جاي سالار»[①] دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۆپىنچە كۈن پېتىشقا قارىتىپ ياسىلاتتى. ھويلىسى «قومۇش ۋە تىكەندىن قىلىنغان چىت»[②] ياكى سوقما تام بىلەن دائىرىگە ئېلىناتتى. ھويلىدا «سەكۈ» (səkü) دەپ ئاتىلىدىغان «ئۈستى ئوچۇق سۇپىچاق»[③]، بىر چېتىدە يەنە «قوي ۋە باشقا ھايۋانلارنى سولايدىغان، چىۋىقتىن توقۇلغان قوتان» بولۇپ، بۇنداق ھويلىلىق ئۆيلەر «ئېغىللىق ئۆي (ئېغىلى بار ئۆي)»[④] دەپ ئاتىلاتتى. ھويلىدا يەنە كىرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان «ئەۋرەز»، «قاپقا» (دەرۋازا)،

---

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 345 - بەت.
② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 420 - بەت.
③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 317 - بەت.
④ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 200 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«باراڭ» ، قۇدۇق قاتارلىقلارمۇ بولاتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆيلەرنىڭ يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئاساسەن تۇڭلۇك ۋە پەنجىرە - روجەكلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەينەكچىلىك تەرەققىي قىلغان كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ئەينەكلىك دېرىزىلەر مەيدانغا كېلىپ ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ سۈپىتىنى بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلەتتى.

بۇ دەۋردە ئۆيلەرنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تام ئۇلىغا زەگۇندە قويۇلغان، ئۆي تاملىرى ئىنچىكە سۇۋاقتىن كېيىن هاك بىلەن ئاقارتىلغان. ئاھالىلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى پاكىز تۇتۇشى، كوچىلارنىڭ راۋان بولۇشى خاندانلىق تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس «مۇھتەسىپ» لەر تەيىنلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھېجىپ ئۆيلەرنى پاكىز تۇتۇش توغرىسىدا قاراخانىيلار جامائىتىگە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

«ئۆيۈڭ مۈلكۈڭنى پاك - ئېرىغ تۇت ھامان،
ئايا مەرد، كېلەر بەخت ساڭا ھەر زامان①.

مەيلى دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە، قايسى دەۋردە بولسۇن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش — ئىناق بولغان قوشنىدارچىلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ كەلگەن. جۈملىدىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرمۇ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلىنىشىچە قوشنىدارچىلىق دەرىجىسى قوشنىلار بىر-بىرىگە ياردەملىشىپ ئۆي سېلىشىپ بېرىش ۋە باشقا كۈندىلىك

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 4536 - بېيىت.

تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە ياردەملىشىشكىچە بېرىپ يەتكەن. بۇنداق قوشنىلار ئۆم - ئىناق بولۇپ بىر - بىرىنى «قاياش» دەپ ئاتاشقان.① مەھمۇت قەشقەرى يەنە بىر ھويلىدا بىللە ياشايدىغان قوشنىلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ «كىردەش» (kirdəx) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.② يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشنىدارچىلىقتا ئىناق - ئۆملۈكنىڭ بەك مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئۆيۈڭنى يېقىن سالما چوڭ يولغا سەن،
ئۇنىڭدىن ھەزەر قىل زەرەر كۆرسەن.

تاشار دەريا يا بولما بەگنىڭ قوشنىسى،
يېقىن تۇرما ھېسارغا ئەقىل ئىگىسى.

بۇ ئۈچ قوشنالىقتىن ساڭا پايدا يوق،
زىيان تەگسە ئۇنى تۇسار چارە يوق.

ئۆي ئالماق تىلەسەڭ قوشنىغا قارا،
يەر ئالماق تىلەسەڭ سۇيىنى ئارا.③

مەھمۇت قەشقەرى يەنە «ئەگمە — ئۆينىڭ ئەگمىسى»، دېگەن ئىزاھاتى ئارقىلىق بىزگە كېمىر شەكىللىك، گۈمبەز شەكىللىك ھېچبولمىغاندا ئىشىك - دېرىزىلىرى ئەگمىلىك بولغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ بولغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ

---

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 463 - بەت.
② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 602 - بەت.
③ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 4545 -، 4546 -، 4547 -، 4548 - بېيتلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



خىل ئۆيلەرنىڭ شەكلى كۆركەم، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرالغۇسى بولغان چېدىر ئۆيلەرگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلبەتتە، تۈز ئۆگزىلىك تۇرالغۇلار قۇرۇلمىسىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە ماتېرىيالچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۇرالغۇلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزە، ئالدى تام يۈزلىرىدە گىرۋەك چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەگمە شەكىللەر قوللىنىلغان ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۇرگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تۇرمۇش ئادىتىدە ياشىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىمۇ بۇ ئىككى خىل تۇرمۇش ئادىتىگە ماسلاشقان ھالدا «ئەۋ» (əʋ) ۋە «چېدىر» دەپ ئايرىلاتتى.

ئەۋ — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ئورخۇن ـ يەنسەي يېزىقلىرىدا بۇ سۆز ياغاچ قۇرۇلمىلىق چېدىر ئۆيلەرگە قارىتىلغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «بارق» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا «‹بارق› سۆزى يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ، ‹ئەۋ› سۆزى بىلەن جۈپلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىپ ‹ئۆي ـ ۋاق› دېيىلىدۇ» دېيىلگەن[①]. ئۇ يەنە «قونۇقلۇق ئەۋ» (مېھمانخانا)، «قۇرۇنلۇغ ئەۋ» (قورۇم باغلاپ كەتكەن ئۆي)، «قۇدۇغلۇغ ئەۋ» (قۇدۇقى بار ئۆي)، «قاپۇغلۇغ ئەۋ» (قوۋۇقى بار ئۆي)، «تۆرتكۈل ئەۋ» (تۆت

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 453 ـ بەت.

چاسا ئۆي) ، «*ol əvin torusladi*» (ئۇ ئۆيىنىڭ تورۇسىنى ياپتى) ، «ئويۇغلۇغ ئەۋ» ئويۇقلۇق ئۆي[1] قاتارلىق مىساللارنىمۇ كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن «ئەۋ» ئىبارىسىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شەكلىدىكى ياغاچ ـ تاش ياكى توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە بېرىلگەن نام ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ خىل تۇرالغۇ ئۆي شەكلىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چېدىر كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ، ئادەتتە كىگىز ـ تېرىلەردىن ۋە ياغاچ، ئوت ـ چۆپلەردىن ياسىلىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە چېدىر ئۆيلەر بېلىق سىرتى شەكىللىك، كونۇس شەكىللىك ۋە يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئادەتتە كەرەگۇ (تورسىمان ياغاچ چېتىق) ، «ئۇۋۇق» (ياغاچ بادرا) ، «چاڭغىراق (ياغاچ بادرىلارنىڭ ئۇچى چېتىلىدىغان يېرىم شار شەكىللىك ياغاچ قۇرۇلما بولۇپ، چېدىر ئۆيىنىڭ ئۈستىكى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ) ، «چىغدان» (چېدىر ئىشىكىنىڭ پەردىسى) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىدىن كىگىز بىلەن يېپىلىپ قىل ئارقان بىلەن مەھكەم باغلىنىدۇ. ئادەتتە چاڭغىراقنىڭ ئۈستى يېپىلماي تۈڭلۈك ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئوتاغ مەلۇم دەرىجىدە ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، شەكلى چېدىرغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن چېدىرغا قارىغاندا چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەر ئۇنى «چۇۋاچ» دەپمۇ ئاتىغان. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «قۇرۇۋى چۇۋاچ قۇرۇلدى، تۈگۈم تىكىپ ئورۇلدى سۇسى ئوتۇن ئۆرۈلدى، قانچۇق قاچاق

---

[1] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم 656ـ، 650ـ، 646ـ، 645ـ؛ 3 ـ توم 569ـ، 453ـ، 68ـ بەتلەر.

ئول تۇتار» (بۇ چېدىر تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمدارلىرى ئۈچۈن يىپەكتىن ياسالغان چېدىردۇر. دەھشەتلىك ئىسسىقتىن، يامغۇردىن ۋە قاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ) ①. ب. ئۆگەل «قۇرۇق چۆۋاچ سۆزىنىڭ خاقان چېدىرىنىڭ دۈگىلەك ۋە قۇببىلىق بولۇشى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان» ②.

## جامائەت قۇرۇلۇشلىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىم - مەرىپەت، سودا - سېتىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى راۋاجلانغان، كىشىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى شەھەرلەردىكى جامائەت سورۇنلىرىغا مەركەزلەشكەنىدى. مانا شۇنداق تەرەققىيات ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى شەھەر - بازارلاردا خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيىتى ھەمدە يېڭىدىن ئومۇملاشقان ئىسلام دىنى تەرغىباتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رەستە - بازار، مەسچىت، مەدرىس، سەيلىگاھ، مازار . . . قاتارلىق جامائەت قۇرۇلۇشلىرى كۆپلەپ قۇرۇلغان ۋە ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزەلگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە شەھەرلەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا ئالىي بىلىم يۇرتلىرى (مەدرىسلەر)، مەسچىت، ساراي ۋە رەستىلەر قەد كۆتۈرگەن. شەھەر ئەتراپلىرىغا خان - شاھزادىلەرنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان مەخسۇس ئارامگاھلىرى بىنا قىلىنغان. قەشقەر (ئوردۇكەند) شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بورۇنقى

---

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»
② رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 192 - بەت

بۇدخانىلارنىڭ ئورنىغا خانىقا ۋە مەكتەپلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى تاغقا تۇتاشقىچە تۇرالغۇ جاي بولغان. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار تاغقا چىقىپ مەشھەت يېزىسىدىكى ئالتۇن مۇنارلىق بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىنى كۆرەلەيتتى. ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئورنىدىمۇ «تۇمەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ سەيلىگاھ بولۇپ، بۇ جاي دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سەيلىگاھى بولغان. شۇنداقلا چەت ئەل ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلەر چۈشىدىغان چوڭ ساراي ۋە مەسچىتلەرمۇ مۇشۇ جايدا ئىدى. بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ غەرب تەرىپىدىمۇ «سۇلتانباغ» (خاننىڭ بېغى ياكى خانلىق باغ دېگەن مەنىدە — ئا) ناملىق بىر چوڭ باغ، «تەكياگاھ» (ئەلچىلەرنى كۈتىدىغان مەخسۇس مېھمانخانا) ناملىق مېھمانخانا ۋە «مەھمۇدىيە مەدرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەدرىس بولغان. بۇخارادىمۇ «شەمسىئاباد» دەپ ئاتىلىدىغان ئارامگاھ بولغان. «تارىخي بۇخارا» دا خاتىرىلىنىشىچە شەمسىئابادتا ھۆكۈمدار ئولتۇرىدىغان داچا، باغچا، ھەتتا ھايۋانات باغچىسىمۇ بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جامائەت قۇرۇلۇشلىرىدىن بىرى مەدرىسلەر ئىدى. مەيلى كاتتا مەدرىسلەر بولسۇن، مەيلى كىچىكرەك مەدرىسلەر بولسۇن ناھايىتى مول نەقىشلەر بىلەن بېزىلەتتى. دېرىزىلىرىگە ئەينەك قويۇلاتتى ياكى پەنجىرە ئورنىتىلاتتى. ئادەتتە چوڭ مەدرىسلەردە نۇرغۇن تالىپ (ئوقۇغۇچى) سىغىدىغان دەرسخانىلار، ياتاق، ئاشخانا، سەرراپ، ھاممام، باغ، كۆل (ياكى قۇدۇق) ۋە ئاممىۋى ھاجەتخانىلار بولاتتى. شۇ يىللاردا قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن «ساچىيە مەدرىسى»، «مەھمۇدىيە مەدرىسى» ۋە «ھەمىدىيە مەدرىسى»

قاتارلىق مەدرىسلەر قۇرۇلغان. مۇسا بۇغراخان دەۋرىدە قەشقەرنىڭ باشقا رايونلار بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى راۋاجلانغان، خانلىق مەدرىس، خانلىق قىرائەتخانىلار سېلىنغان. ئەخمەت زەكى ۋەلىدىنىڭ «تۈرك - تاتار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «قاراخانىدىن كېيىن خان بولغان مۇساخان تەرەپ - تەرەپنىڭ ئالىم ۋە يۇرت چوڭلىرىنى توپلىغان، بۇلار ئۈچۈن مەسچىت، مەدرىس ۋە خانقالارنى سالدۇرغان» دەپ يېزىلغان[1]. بۇ مەدرىسلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم - شائىرلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزلىرىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ ساچىيە مەدرىسىنىڭ نامى ھەممىدىن مەشھۇر بولۇپ، بىر چوڭ كۇتۇپخانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. جامال قارشى «سۇرراخ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەدرىسنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۆزى جەۋھەرىنىڭ «سىھاھ» لۇغىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن بۇيان ئىزدەپ ئاخىر ساچىيە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپقانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ[2] ۋە قەشقەرنى «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي» دەپ تەرىپلەيدۇ.

## مەسچىت

مەسچىت - ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مۇسۇلمانلار سەجدە قىلىدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تارىختىكى تۇنجى

---

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 375 - بەت.
② ھاجى نۇر ھاجى چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 102 - بەت.

مەسچىتنى مىلادى 622 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە قېچىپ بېرىپ تۇرغان ئۆيىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بىنا قىلغان. مەسچىتلەر دەسلەپ شەھەرلەردە، كېيىنرەك يېزا مەھەللىلەردە قۇرۇلغان.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىمۇ مەسچىتلەر بىنا قىلىنىشقا باشلىغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن ئورتودوكسال سۈننىي مەزھىپى ھۆكۈمەت تەرەپ ئەمەل قىلىدىغان مەزھەپ بولۇپ قالغان شۇنداقلا ئاۋام خەلقمۇ بۇنىڭغا ئەگەشكەن. سۈننىي مەزھىپىنىڭ ھەنەفىيە فىتھىچىلىرى ئاللا بۇيرۇغان بەش پەرزگە ئەمەل قىلىشنى تەكىتلىگەن، بىر خىللا مەسچىت تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا، قاراخانىيلار زېمىنىدا مەسچىت ئومۇميۈزلۈك سېلىنغان[①]. مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپنى بەلگىلەش ئۈچۈن قىبلە (شىنجاڭغا نىسبەتەن غەربىي جەنۇب) تەرەپتىكى تامغا مېھراب ياسالغان. مېھراب يېنىغا ئىمام قىرائەت قىلىدىغان مۇنبەر (سۇپا) ياسالغان. دەسلەپكى مەسچىتلەر تۆت چاسا شەكىلدە تۈز ئۆگزىلىك قىلىپ ياسىلىپ ئالدىغا پېشايۋان چىقىرىلغان. مەسچىت كۆلىمىنى چوڭايتىش ئۈچۈن كېيىنچە قاتار تۈۋرۈكلەر ئارقىلىق لىمنى تىرەپ بوشلۇق ھاسىل قىلىش ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئىككى يېنىغىمۇ پېشايۋان چىقىرىلىدىغان بولغان. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان كۆل (كۆلچەك) ياكى قۇدۇقمۇ تەييارلانغان. كېيىنچە ھامام ـ سەرراپلار بۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىش ۋە ناماز ۋاقتىنى

① ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 70 ـ بەت.

ۋاقتى - ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، دەرۋازا ئۈستىگە ياكى مەسچىتنىڭ قىبلە تېمىدىن باشقا تەرىپىگە پەشتاق (ئەزان توۋلايدىغان مۇنار) ياسالغان. ئىسلامىيەتتە «ھۈنەر - سەنئەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ‹قۇرئان› نى، مەسچىتلەرنى زىننەتلەش» بولغاچقا مەسچىتلەر ھە دېگەندىلا ئېسىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. كېيىنچە كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىي ئېتىقادىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ۋە ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىش، مەسچىتلەرگە قويۇق دىنىي تۈس كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەرەبچە ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرى مەسچىتنىڭ مېھراب ئەتراپلىرىغا ۋە باشقا تاملىرىغىمۇ نەقىش قاتارىدا چۈشۈرۈلىدىغان بولدى. بىناكارلار ئەڭ ياخشى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن مەسچىتلەرنى پۇختا ۋە كۆركەم قىلىپ ياسىدى، نەققاشلار ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مۇنەۋۋەر نۇسخىلار بىلەن مەسچىتلەرنى بېزىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى نەتىجىسىدە مەسچىتلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان بولغان. قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر - ئىسلام سەنئىتى راۋاجلىنىپ، مەسچىت ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. يەنى مەسچىتلەر ئاللانىڭ ئۇلۇغلىقى، گۈزەللىكى، مۇقەددەسلىكىنى چىقىش قىلىپ لايىھەلەندى ۋە بېزەلدى. ئىسلام پەيلاسوپلىرى، سەنئەتكارلىرى ۋە ئەدىبلىرى مەسچىتنىڭ «جامال» ى — گۈمبىزىنى — ئاللانىڭ گۈزەللىكىگە؛ «جالال» ى — مۇنارىنى — ئاللانىڭ مۇقەددەسلىكىگە؛ «سۇپىتى» نى — سىرتقى تام يۈزىدىكى نەقىش ۋە ئايەتلەرنى — ئاللانىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتقان[1]. مانا

[1] Г Е ياكوبلېف: «سەنئەت ۋە دىن» مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى، 1991 - يىل، بېيجىڭ، 2 - قېتىملىق نەشرى، خەنزۇچە، 163 - بەت.

بۇ تەرىپىمۇ مەسچىتلەرنىڭ مۇنار، گۇمبەز ۋە ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەرىپلەيدىغان ئەرەب ھۆسنىخەت ئۇسلۇبىدىكى ئايەتلەرنىڭ مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان. روشەنكى بۇلار ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە، ھەم ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان.

قاراخانىيلارنىڭ سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپتىن يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردا باشقا دىنلارغا مەنسۇپ دىنىي قۇرۇلۇشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ كۆلەمدە مەسچىتلەرنى سالدۇرۇپ، دىنىي مەكتەپ (مەدرىس) لەرنى ئاچقان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ ھەقتىكى دىنىي توقۇنۇشلار مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشتۇق.
بۇتخانىلارنى يىقتتۇق،
بۇتلارنىڭ ئۈستىگە چىچتۇق[1].

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنى مەيدانىدا تۇرۇپ، بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش جەريانىنى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ خىسلەتلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. ھەمدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان ۋە كېيىن مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىقى قەسىدىنى مۇنداق تولۇقلايدۇ:

① مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

بۇ كاپىرلار ئۇچۇن قوشۇن ئەسكەر توپلا
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئۆي ماكانلىرىنى كۆيدۈر، بۇتلىرىنى سۇندۇر،
ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت - جامە بىنا قىل①.

قاراخانىيلار تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت توغرىسىدا جامال قارشىنىڭ «سۇرراخ لۇغەتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: «ناسىر شاھزادە ئاتۇشنىڭ ھۆكۈمدارى بولغاندىن كېيىن ئاتۇش ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى يىغىلىدىغان سودا مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ سودىگەرلەر ھەر خىل ماللارنى ئېلىپ كەلمەستىن يەنە ئىسلام دىنىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن. بىراق، بۇ چاغدا ئاتۇشتا تېخى مەسچىت بولمىغاچقا ئۇلار ئوغۇلچاقتىن بۇ جايغا مەسچىت ياساشقا ئىجازەت قىلىشىنى، ھەمدە پەقەت كالىنىڭ تېرىسىچىلىك چوڭلۇقتىكى يەر بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئوغۇلچاق ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇلار دەرھال بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى ئىنچىكە قىلىپ تىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر پارچە يەرنى دائىرىگە ئېلىپ شۇ جايغا مەسچىت ياسىغان»②. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا قاراخانىيلار تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىتنى سۇتۇق بۇغراخان قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن «ئارتۇچ» (ئاتۇش) دېگەن جايغا سالدۇرغان، ئۇ مىلادى 955 - يىلى ۋاپات بولغاندا مۇشۇ مەسچىت يېنىغا دەپنە قىلىنغان دېيىلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، سۇلالىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەسچىت بىنا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. يەكەندىن تېپىلغان

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 5486- بېيت.
② «يىپەك يولىغا ساياھەت»، (خەنزۇچە)، 9 - سان، 16 - بەت.

قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىر پارچە ھۆججەتتە مىلادى 1082 —1101- يىللىرى يەكەننىڭ رابۇل كەنتىدە «ئىساق جارۇپ مەسچىتى» ، 1121—1136- يىللىرى سىمناس كەنتىدە «يەھيا ئىنال ئەل ھاجىپ مەسچىتى» ياسالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بەزى مەنبەلەر- گە قارىغاندا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بۇخارادىكى مەسچىتلەرنىڭ سانى ئىككى يۈزگە، مەدرىسلەر ئونغا، خانىقا يىگىرمىگە يەتكەن. قەشقەردىكى مەسچىتلەر «ھېسابى يوق» دەرىجىدە كۆپەيگەن. بۇخارادىكى 11 ـ، 12- ئەسىرلەرگە ئائىت خارابىلەر ئىچىدە 1127 ـ يىلى ياسالغان 50m ئېگىزلىكتىكى «ئارسلانخان مۇنارى» (51 ـ رە- سىمگە قاراڭ) ۋە نامازگاھ مەسچىتى، مەككاكى ئەشتار مەسچىتى . . . قاتارلىق مەسچىت بىنالىرىنىڭ گەۋدىسى خېلى بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان.



50 ـ رەسىم — ئارسلانخان مۇنارى

## شەھەر دەرۋازىسى

قەدىمكى دەۋرلەرگە نىسبەتەن فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنى مەركىزىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان. ھەر بىر شەھەر- بازارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمى قەلئە - قورغان سۈپىتىدە ئەڭ بۇرۇن بىنا قىلىنغان. تۈركىي قەبىلىلەر ئۇنى «بالىق» دەپ، ئەرەبلەر «مەدىنە» دەپ، پارسلار «شەھەرىستان» (يەنى ئىچكى شەھەر ياكى شەھەرنىڭ ئەسلى) دەپ ئاتىغان. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قەلئە - قورغان ئەتراپلىرىغا تەدرىجىي شەھەر بىنا قىلىنغان. كۆچمەن چارۋىچىلار ياكى ئوغرى - قاراقچىلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىغا قورۇق تام (كېيىنچە سېپىل) سوقۇلغان ۋە دەرۋازا قويۇلغان. دەرۋازا سىرتىغا ئەڭ دەسلەپتە سودا كارۋانلىرى چۈشىدىغان سارايلار ۋە ئۇلارنى كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇئەسسەسەلەر سېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي تەدرىجىي ھالدا رەسمىي بازارغا ئايلانغان. ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «بازار دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنى دېگەنلىك بولىدۇ». ئىستەھرىمۇ: «بازار قەدىمكى چاغلاردا ئىچكى شەھەرنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا بولاتتى»[1] دەپ يازىدۇ. نەرشەھىنىڭ بايان قىلىشىچە بۇخارادا مەخسۇس بازار دەرۋازىسى ۋە رەستىلەر بولۇپ، ئىچكى

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - قىسىم، 575 - بەت.

شەھەرنىڭ سىپىلى تۆۋىدە «ئاشخانىلار ۋە چەرچىن مال دۇكانلىرى»، «يىپەك مال ۋە كىيىم - كېچەك دۇكانلىرى» بولغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس نەمۇنىلىرىدىمۇ خان يارلىقلىرى، ئەمىر - پەرمان، ئېلىم - سېتىم ۋە سازايى - جازا ئىشلىرىنىڭ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇلاردىن قەدىمكى دەۋرلەردە شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭمۇ خۇددى ساراي، رەستىلەرگە ئوخشاشلا جامائەت قۇرۇلۇشى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە شەھەرلەر ئىلگىرىكى زامانلاردىكىگە ئوخشاشلا سىپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكىلەر بىلەن شەھەر سىرتىدىكىلەر (دېھقان، چارۋىچى، كارۋان سودىگەرلەر) نىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرى شەھەر دەرۋازىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. بۇ دەۋردىكى شەھەرلەرنىڭ بىرقانچىدىن دەرۋازىسى بولۇپ، بەزى دەرۋازىلىرى مەخسۇس سودا - سېتىق قىلىدىغان بازاردىن ئىبارەت ئىدى. مەسىلەن، سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى «قەشقەر دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ جايدا بازار رەستىلىرى جايلاشقان ۋە ئاھالىلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان؛ قەشقەر (ئوردىكەنت) نىڭ غەرب تەرىپىدىكى دەرۋازا «توققۇزئاق دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ جايدا بازار ۋە سودىگەرلەر تۇرىدىغان دەڭ - سارايلار بولغان؛ بۇخارانىڭ يەتتە دەرۋازىسى ئىچىدىمۇ مەخسۇس بازار دەرۋازىسى بولغان. مانا بۇ پاكىتلاردىن قاراخانىيلار دەۋرىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ مەلۇم دەرۋازىلىرىمۇ جامائەت قۇرۇلۇشلىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن.

www.uyghurkitap.com



## قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى

قاراخانىيلار دەۋرىدە شەھەرلەر ئىلگىرىكىدەكلا سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، شەھەر سىرتىغا يەنە خەندەكلەر كولانغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە دۈشمەننى كۆزىتىش ئۈچۈن يول بويلىرىغا «قارغۇي»، ياكى «قاراغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان تۇر (مۇنار) غا ئوخشاش ئېگىز قۇرۇلۇشلارنى ياساتقان ۋە دۈشمەننىڭ كېلىشىنى تۇر (مۇنار) لارغا يېقىلغان ئوت (بۇنداق خەۋەر بېرىشتە كۈندۈزى ئىس قويۇلىدۇ، كېچىسى ئوت يېقىلىدۇ) ئارقىلىق بىلدۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن شەھەر ياكى قەلئە - قورغاندىكىلەر بولغۇسى جەڭگە تەييارلىق قىلاتتى. قەلئە- قورغانلارنىڭ سېپىلى ئۈستىگە «ئۆكەك» دەپ ئاتىلىدىغان يىراقنى كۆزىتىش ئەسلىھەلىرى ياسالغاندىن سىرت يەنە كۆنگۈرىلەرمۇ ياسالغان. قورغاننىڭ تۆت بۇرجىكىگە بىردىن ياسالغان مۇنار ياكى ئۆكەكلەر ئارقىلىق مەخسۇس شەھەر ياكى قەلئە - قورغان سىرتىدىكى تۇرلار بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇراتتى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا قاراخانىيلارنىڭ قەلئە- قورغان قۇرۇلۇشى جۈملىدىن، شەھەر مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغان.

## مازار

قاراخانىيلار دەۋرىدە بىنا قىلىنغان مازارلار ئاساسەن «غازات» تا شېھىت بولغان ياكى ئىسلامىيەت يولىنى تۇتۇپ ۋاپات بولغان ھۆكۈمدارلارنىڭ قەبرىگاھى ئورنىغا ياسالغان.



51 - رەسىم — سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى (تۈركچە «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك مەدەنىيىتى ۋە ئىسلامغا كىرىش» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

تەبىئىيكى مازار ئىگىسى بولغۇچى ئەمدىلا ئىسلام دىنىنى ئېتىقادىغا كىرگەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زور تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن كاتتا مازار بىنا قىلىشقان ھەمدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئاسراپ رېمونت قىلىپ ساقلىغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مازار قۇرۇلۇشلىرى ئاساسەن تۆت چاسا شەكىلدە تۈز تورۇسلۇق ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تاملىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۇلىنىڭ سىرتقى يۈزىگە گۈللۈك خىش ئىشلىتىلگەن. ئۆگزىسىگە رەڭلىك كاھىش چاپلانغان، تام يۈزىگە رەڭلىك كاھىش ياكى گۈللۈك خىشلارنى بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ تىزىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان گېئومېترىك نۇسخىدىكى ۋە گۈل - گىياھ نۇسخىسىدىكى نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. مازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يەنە ھۆسنىخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايەتلىرىمۇ نەقىشلەر بىلەن بىر قاتاردا ئىشلىنىپ تامنىڭ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە «گۇمبەزەتۇل خاقانىيە» ناملىق خانلار قەبرىستانلىقى بولغاندىن سىرت يەنە سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئارسلانخان مازىرى، سۇبۇق تېكىن مازىرى، ئالىپ تېكىن مازىرى، مەھمۇت قەشقەرى مازىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرى، قىلىچ بۇغراخان مازىرى، ئىماملىرىم مازىرى، بۇۋى رابىيەم مازىرى . . . (بۇ مازارلارنىڭ تولىسى ئوپالدا) قاتارلىق نۇرغۇن مازارلار بىنا قىلىنغان. ئەمما، مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئۇزاق جەرياندا بۇلارنىڭ بەزىلىرى تاشلىنىپ قالغان بەزىلىرى بىرنەچچە قېتىملاپ قايتا ياسىلىپ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالالمىغان بولغاچقا بىناكارلىق ئۇسلۇبى، سەنئىتى، ماتېرىيالى، نەقىش بېزىكى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىزمىز.

بۇخارادىكى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ مازىرى قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت قۇرۇلۇشلار ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر مازار قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەكشىلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى چاسا شەكىلدە بولۇپ، تۆت بۇرجىكىگە خىشلارنى ئىچكىرى - تاشقىرى تىزىش ئارقىلىق قوپۇرۇلغان يۇملاق تۈۋرۈك چىقىرىلغان. تۆت تەرىپىدىكى ھەر بىر تامنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئەگمىلىك كىرىش ئېغىزى ياسالغان. سەرقەلەم قىسمىغا قاتار مېھرابچە شەكىللەر چۈشۈرۈلۈپ، ئاستى - ئۈستىگە ئۈچ قۇردىن گىرۋەك نەقىشى چىقىرىلغان. ئىشىكى كەڭ ھەم ئېگىز بولۇپ ئۈستى ئەگمىلىك قىلىپ ياسالغان. گۇمبىزىگە رەڭلىك كاھىش چاپلانغان. ئىمارەتنىڭ ئالدى يۈزى، ئىشىك بېشى ۋە يانلىرى خىش تىزما نەقىشى ۋە گۈللۈك خىشلار بىلەن ئىنتايىن كۆركەم بېزەلگەن.




52 ـ رەسىم. بۇخارادىكى سامانىلار قەبرىگاھى

# شەھەر قۇرۇلۇشى

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەرلەر ئالدى بىلەن دۆلەت ياكى مەلۇم بىر رايوننىڭ سىياسىي مەركىزى ۋە دىنىي مەركىزى. شۇنداقتىمۇ شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رولى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاشقان، مەزمۇنىمۇ بېيىغان. شۇڭا، شەھەر مۇئەسسەسەلىرى ئىچىدە ھۆكۈمران سىنىپ — خان جەمەتى، ئەمەلدارلار، يۇقىرى تەبىقىدىكى دىنىي زاتلار، باي سودىگەرلەر ۋە باشقا ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئوردا ـ قەسىرلەر، بىنالار، مەيدان ـ باغچىلار، مەسچىت-مەدرىسلەر ۋە ساراي-بازارلارنىڭ سانى كۆپەيگەن. بۇ ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitab.com





53 ـ رەسىم — رىباتى مالىك سارىيى (تۈركچە «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك مەدەنىيىتى ۋە ئىسلامغا كىرىش» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرى قول سانائەتچىلەرنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى ۋە دېھقانلارنىڭ شەھەرلەرگە كۆپلەپ كۆچۈپ كىرىشى تۈپەيلىدىن، شەھەر ئاھالىسى كۆپەيگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا قول سانائەتچىلەر بىلەن سودىگەرلەرنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ باي ـ نامراتلىق پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇ هال 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىر سانائىينىڭ شېئىرىدا مۇنداق ئەكس ئەتكەن:

بىر مىئمارنىڭ ئىككى ئايدا تاپقىنىنى
بىر نىمكار بىر يىلدىمۇ تاپالماس.

بىر ئىمكارنىڭ بىر ۋاقىلىق يېگىنىنى،
بىر مەدىكار ئۆمۈر بويى تاپالماس①.

بۇنىڭدىن قاراخانىيلار دەۋرىدە بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن يەنە شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر تەرىپىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخ - ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قاراخانىيلار دەۋرىدە راباتلارنىڭ بىر قىسىم تېررىتورىيىسىنىڭمۇ تەدرىجىي شەھەرگە ئايلىنىپ، شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئەلۋەتتە بۇنداق ئەھۋال ھەر شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بويىچە داۋاملاشقان. مەسىلەن، سەمەرقەنت بىلەن تېرمىزدا «شەھىرى بىرونى» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى رايونلار پەيدا بولغان، ئۇلارغا مەمۇرىيەت بىنالىرى سېلىنغان. نەتىجىدە شەھەرنىڭ يېڭى مەركىزى شەكىللەنگەن. بۇخارادا بولسا شەھرىستانلارنىڭ بۇرۇنقى سېپىللىرى ئەسلى رولىنى يوقىتىپ، ئەمەلىيەتتە شەھەردىكى مۇھىم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر شەھرىستان سېپىللىرىنىڭ سىرتىدا بولىدىغان بولغان②. شەھەرلەرنىڭ نىسبىي كېڭىيىش ئەھۋالى قاراخانىيلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بولغان قەشقەر (ئوردۇكەنت) ئەتراپلىرىدىكى شەھەرلەردە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا باشلانغان. مەسىلەن، قوچۇ، بېشبالىق، كۇسەن . . . قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىدا شەھەر

---

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 203 - بەت.

② «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 391 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇرۇلۇشىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشى ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە بۇ شەھەرلەرنىڭ ئىككى ـ ئۈچ قات سېپىل بىلەن قورشالغانلىقى ئىسپاتلاندى. دېمەك، بۇ جايدىمۇ شەھەرستان بىلەن راباتلارنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىش جەريانىدا قوشۇلۇپ كېتىش ئەھۋالى مەۋجۇت. قەدىمدە بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلامىيەتتىن كېيىن خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسمى يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە دىنىي مەركىزىگە ئايلىنىپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا نامى تارقالغان كاتتا شەھەرلەردىن بولۇپ قالغان.

سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى شەھەرلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى ۋە جانلاندۇرۇۋەتتى. تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن ھەمدە بۇخارا، سەمەرقەنت، فەرغانە، ئۆزكەنت، بالاساغۇن، تالاس قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى شەھەرلىرىمۇ ئىلگىرىكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن ۋەيران بولغان ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بۇ شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ يېڭى ساراي ۋە ئۆتەڭلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودا يوللىرىغا ياكى چارۋىچىلىق رايونى بىلەن دېھقانچىلىق رايونى تۇتىشىدىغان جايلارغا ئورۇنلاشقان. بۇ شەھەرلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ئاساسلىقى رابات (تاشقى شەھەر) لارنىڭ

كېڭىيىشىگە تايانغان. بۇ راباتلارغا قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ۋە سودا بازارلىرى جايلاشقان. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا شەھەرلەرنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەركەزگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يازمە مەنبەلەرگە قارىغاندا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى شەھەرلەر «ئوردۇ»، «كەنت»، «بالىق» دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. بۇنداق ناملار بىلەن ئاتالغان شەھەرلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان ھەمدە كۆپىنچە يەر ناملىرى بىلەن ئۇلىنىپ كېلىپ شۇ جاينىڭ سىياسىي ئورنى، كۆلىمى، شەھەر قىياپىتى ۋە جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى كۆرسەتكەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا بەرپا قىلغان «شەھەر مەدەنىيىتى» نىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەتتە.

## ئوردۇ

«ئوردۇ» (ئوردا) ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەن دەۋرلەردىلا «پايتەخت» مەنىسىدە قوللانغان ئاتالغۇ. شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئورخۇن دەرياسى بويىدا بولۇپ، دەسلەپتە «ئوردۇ بالىق» دەپ، كېيىن «قاغانبالىق» (ھەر ئىككىلىسىلا خان تۇرىدىغان شەھەر دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىدە قەشقەر بىلەن بالاساغۇن شەھىرى قاراخانىيلارنىڭ ئىككى مۇھىم مەركىزى (ئوردىسى) بولغان ۋە «ئوردۇكەنت»، «قۇزئوردۇ» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ توغرىدا ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى: «خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوردۇكەنت دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، دېگەنلىك بولىدۇ. بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قۇزئوردۇ» دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ مەلۇمات قالدۇرغان. شۇ دەۋردە ياشىغان يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ: «كەلپ تەگدى ئىلىگ تۇرۇر ئوردۇ (ھۆكۈمدار تۇرغان شەھەر، پايتەخت)، كە يېتىپ كەلدى «ئۆلۈم بۇزدى ئوردۇ تەلىم كەنت ئۇلۇش» (پايتەخت بىرمۇنچە شەھەر ۋە كەنتلەرنى ئۆلۈم ۋەيران قىلدى)[1] مىسرالاردا «ئوردۇ» نى شەھەر دىن پەرقلىق ئورۇنغا قويۇپ «پايتەخت» مەنىسىدە قوللانغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئوردۇ ـ خان تۇرىدىغان شەھەر، بۇنىڭدىن ئېلىنىپ خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى «ئوردۇكەنت»، دېيىلىدۇ»[2] دەپ ئىزاھلانغان. مەھمۇد قەشقەرى يەنە خاقاننىڭ يېنىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلغۇچىنىڭ «ئوردۇ باشى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى:

نىچە قەسىر، ئوردا، نىچە چىڭ تۇرا،
ئۆلۈم بۇزدى، قالدى قارا يەر قارا.

قالۇر قەسىر، ئوردا، ساراي بوش ساڭا،
قىلارسەن تەسەررۇپ، قالدى دەپ ماڭا.

ئۆلۈم بۇزدى ئوردۇ تەلىم كەند ئۇلۇش،
ئۆلۈم بۇزدى قارشى، ساراي، ئەۋ ئۆكۈش[3].

---

① يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 4834- بېيت.
② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 168 - بەت.
③ يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 4634-، 4636-، 4834- بېيتلار.

دېگەن بېيىتلاردىمۇ «ئوردۇ» نى مەخسۇس خان تۇرىدىغان ساراي، پايتەخت مەنىسىدە كۆرسەتكەن ھەمدە شەھەردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئورۇنغا قويغان.

«قۇتادغۇبىلىك» تە «ئوردۇ» بىلەن «ساراي» (قارشى) سۆزىنىڭ يانمۇ يان ئىشلىتىلگەنلىكى «ئوردۇ» سۆزىنىڭ ساراي مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ «ئوردۇ» دىن ئىبارەت بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزى شەكىل جەھەتتىن نۇرغۇن سارايلاردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، يۇقىرىقى بېيىتلەردە «ئوردۇ» ۋە «ساراي» سۆزلىرىنىڭ بىر خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدىن سارايلارنىڭ شەكلى ھەققىدە ئازدۇر - كۆپتۇر مەلۇماتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن يەنە بېزەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز:

ئىگىز، كەڭ، بېزەكلىك سارايىڭ قىلىپ،
ئىگرارسەن قاراڭغۇ يەر ئۆيدە يېتىپ.

ئىچە قەسىر، ئوردا، بېزەكلىك ساراي،
. . . . . . . . . . . . .①

قارشى ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قەسىر»، «ساراي»، «ئوردۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئىتى قارشىدۇر، بۇ قارشى ئەھلى ئۆز ئارا

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1419-، 6070- بېيىتلار.

قارشىدۇر» دېيىش ئارقىلىق «قارشى» سۆزىنىڭ قايسى مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن ھەمدە ساراي ئىچىدە بىرمۇنچە يوشۇرۇن ئويۇنلارنىڭ ئوينىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە بۇ سۆزنىڭ ئورنىنى «ساراي» سۆزى ئىگىلەشكە باشلىغان.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئوردۇ» كەڭ دائىرىدە خان تۇرىدىغان شەھەر، يەنى «پايتەخت شەھەر» دېگەن مەنىدە، تار دائىرىدە خان تەختتە ئولتۇرۇپ، ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان، ئەمىر - پەرمان چۈشىرىدىغان، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچى مەركەزلەشكەن جايغا جۈملىدىن بىر كاتتا ھەشەمەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشقا قارىتىلغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن پارس تىلىدا «ئوردۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «پايتەخت» دېگەن نامنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن ئاستا - ئاستا ئىستېمالدىن قالغان.

## كەنت

كەنت — ئوتتۇرا ئاسىيا يەر ناملىرىدا كۆپ ئۇچرايغان قەدىمىي ئاتالغۇ. ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە «شەھەر، يۇرت، ۋىلايەت، يېزا» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «شەھەر، يۇرت ۋىلايەت» مەنىسىدە؛ ئوغۇز تىلىدا «يېزا» مەنىسىدە قوللىنىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «كەند ـ شەھەر، قەشقەر ئوردۇكەنت دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ

جايىنىڭ ھاۋاسى ساپ بولغانلىقتىن ئافراسىياپ بۇ جايدا تۇرغان»①. «كەند - ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن يەردىكى خەلقلەر تىلىدا ‹يېزا - قىشلاق› دېگەن بولىدۇ. زور كۆپچىلىك تۈرك خەلقلىرى تىلىدا ‹شەھەر› دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ فەرغانە شەھىرىگە ‹ئۆز كەند› نامى بېرىلگەن، بۇ ‹ئۆز شەھىرىمىز› دېگەن بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ‹سەمىز كەند› مۇ چوڭ شەھەر بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان»②. مەھمۇت قەشقەرى كۆك رەڭگە بەرگەن ئىزاھاتىدا «*kənd kθki*- يۇرتنىڭ كۆكى، قارىسى، يەنى شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى باغلار، بوستانلار. بۇنىڭ بىلەن يېشىللىق كۆزدە تۇتىلىدۇ»③ دەيدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە مىلادى 982 -، 983 - يىللىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا «پەنجىكەنت» (بەش شەھەر دېگەن مەنىدە) دېگەن بىر شەھەرنىڭ بىنا قىلىنغانلىقى، بۇ يەرنىڭ توققۇز ئوغۇز خانلىقىنىڭ يازلىق سەيلىگاھى ئىكەنلىكى؛ ئۇنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرگە قارىغاندا خېلىلا سالقىن ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەدىب ئەبۇلھەسەن ئابدۇراھمان مۇھەممەد نىشبۇرىنىڭ «ئىلىم خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە شۇ زامانلاردا نۇرغۇن تۈركلەر بۇخاراغا كېلىپ نۇرغۇن كەنت بىنا قىلغان. ئۇلارنىڭ بىرى «چىمكەنت» دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەنىسى «گۈزەل شەھەر» دېگەنلىك بولىدىكەن④.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كەنت - كۆلەم جەھەتتىن كىچىكرەك، ئاساسەن سېپىل بىلەن

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 448 - بەت.
② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 449 - بەت.
③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 182 - بەت.
④ ئا. مەخسۇت: «‹كەنت› دېگەن نام توغرىسىدا»، شىنجاڭ گېزىتى، 1995 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قورشالمىغان، تەبىئىي ئورمان بىلەن قاپلانغان مەنزىرىسى گۈزەل، هاۋالىق شەھەرلەر (يۇرت - مەھەللەر)گە قارىتىلغان. نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، سىياسەتنىڭ داۋالغۇپ خانلىق كۈچلىرىنىڭ زورىيىشى، ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇقىملىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كېيىنچە بۇ يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ بەزىلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان شەھەر ھەتتا پايتەختكە ئايلانغان.

## بالىق

بالىق — ئىسلامىيەتتىن، جۈملىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى، ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلغان شەھەر، قەلئە، ۋە بازار دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ھەرقايسى جەھەتلەردىن بۇددىزىم مەدەنىيىتىدىن يېڭىلا ئايرىلىپ چىققاچقا، يەر ناملىرى جەھەتتىن ئىزچىللىقنى ساقلاپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا، بۇددىزىم دەۋرىدىكى «بالىق» دېگەن نام قاراخانىيلا دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بۇددىزىم دەۋرىگە ئائىت شەھەرلەرنىڭ نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن داۋاملىق قوللىنىلغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن جۈملىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىن بۇ نام ئاستا - ئاستا ئىستېمالدىن قالغان. مەھمۇت قەشقەرىمۇ بۇ ھەقتە: «بالىق سۆزى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە دېگەن مەنىدىكى سۆز. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى بەشبالىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بەش شەھەر دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە بىر شەھىرى يېڭىبالىق دەپ

ئاتىلىدۇ، بۇ يېڭى شەھەر دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ يازغان[1]. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيە-لىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى چوڭ شەھەرلەردىن بەزىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

قەشقەر . بۇ شەھەر قاراخانىيلار دەۋرىدە يەنى مىلادى 942 - يىلى سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن پايتەخت قىلىنغان ھەمدە «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتالغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە بۇ — «خان تۇرىدىغان شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ساپ بولغانلىقتىن ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» دەپ يازغىنىغا قارىغاندا قەشقەر ئەينى زاماندىلا يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن، مۇھىتى گۈزەل شەھەر ئىدى. بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا قەشقەر شەھىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەھەردىكى مەسچىت، مەدرىس، ئوردا، خانىقا ۋە سارايلار پىششىق خىش بىلەن ياسالغان، ئىمارەتلەرنىڭ ئالدى ۋە يانلىرىغا، گۈمبەز، مۇنارلىرىنىڭ سىرتىغا رەڭلىك كاھىشلار چاپلانغانىدى. كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار - قاتار سېلىنغان دۇكانلار، ئاشخانىلار، سەرراپ-ھامماملار، رەستە-سارايلار بىلەن تولغان بولۇپ، شەھەردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھايات ئىنتايىن جانلانغانىدى.

قەشقەر ئەينى دەۋردە پەن مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاجلانغان، خانلىقنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىدىن بىرى ئىدى. شەھەر قۇرۇلۇشى، قەلئە، مەسچىت، مەدرىس، قۇرۇلۇشلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ئالىملار، شائىرلار، ئۆلىمالار ۋە مەشھۇر تېۋىپلار توپلانغان

[1] مەھمۇت قەشقەرى: ت«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 491 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەشھۇر ئىلىم مەركىزىگە ئايلانغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەرنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىدىكى گۈمبەز - پەشتاقلار، چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالدى يۈزىدىكى مېھرابچە شەكىللەر، مەسچىتلەرنىڭ قۇببىسىدىكى ھىلال ئاي بەلگىلىرى، مول مەزمۇنلۇق ئۆسۈملۈك نۇسخىسىدىكى نەقىشلەر ۋە ھۆسنىخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرى ... مانا مۇشۇ دەۋردىكى قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىكلەشكەن نامايەندىلىرى ئىدى.

بالاساغۇن. بۇ شەھەر ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بىنا بولغان شەھەر بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى، مىلادى 992 - يىلى تەختكە چىققان ھارۇن بۇغراخان تەرىپىدىن پايتەخت قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بىر مەزگىلگىچە بالاساغۇن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي پايتەختى، قەشقەر بولسا ئۇنىڭ ئارسلانخانلار تۇرىدىغان ئىككىنچى پايتەختى بولۇپ قالغان. مىلادى 998 - يىلى ھارۇن بۇغراخان ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى يۇسۇف قادىرخانغا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان بۇرۇنقى زېمىنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئەخمەت ىبنى ئەلى تۇغانخان يۇسۇف قادىرخاننى چەتكە قېقىپ ئاقىۋەت قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مىلادى 1024-يىلى يۇسۇف قادىرخان زور قوشۇن باشلاپ بالاساغۇن شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۆزىنى «بۇغراخان» دەپ ئېلان قىلىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنى بالاساغۇندىن قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن. مىلادى 1032 - يىلى 12- ئايدا يۇسۇف

قادىرخان قەشقەردە كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا چوڭ ئوغلى سۇلايمان بىننى يۇسۇف تەختكە چىققان. ئۇ ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتاپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پايتەختنى قەشقەردىن يەنە بالاساغۇنغا كۆچۈرگەن. قەشقەردە ئىنىسى تۇغرۇل تېكىننى تۇرغۇزۇپ، قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن[1]. مانا مۇشۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك تەخت ئالمىشىش ۋە پايتەختنى كۆچۈرۈش جەريانىدا بالاساغۇن بىلەن قەشقەر سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىدى.

بالاساغۇن ئۆز زامانىسىدا ئەڭ گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. شەھەر يەر ئاستى سۇ يوللىرى، كاتتا ئىمارەتلىرى، ئاۋات رەستىلىرى، قايناق كارۋان سارايلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قەشقەر بىلەن باراۋەر ئىدى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئون نەچچە شەھەر - بازار بولغان. شەھەر تازا گۈللەنگەن دەۋردە شەھەر ئىچىدە قىرىق جامە، ئىككى مەسچىت، يىگىرمە خانىقا، ئون مەدرىس بولغان. شەھەر ئىككى يېرىم گەز كەڭلىكتىكى سېپىل بىلەن قورشالغان[2]. جۇۋەينى يازغان «تارىخىي جاھان كۇشاي» ناملىق ئەسەردە، 1210 - يىلى بالاساغۇن ئاھالىسىنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، قاراقىتان قوشۇنىنى شەھەرگە كىرگۈزمىگەنلىكى، قاراقىتان قوشۇنى 16 كۈن ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىدا شەھەر دەرۋازىسىنى پىلغا

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى، 661 ـ 680- بەتلەر.
② مۇھەممەت ئىبنى ۋەلى: «بەھرۇل ئەسرار»، 1443 - ، 1459 - بەتلەر.

بۇزدۇرغانلىقى، ئاندىن پۇقرالارنى قىرغىن قىلىپ قىرىق يەتتە مىڭ ئۆلىما - مۆتىۋەرنى قەتل قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن بالاساغۇننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇسىنىڭ كۆپلىكىنى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇترار. 12 - ئەسىردە ئۇترار شەھىرىنىڭ كۆلىمى ئىككى يۈز گېكتارغا يېتىپ ئىلگىرىكىدىن خېلى كېڭەيگەن. ئۇترار شەھىرىنىڭ مەركىزى ئىچكى قەلئە ۋە شەھىرىستاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ كونا شەھەر رايونىدىن ئىبارەت. يېڭىدىن تەرەققىي قىلغان قىسمى تاشقى شەھەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، سېپىل ۋە خەندەك بىلەن قورشالغان. كونا شەھەردە ئۆيلەر بىرقەدەر زىچ؛ يېڭى شەھەردە تارقاق بولۇپ، كۆل، باغ ۋە تېرىلغۇ يەرلەرمۇ بولغان. شەھەر ئىچىدە يەنە ئۆستەڭلەر بولۇپ شەھەر خەلقىنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاممىۋى مۇنچىمۇ بولغان.

ئۆزكەنت. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇھىم شەھىرى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق بۇ شەھەرنىڭ بىر مەزگىل غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇ ئۈچ مۇستەقىل شەھەرىستاندىن تەركىب تاپقان.

بەشبالىق. بەشبالىق ئەڭ قەدىمدە يەرلىك شاھزادىنىڭ پايتەختى بولۇپ، «قاغان ستۇپا» دەپ ئاتالغان.① «جىن مەن» ۋە «بېيتىڭ» دېگەن ناملار پەقەت مىلادى 7 - ئەسىردىلا ئاندىن مەيدانغا چىققان. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە تافغان تاغلىرىنىڭ (تەڭرىتاغلىرىنىڭ) شىمالىدا قەدىمدە بىنا قىلىنغان «پەنجىكەنت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بولغانلىقى، بۇ

① ۋ. ۋ. بارتولد: «بېشبالىق»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان.

شەھەرنىڭ توققۇز ئوغۇز خانلىرىنىڭ يازلىق سەيلىگاھى ئىكەنلىكى، يازدا بۇ يەردە تافغان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرگە قارىغانداخېلىلا سالقىن بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. «پەنجىكەنت» پارسچە سۆز بولۇپ، «پەنجە — بەش، كەنت — شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قارىغاندا بۇ سۆز «بەشبالىق» نىڭ پارسچە تەرجىمىسى بولسا كېرەك. چۈنكى، «بەشبالىق» مۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بەش شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى بەشبالىقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئىكەنلىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۇلمى، قوچۇ، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق دەپ ئاتىلىدىغان تارماق قەلئە ـ شەھەرلىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئەينى دەۋردە بەشبالىقنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، سۇيى ئەلۋەك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى روناق تاپقان بىر ئاۋات شەھەر ئىدى. شۇڭا، تارىختىن بۇيان بۇ شەھەر ھەرقايسى ھۆكۈمران گۇرۇھلار ۋە خانلىقلارنىڭ تالىشىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولۇپ قالغان.

قوچۇ. مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دەيدۇ: «قوچۇ — ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە بۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ»[1]. بۇ شەھەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى بولغان. (يازلىق پايتەختى بەشبالىق ئىدى). تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قەدىمكى دەۋردە قوچۇ ئېلىدە سەككىز شەھەر

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 302 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغان. «لياڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، «قوچۇ ئېلىدە قىرىق كەنت ۋە شەھەر تەسىس قىلىنغان». «جۇنامە»، «سۇينامە» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا «قوچۇ ئېلىدە شەھەردىن ئون ئالتىسى بار» لىقى قەيت قىلىنغان. «كونا - يېڭى تاڭنامە» دە «قوچۇ دۆلىتىنىڭ يىگىرمە بىر شەھىرى بار» دېيىلگەن. «ئومۇمىي قائىدە يوسۇنلار» دا بولسا «ئوتتۇز ئىككى شەھەر بار» دەپ يېزىلغان. دېمەك، قوچۇ ئېلىنىڭ دائىرىسىدە شەھەرلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن، شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلغان.

قوچۇ شەھىرى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈچ قات سېپىللىق بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. شەھەرنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمىدا خان ئوردىسى جايلاشقان، ئوتتۇرا ۋە تاشقىرىقى شەھەردە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، تۇرالغۇلار، سودا دۇكانلىرى، بازار - رەستىلەر، دەڭ - سارايلار جايلاشقان. پۈتكۈل شەھەر ئېگىز ھەم قېلىن سېپىل بىلەن قورشالغان.

ئۇدۇن. مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇدۇن — خوتەن شەھىرىنىڭ نامى. . .»، مەھمۇت قەشقەرى يەنە خوتەندە شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى ھەتتا چەت ئەللىكلەرنىڭمۇ خوتەنگە كۆپ كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان[1].

سەمەرقەنت. سەمەرقەنت قەدىمدىنلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەر بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ تۆت يۈز مىڭغا يەتكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا سەمەرقەنت «گۈزەل شەھەر»، «مېۋە - چېۋىلىرى

---

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 39-، 104 - بەتلەر.

مول» ، «ئىنتايىن رەتلىك شەھەر» دەپ تەرىپلىنىدۇ. مۇشۇ دەۋردە شەھەردە كەڭ كۆلەملىك بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ شەھەر كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلگەن. ئۇنىڭ تاشقى شەھىرى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرى، سودىگەرلەرنىڭ ساراي - رەستىلىرى مەركەزلەشكەن جاي بولۇپ، شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى، باي سودىگەرلەرنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىمۇ مۇشۇ جايغا سېلىنغان.

سەمەرقەنتنىڭ ئىچكى شەھىرىنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، شەرقىي دەرۋازا «جۇڭگو دەرۋازىسى»، غەربىي دەرۋازا «نەۋباھار دەرۋازىسى»، شىمالىي دەرۋازا «بۇخارا دەرۋازىسى»، جەنۇبىي دەرۋازا «قەشقەر دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان. قەشقەر دەرۋازىسى بازار بولىدىغان رەستە، شۇنداقلا ئاھالە مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. ئىچكى شەھەردە يەنە مەسچىت ۋە مەدرىسلەر ياسالغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ ئىچكى شەھەرنى تەمىنلەيدىغان بازار بولۇپ، ئاۋات ۋە باياشاتچىلىق بولغاچقا مەسچىتنىڭ ۋەخپىسىدىن قىلىنغان كىرىمىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. بۇنداق ئىقتىسادىي ئاساستا مەسچىتلەر تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك ياسىلىپ كۆركەم بېزەلگەن.

بارچۇق. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «بارچۇق — ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر» ، «چارۇق — تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى، ئۇلار بارچۇق شەھىرىنىڭ يېنىدا ياشايدۇ» دېگەن مەلۇماتلار بار. «بارچۇق» ھازىرقى مارالبېشىنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا «توققۇز ساراي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار. بۇ شەھەر خەن دەۋرىدە سۇلى دۆلىتىنىڭ بىر چوڭ بازىرى بولغان. شۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىن ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە شەھەرىستان (ئىچكى شەھەر) ۋە رابات (تاشقى شەھەر) تىن تەركىب تاپقان بىر چوڭ شەھەرگە ئايلانغان. شەھەر ئەتراپىدا سېپىل، سېپىل سىرتىدا «قارغۇي» دەپ ئاتىلىدىغان سىگنال بېرىش تۇرلىرى بولغان. شەھەر ئەتراپىدا يەنە يېزا ـ كەنتلەر بولغان. توققۇزساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بىر ھۆججەتتە: بارچۇق شەھىرىدىكى «بارلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللىدە ئىلگىرىدىنلا ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى، بۇلارنىڭ بىرى «ھىدايەت تاپقۇچىلار» يەنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولۇپ، «ئىسلام جامائىتى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى؛ يەنە بىرى «ھىدايەتتىن خالىي بولغۇچىلار» بولۇپ، بۇلار «ساغۇرلۇقلار» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى بۇ ئىككى قوۋمدىكى كىشىلەرنىڭ «بىر ـ بىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، تىلى ئۆزئارا تونۇشلۇق»، «ئەزەلدىن ئىناق ئۆتكەن، ئۆيلىرى يېقىن» ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ھۆججەتتە يەنە ئۇستەڭ، ئۇزۇملۇك، سوداـ سېتىق، مەكتەپ، مۇئەللىم، كەسپىي خەتتات، مەسچىت، مەھەللە، شەھەر قاتارلىقلارمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ بارچۇق شەھىرىدە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاشقانلىقىنى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملار بويىچە يۇكسەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[①].

ئارخېئولوگلار توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، ساپال، كاھىش ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرى، ياغاچ بۇيۇملار، لاي ۋە گەجدىن ياسالغان ھەيكەللەر، ھەرقايسى دەۋرلەرگە ئائىت يارماقلار، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ

---

① سابىت ئەخمەت: «بارچۇقتىن تېپىلغان بىر پارچە قولىيازما ھۆججەت توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1996 ـ يىل 4ـ سان.

تۇرۇقلىرى، ياغاچ تارشا ۋە قەغەزلەرگە پۈتۈلگەن قەدىمكى يېزىقلارغا ئاساسەن بۇ شەھەر ئەينى دەۋردە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا- سېتىق، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق، باغۋەنچىلىك ۋە مەدەنىيەت- سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بىر چوڭ شەھەردىن ئىبارەت بولغان دەپ يەكۈن چىقارغان. قاراخانىيلار خانى مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ نامىدا قويۇلغان يارماقنىڭ بۇ جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان تۇمشۇقتىن تېپىلغانلىقى ھەمدە ئەرەپ يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتنىڭ تېپىلغانلىقىدىن قارىغاندا بۇ شەھەر قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تېخىمۇ گۈللەنگەن.

ئىلىبالىق. مەھمۇت قەشقەرى: «ئىلا ‹ئىلى› بىر دەريانىڭ نامى، ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە چىگىللار ياشايدۇ»[1] دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلى دەرياسى بويىدا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئولتۇراق رايونلىرى بولغان. ئۇنىڭ كۆلىمى، ماكانلىشىش دەرىجىسى، سىياسىي ئورنى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى قانچىلىك بولغىيتتى؟

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، «خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى ‹ئىلا بەگلىكى› دەپ ئاتالغان»[2]. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قاراخانىلار دەۋرىدە «ئىلىبالىق» تەخمىنەن مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر شەھەر بولۇپ قالغان. شۇڭا، جىن سۇلالىسى (1115 ـ 1234) ئەلچىسى «ئىلىبالىق» نى توغرىدىن توغرا «شەھەر» دەپ ئاتىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «. . . يەنە ئون چاقىرىم ماڭغاندىن

[1] مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 124 ـ بەت.
[2] تۇرسۇن ئەرشىدىن: «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى بايانلاردىن قەدىمكى ئىلى بەگلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلىق 4 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى شەھىرىگە بارىدۇ...» . «چوڭ قامۇس خەرىتىسى» دىن قارىغاندا شەھەرنىڭ ئورنى ئالمالىق شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان①.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىبالىقنىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «ئىلى ئاتلىغى»، «ئىلى ئەركىنى»، «ئىلى بېگى»، «ئىلى كاتىبى» نىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى ۋە شان - شۆھرىتىنى مەدھىيىلەيدۇ. قارىغاندا، ئىلىبالىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي قىياپىتى قاراخانىيلار دەۋرىدە روشەن تەرەققىي قىلغان.

قۇياس. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «قۇياس — توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ ئېتى. ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى ‹ساپلىغ قۇياس›، ئىككىنچىسى ‹ئۆرۈك قۇياس›، ئۈچىنچىسى ‹قارا قۇياس›». «قۇياسلىغ ئەر، قۇياس شەھىرىدىن بولغان ئادەم». قۇياس ئۈچ قورغاندىن تەركىب تاپقان شەھەر بولۇپ، ئەڭ چوڭى قارا قۇياس دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر بىرقەدەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر رايونى بولۇپ مەركىزىي شەھەر بولغان بولسا كېرەك. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «قۇياس شەھەرچىسىدە كۆچمەنلەر ‹چىگىللار› ياشايدۇ» دەپ يازغىنىغا قارىغاندا «ساپلىغ قۇياس» بىلەن «ئۆرۈك قۇياس» كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ تېخى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ بولمىغان تۈرك قەبىلىلىرىدىن توخسى ۋە چىگىللارنىڭ قىشلىق ماكانى ھەمدە قۇياس شەھىرىنىڭ تارماق راباتلىرىدىن بولغان بولسا كېرەك.

كۈسەن. كۈسەن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى غەربىي يۇرت بويىچە بۇددا دىنى مەركىزى بولۇپ،

---

① قاسىم ئارىش: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە بالاساغۇن»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 19998 - يىللىق 1 - سان.

شەھەر قۇرۇلۇشى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. بەزى ئالىملار بۇ شەھەر قەدىمدە «Kucatri» دېيىلگەن، بۇ نامدىكى «ri» توخرى تىلىدا «شەھەر» دېگەنلىك بولىدۇ، «كۇچا» دېگەن ئىسىمغا «رى» قوشۇلسا «كۇچا شەھىرى» دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇيغۇرچىدا بۇ «ri» نىڭ ئاخىرىسىدىكى «i» چۈشۈپ قېلىپ، يالغۇز قالغان «r» ھەرپى «شەھەر» دېگەن مەنىسىنى ۋەقتىپ، كۇچا ئىسمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان[①] دەپ قارايدۇ. بۇ شەھەر ھازىرمۇ بەزىدە «كۇچار» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى كۇسەنىڭ بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «كۇسەن — ‹كۇچا› دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان»[②]. ئۇ «بۇگۇر» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا: «بۇگۇر — كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا»[③] دەپ يازغان. دېمەك، كۇچانىڭ قەدىمكى نامى كۇسەن بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىن ئىلگىرىلا بىر شەھەر سۈپىتىدە تونۇلغان ۋە تەخمىنەن مۇشۇ دەۋرىدىن باشلاپ «كۇچا» دەپ ئاتالغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر قەدىمكى كۇسەن شەھىرىنىڭ ئۈچ قات سېپىل بىلەن قورشالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ شەھەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەشھۇر بۇددا مەركىزى بولۇپ، بۇددا دىنىي قۇرۇلۇشلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاستا - ئاستا تاشلىنىپ قېلىشىدا بۇمۇ بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

---

① ئىبراھىم مۇتىئى: «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، شىنجاڭ تەزكىرىسى، 1996 - يىللىق 1 - سان.
② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 526 - بەت.
③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 468 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## خۇلاسە

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بىرىنچىدىن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن بىناكارلىق ئۇسلۇبىمۇ ئىسلاملاشتى؛ يەنە بىرى بىناكارلىق تېخنىكىسى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان بىنالارنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەزلەر كاھىش بىلەن بېزەلدى. شەھەر بازارلاردىكى گۈمبەز تورۇسلۇق مەسچىت - مەدرىسلەرنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا پەشتاق مۇنارلىرى ياسالدى. شەھەر سىرتىدا يەنە گۈمبەز تورۇسلۇق مازار قۇرۇلۇشلىرىمۇ قەد كۆتۈردى.

2. بىنالارنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىپلا قالماي يەنە نەقىش بېزىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. گۈللۈك خىش، رەڭلىك كاھىش، ياغاچ ئويما نەقىشلەر ۋە ئالدىن تەييارلانغان گىرۋەك نەقىشلىرى بىنالارنىڭ ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ تاللاپ ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، مىللىي ئۇسلۇب مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولۇپ تۇراقلاشتى. ئەنئەنىۋى شەكىللەر بىلەن ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىنالار تېخىمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا مەيدانغا كەلدى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى.

3. بىناكارلىق نەقىشلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىندى، نۇسخىسى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈلدى. ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ئاساسەن ئىمارەتلەرنى بېزەشتە ئىلگىرىكى تام تورۇسلارغا جانلىقلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ئورنىغا گۈل - گىياھ، مېۋە- چېۋە نۇسخىلىرى رەڭلىك سىزىلدى. دىنىي قۇرۇلۇشلاردا ئەرەب ھۆسنىخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرىنى نەقىش ئورنىدا ئىمارەتنىڭ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىسىملىرىغا ئىشلەش يېڭى مودىغا ئايلاندى.

4. ئىمارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا چوقۇم بىر تەرەپتىكى تامنى قىبلىگە قارىتىش، مەسچىتلەردە قىبلە تامغا مېھراب چىقىرىش بىر خىل قانۇنغا ئايلاندى. ھويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا: ئەتراپتىكى ئۆيلەر ھويلىغا قاراپ تۇرىدۇ، پەقەت بىرلا دەرۋازىسى بولۇپ پۇختا ۋە ھەيۋەتلىك ياسىلىدۇ.

5. شەھەرلەردە پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرالغۇلىرىدىمۇ «ئەۋرەز» دەپ ئاتىلىدىغان يۇندا ئاققۇزۇش ئەسلىھەلىرى ۋە ئۆي ئىچىنى ئىسسىتىش مۇئەسسەسەلىرى ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئۆي ئىچىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەشتە تۈڭلۈكتىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىلدى. ئۆي ئىچىنى يورۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشتە تۈڭلۈكتىن باشقا يەنە ئىلگىرىكى پەنجىرىلەرنىڭ ئورنىدا ئەينەكلىك دېرىزىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

6. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ خىش، كاھىش، گۈللۈك خىش ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى كۆلەملىشىپ، بىناكارلىقتا شەكىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىقىرىش ۋە ئۇسلۇب يارىتىش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ئەينەك، سىر، يىلىم قاتارلىقلار بىنالارنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇردى.

يەتتە شەھەر كۆلىمىنىڭ ئېشىشى روشەن بولدى. يېڭى شەھەرلەر كۆپەيدى. شەھەر قۇرۇلۇشىدا سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە باشقا ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار ئاساسىي ئامىلغا ئايلاندى. بىناكارلىقنى ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىياتى شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپ شەھەرلەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

# ئۈچىنچى باب
# قاراقىتانلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى

قىتان قەبىلىلىرى ئەسلىدە شەرقىي — شىمالىي جۇڭگودىكى لياۋخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مانجۇ ـ توڭغۇس تىلىدىكى بىر قەبىلە ئىدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا قىتانلار خۇنلارنىڭ ئەۋلادى دەپ كۆرسىتىلگەن. بەزىلەر ئۇلارنى توڭغۇس تىپىدىكى قەبىلە دەپ قارىسا، بەزىلەر موڭغۇل تىپىدىكى قەبىلە دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا تۈرك تىپىدىكى قەبىلە دەپ قارايدۇ[①]. ئۇلار مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن تەدرىجىي يېرىم چارۋىچىلىق ۋە يېرىم دېھقانچىلىق تۇرمۇشقا قەدەم قويغان. مىلادى 907 ـ يىلى قىتان خانلىقى قۇرۇلغاندا ئۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىمۇ تەرەققىي قىلىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا خەنزۇلارنىڭ تەسىرىمۇ چوڭ رول ئوينىغان.

بىراق، قىتانلار ئۆز قوۋمىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلمىغان. شۇڭا، ئۇلار يەتتە سۇ رايونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى بىۋاستە

① گەنىۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 721 ـ بەت.

باشقۇرۇدىغان جايلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق هوقۇقى ۋە شەهەر ئەهۋالىدا هېچقانداق ئۆزگەرتىش قىلمىغان. «تارىخي ئومۇمىيە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «گورخان (قىتان پادىشاھىنىڭ نامى) پۇقرالارنىڭ هېچنېمىسىنى ئۆزگەرتمىدى، شەهەر ئاھالىلىرىدىن دىنار يىغىۋالدى، يېزىلاردىنمۇ يىغدى. تېرىلغۇ يەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يەنىلا ئاھالىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى»[①]. دېمەك، يەرلىك ئاھالە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ماكانلىرىدا ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە ياشىغان، جۈملىدىن قىتانلار يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بىناكارلىق، شەهەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا هېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن. بەلكى ئۇلار شەهەر سىرتىغا چېدىر ـ بارگاھ تىكىپ يايلاق تۇرمۇشىنى ساقلاپ قالغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە بالاساغۇندىن كەلگەن ئۈچ نەپەر سودىگەر جىن سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە قىتانلارنىڭ ئەهۋالىنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دېگەن: «دۆلىتىمىز ئۇيغۇرلىرى بىرقانچە ئۇلۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۇرۇشلۇق شەهرىمىز قۇز ئوردۇ دەپ ئاتىلىدۇ، دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قىتانلار باستۇرۇپ كەلگەندە تاقابىل تۇرالماي ئەل بولدۇق. قىتانلار بارگاھلاردا تۇرىدۇ. ئاتلىق يۈرگەندە بارگاھىنىڭ ئەتراپىنى ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئاران ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ»[②]. مانا بۇنىڭدىن قىتانلارنىڭ شەهەر سىرتىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىلا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى دېهقانچىلىق ۋە شەهەر تۇرمۇشىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «تارىخي ئومۇمىيە» دە يەنە مۇنداق يېزىلغان:

«قىتانلار . . . هەر بىر شەهەرگە هاكىم قويغان، بۇ

---

① ئىبنى ئاشىر: «تارىخي ئومۇمىيە» تورسبورگ نۇسخىسى، 11-توم، 56 ـ بەت.
② «جىن سۇلالىسى تارىخى» 121-جىلد، «جەنگىبخەننۇ تەرجىمىھالى».

ھاكىملار قىتانلارغا پۇل يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە چېدىرلاردا تۇرغان، خۇددى تەختكە چىقىشتىن بۇرۇنقى ئادىتىگە ئوخشاش». لىجىچاڭنىڭ «ئەۋلىيا چىۋچۇجىنىڭ غەربكە سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دە ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «يەرلىك كىشىلەر مېۋە ( 果 ) نى ئالما دەيدىكەن، . . . ئېتىزلارنى ئېرىق - ئۈستەڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىدىكەن، ئېرىقلاردىن قاپاقتا سۇ ئېلىپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىدىكەن. باغ ۋارانلار نەچچە يۈز يول ئۇزاققا سوزۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن».

قىتانلار غەربكە كۆچكەندە بىر قىسىم خەنزۇلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن[1] شۇنىڭ بىلەن قىتانلار دەۋرىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە سىلجىشىدا يەنە بىر قېتىملىق دولقۇن كۆتۈرۈلگەن، خەنزۇلارنىڭ بىرمۇنچە ھۈنەر-سەنئەت نەتىجىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ كېلىنىپ يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «خەنزۇ مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. مەيلى خەنزۇ ئۇستىلار بولسۇن، مەيلى يەرلىك ئۇستىلار بولسۇن ھەممىسى ئالدى بىلەن خەنزۇلارنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتكەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى قىتانلار دەۋرىگە ئائىت قەلئە - شەھەرلەردىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى

① جياسۇڭجياڭ: «غەربىي لياۋ قىتانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 4 - سانى.
② «قىرغىزلار رايونى تارىخى»، 1 - توم، فرونزى، 1963 - يىل، 141 -، 142 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بولىدۇ»②. دېمەك، قىتانلار دەۋرىدە خەنزۇلارنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى غەربىي يۇرتنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن. روشەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. لېكىن، «تەسىر كۆرسىتىش» زادى قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن؟ هازىرچە بۇنى دەلىللەيدىغان تېپىك ماتېرىيال يوق. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە بۇ تەرىپى يورۇتۇپ بېرىلگۈسى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قىتانلار بولسا چېدىرلاردا ياشىغان ۋە بۇ خىل تۇرمۇش ئادىتىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. شۇنداق ئىكەن ئۇلارنىڭ بىناكارلىق جەھەتتە ئاللىقاچان مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ بولغان ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار چېدىر ئۆيلەردىن قۇتۇلۇپ توپا تاملىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇش دولقۇنىدا تۇرۇۋاتاتتى. بەلكى بۇ جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنىدى. قىتانلار ئۇلارنى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتتۇشكە زورلىمىغان، مۇقىم ئولتۇراقلىشىشتىن كەلگەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەت كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە ئالدىنقى خىلدىكى تۇرمۇش — مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شەكلىنى تاللىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بىز ئالدىنقى بابتا ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى قاراخانىيلار دەۋرىدە تاكامۇللىشىپ بولغان دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغانىدۇق. تەخمىنەن 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قىتانلار دەۋرىدە گەرچە قىتانلار بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ چىقارمىغان، شەھەرلەرنى كېڭەيتىپ قۇرمىغان بولسىمۇ لېكىن بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى، شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، سودا

ئشلىرىنىڭ گۈللىنىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە تەبىئىي
ھالدا ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتى ھەرقايسى تەرەپلەردىن
تېخىمۇ مۇكەممەلەشكەن. شەھەرلەر تېخىمۇ كېڭەيگەن. بۇ
ئجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئاشقانلىقى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك،
ئەلۋەتتە.

قىتانلارنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى ئاساسەن خەنزۇلارنىڭ
بىناكارلىق تېخنىكىسى بويىچە راۋاجلانغان، بولۇپمۇ قىتان
خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن قىتان ھۆكۈمرانلىرى ئۆز
سەلتەنەتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن شەھەر -
قەلئەلەرنى بىنا قىلىش دولقۇنىنى قوزغاپ، شەھەر تۇرمۇشىغا
ئۆتۈشكە باشلىغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا
قىتانلارنىڭ خانبالىق، ئوتتۇرا بالىق، توغۇبالىق، ئۆگرىبالىق،
قۇرى بالىق قاتارلىق مۇھىم سىياسىي مەركەزلىرى ۋە باشقا
شەھەر - قەلئەلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئوردا، ساراي، بۇتخانا ۋە
باشقا قۇرۇلۇشلىرى ئاساسەن تۇتقۇن قىلىنغان خەنزۇ قۇللار
تەرىپىدىن خەنزۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تۆتىنچى باب
# موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى

موڭغۇل خانلىقى مىلادى 1206- يىلى قۇرۇلغان، 1217- يىلى جەبە نويان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى، دەسلەپتە قىتانلارنىڭ بېقىندىسى بولۇپ كېيىن قىتان ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان. كۈچلۈكنىڭ قولىدىن تارىم ئويمانلىقى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان رايونلارنى تارتىۋالدى. كۈچلۈك ئەسلىدە خرىستىئان مۇرىتى ئىدى، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇ قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئېلىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن. شەھەر ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆز ئادەملىرىگە بەرگەن. خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ شەھەرنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتكەن، يەرلىك ئاھالىنى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ، بۇددا دىنى ياكى نىستۇرى (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى) دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغان. ئالىملارنى ئۆلتۈرۈپ، مەسچىتكە يىغىلىش ۋە باشقا ئىسلام قائىدىلىرىنى پۈتۈنلەي مەنئى قىلغان. مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى ۋەيران قىلغان. خوتەننىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بولغان ئىمام ئالائىددىننى مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا مىخلاپ ئۆلتۈرگەن[1].

---

[1] ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 128 - بەت.

دىمەك، بۇ قېتىمقى چېكىنىش ئاشقان زوراۋانلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك بىناكارلىق يالداملىرى يوقالغان. موڭغۇل قوشۇنى بۇ جايلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلاملىشىپ بولغان تارىم ئويمانلىقىدا بۇددا راھىبلىرى ۋە نىستۇرى دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى پەيدا بولدى، كۆركەم مەسچىتلەر يېنىدا ھەيۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە سورلۇق نىستۇرىئان چېركاۋلىرى قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇزاققا قالماي موڭغۇللار قىتالارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە نۇرغۇن جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. مەھمۇد ئىبنى ۋەلى مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ يىللاردا . . . ئۆلكىلەر تامامەن خارابىلىككە ئايلاندى، ئېتىزلىقلار قۇرۇپ كەتتى . . . شەھەرلەر ۋە ئۆي ئىمارەتلەر خاراب قىلىندى. ئۆي ئىگىلىرى يوك ـ تاقلىرىنى تاشلاپ بېشى قايغان يەرلەرگە پىتىراپ كەتتى»[①]. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئەڭ زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە موڭغۇل ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى

① «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇرۇشلىرى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. يېزا - كەنتلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، ئېتىزلاردا چارۋىلارنىڭ بېقىلىشى، باغ - ۋارانلارنىڭ يوقىتىلىشى، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بۇزۇۋېتىلىشى، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئاھالىلىرىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈرۈۋېتىلىشى، ئاھالىنىڭ شەھەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قاتتىق چەكلىنىشلىرى غەربىي يۇرتتىكى شەھەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئىقتىسادىي ئۇلىنى يوقاتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىلىك ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. مۇشۇ دەۋردىكى بەشبالىق ۋە ئىلىبالىق شەھەرلىرىگە دائىر ماتېرىياللارمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئېھتىمال بۇ شەھەرلەر خۇددى باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش 15 - ئەسىرگە يېتىپ كەلمەيلا ۋەيران بولغان بولسا كېرەك. قەدىمدە چوڭ شەۋكەتلىك شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇدۇن (خوتەن)، يەركەنلەرنىڭ تەقدىرىمۇ ئەنە شۇنداق بولغان.

تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغان ۋاقتىمۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ۋاششەھرى (قەدىمكى لوپ شەھرى)، شەھرى كىتىك، شەھرى تەركەن، شەھرى چەمەن . . . قاتارلىق شەھەرلەر مۇشۇ جۈملىدىندۇر. ماركوپولو 1276 - يىلى ۋاششەھرى (قەدىمكى لوپ شەھرى) نىڭ گۈللەپ ياشناپ تۇرغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسا، 1545 - يىلى مىرزا ھەيدەر بۇ شەھەرنىڭ ئاللىبۇرۇن قۇم ئاستىدا قالغانلىقىنى يازىدۇ. گەينى دەۋردىكى «شەھەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئەڭ چوڭى،

...سىنىڭ تۇپلىنىدىغان شەھىرى»① بولغان. شەھىرى ...كىتىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش قىياپىتى «ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى» دە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ «قەلئە شۇنچە ئېگىز، ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، پۇختا، گۈزەل ئىدى. شەھەردىن بازارچىلارنىڭ ئاۋازى، ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندىلەر، شەھەر ئاجايىپ خۇش ھاۋالىق كۆرۈندىلەر . . . مۇسۇلمانمىكىن ...ىمە ناماز ئوقۇمايدۇ، نەزىر چىراغ قىلمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ، سەدىقە قىلمايدۇ، كاپىرمىكىن دېسە ئىمان ئېيتىدۇ، مۇسۇلمانچە كىيىم كىيىدۇ، مۇسۇلمانچە سۆزلەيدۇ . . . شەھىرى كىتىك 41 - شەھەر ئىدى»② مانا مۇشۇنداق قۇرغۇنلىغان ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل شەھەرلەر مۇشۇ دەۋردە خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىدا تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەسىرى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن لېكىن موڭغۇللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئەھۋاللار بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

---

① قۇربان ئالى خالىدى: «تارىخىي خەمسەئىي شەرقى»، شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى باستۇرغان نۇسخا، 1 - توم، 110 - بەت.

② «ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى»، ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى، 1986 -يىل 2- سان، 93 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## بەشىنچى باب
## يەكەن خانلىقىنىڭ بىناكارلىقى

يەكەن خانلىقى 1514 ـ يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ئەۋلادى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان. شۇڭا، بۇخانلىقنىڭ نامى «سەئىدىيە خانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خانلىقنىڭ مەركىزى يەكەندە بولۇپ، زېمىن دائىرىسى پۈتكۈل تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، ئىسسىق كۆل رايونى، فەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان ۋە ۋاخان تاغلىق رايونى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن سەئىدخان كۆپلىگەن ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە خانلىقنى مۇستەھكەملىدى. مۇستەبىت ھۆكۈمران مىرزا ئابابەكرى زامانىدا سەرگەردان بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، ۋەيران بولغان ئېگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاساس ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ـ سانائەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىدا گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. ئۇ يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق

ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن سودا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىتتىپاقلىق ۋە خاتىرجەملىك ئاساسىدا ئىلىم- پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈردى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەردە «خاقانىيە مەدرىسى» كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. يەكەندىمۇ «رەشىدىيە مەدرىسى» قاتارلىق بىر قانچە مەدرىسلەر قۇرۇلدى ۋە خانلىق كۇتۇپخانىسى، قول سانائەت ئۇستىخانىلىرى، سودا كارۋان سارايلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت سورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. ئابدۇللاخان دەۋرىدە يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇرۇش - يېغىلىقلار سەۋەبىدىن خاراب بولغان شەھەرلەر ئاۋات قىلىندى. يوللار راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئۆتەڭلەر تۇرغۇزۇلدى. شەھەرلەردە مەدرىس، جامەلەر كۆپلەپ بىنا قىلىنىپ شەھەر قۇرۇلۇشى راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يەنى بولۇپمۇ ئىسمائىلخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» غوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ، ئىلىم- پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا ياخشىلىنىش بولدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى. «ئون ئىككى مۇقام» قېلىپلاشتۇرۇلدى. نۇرغۇن ئالىم، ئەدىپ، بىناكار، نەققاش، سىياسەتۋاز، شائىر، مۇزىكانتلار يېتىشىپ چىقىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئۇچۇن تۆھپە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوشتى.

## تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە سۇلتان سەئىدخان «پۈتۈن پۇقرانى راھەت ئارامىغا ئىگە قىلىش»[1] ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇرۇش يىللىرىدا ۋەيران قىلىنغان شەھەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى تېز ئەسلىگە كېلىپ، نۇرغۇن يېزا - بازار ۋە كەنت مەھەللىلەر بىنا بولدى. «قەشقەر ئەتراپى، يېڭىسار، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، باي، كۇچا، شايار قاتارلىق جايلاردا يېزا - بازارلىرى زىچ، نوپۇس كۆپ، ئۆي ئىمارەتلىرى بىر- بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىتلىرىنىڭ قاۋىشى، توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ھەممە يەردە ھەرخىل دانلىق زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلىدۇ، ئات - كالىلار پادا - پادا بولۇپ يايلىغان، ھەممە يەر باراقسان باغ - ۋارانلار بىلەن تولغان»[2] مەنزىرە بارلىققا كەلگەن. مانا مۇشۇ شەھەر - بازار ۋە يېزا - كەنتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ مۇجەسسىمى ئىدى.

بەزى مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە يەكەن خانلىقى دەۋرىدە گەمە، ئۆڭكۈر، ھاياتقا خورلۇق بولىدىغان قاراڭغۇ، زەي، دەل- دەرەخسىز تەييار خارابىلەرنى ماكان تۇتقۇچىلار زېمىن ئۈچۈن ھارام يۈك ھېسابلىنىدۇ. بىئېتىبار بولىدۇ. ئۆي جايىنى چىرايلىق، ئازادە ھەم كۆڭۈللەرگە راۋا تۇتماق ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاللا ئالدىدىكى، زامانداشلىرى ئالدىدىكى قەرزى ۋە

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»
② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» 2 - قىسىم. 423 - بەت

زۇرۇرىيىتىدۇر[1] دېگەن بىر خىل ئاڭ شەكىللەنگەن.

شۇڭا، يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتە توپا - ياغاچ قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغاندىن سىرت يەنە ياغاچ قۇرۇلمىلىق قوشام ئۆيلەرمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. بۇ تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش ھۈنەر سەنئىتى ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ لېكىن بۇمۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزگىچە خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. تۈگلۈك بىلەن گۈللۈك پەنجىرە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ ئۆيلەرنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايتتى. بايلار بىلەن ھاللىق سەۋىيىدىكى سودىگەر ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، تەكچە، ئەينەكلىك دېرىزە، بالىخانا، شىپاڭ، پېشايۋان، باغ، ھويلا، يازلىق چايخانا، دەرۋازا، ئېغىل - قوتان . . . قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان باغ - ۋارانلىق تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلىنى ئالغان.

مۇشۇ دەۋردىكى تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك شۇكى، مەيلى شەھەر بازارلاردا بولسۇن مەيلى يېزا-كەنتلەردە بولسۇن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرى باغ بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ ياسالغانىدى. مېۋىلىك دەرەخ تىكىش چوڭقۇر ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش ھېسابلىناتتى. «قۇرئان كەرىم» دە ئانار، ئۈجمە، بىھى، ئەنجۈر. . . قاتارلىق نۇرغۇن مېۋىلەر «جەننەت» نىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. «جەننەت» نىڭ مەنزىرىسى: «ئۇ يەر ئىنتايىن گۈزەل ۋە تىپتىنچ، ھەممە يېرىگە ياپيېشىل دەرەخلەر يىل بويى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. بۇلاقلار ۋە دەريالار

---

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىللىق 3 - سان

ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن يېقىملىق. مۆمىنلەر جەننەتتە قاتتىق سوغۇقنىمۇ، قاتتىق ئىسسىقنىمۇ كۆرمەيدۇ»[1]. شەك - شۈبھىسىزكى بۇ ئەقىدە ئەينى ۋاقىتتا جەبرى جاپا ئىچىدە ياشاۋاتقان ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغان. شۇڭا، ئۇلار ساۋاب تېپىش بىلەن بىللە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بېيىتىش مەقسىتىدە «جەننەت» نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە باغلارنى بىنا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ياز پەسلىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى ھويلىسىدىكى باغلارغا كۆچكەن. نەتىجىدە باغ ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن.

## جامائەت قۇرۇلۇشلىرى

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسەن دىنىي قۇرۇلۇشلاردا، يەنى مەسچىت مەدرىس ۋە مازار بىنالىرىنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىكىدىن كۆپ ۋە ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسالغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، بۇ دەۋردە ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ماس قەدەمدە مەدەنىيەت ئىشلىرى گۈللىنىپ، كىشىلەر ئىلىم مەرىپەتكە يۈزلىنىپ مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتتى. يەنە بىرى خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە سوپىزىمنىڭ ئەۋج ئېلىشى نەتىجىسىدە مازار تاۋابىئاتى كۈچىيىپ كەتتى.

① «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر» مىللەتلەر نەشرىياتى، 53-، 63- بەتلەر.

## ئوردا

«ئوردا» مۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن جامائەت قۇرۇلۇشى تۈرىگە كىرىدۇ. يەكەن خانلىقىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش ئەلۋەتتە خانلىق ئوردىسى ئىدى. مىلادى 1514 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى سەئىد مەشۇتتىن تىكلىگەن خانلىق بارگاھىدا تۇرۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە 1518 ـ يىلى 4ـ ئايدا موغۇل خانلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك كۆچمە بارگاھلاردا تۇرۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇرۇنقى «گۈل ئىرام» (گۈلباغلىق ئىرام) ناملىق ھەشەمەتلىك ئوردىسىغا كۆچۈپ كىرگەن①شاھ مەھمۇد جۇراس بۇ ئوردىنىڭ يەتتە دەرۋازىسى ۋە مەيدانى بارلىقىنى كۆرستىپ ئۆتكەن. «تارىخىي رەشىدى» دە بۇ ئوردا ھەققىدە مۇنداق خاتىرە بار: «بۇ ئوردا قەلئە ئىچىگە ياسالغان بولۇپ قەلئەنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇز گەز كېلىدۇ. قەلئەنىڭ ئالتە دەرۋازىسى بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئىنتايىن پۇختا. ھەر بىر دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن مۇنار ياسالغان، بولۇپ دەرۋازا ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كىمكى قايسى بىر دەرۋازىدىن كىرمەكچى بولىدىكەن چوقۇم مۇشۇ ئىككى مۇنار ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەگەر دۈشمەنلەر ئوردىغا ھۇجۇم قىلسا ئالدى ـ ئارقىدىن ۋە ئوڭ ـ سولدىن زەربىگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق قۇرۇلۇش سىستېمىسى باشقا قەلئەلەردە يوق. بۇ جايدا ئىنتايىن گۈزەل بىر باغ بولۇپ، يازدا بۇ جايدا سالقىنداش

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» خەنزۇچە تەرجىمىسى، 2 ـ قىسىم، 279 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەننىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىدى. سەئىدخان شۇڭا بۇ باغلىق ئوردىغا كۆچۈپ كەلدى. ئوردا ئىچىگە ئىنتايىن كۆركەم ئۆيلەر ياسالغان بولۇپ، بۇنى تەسۋىرلەشكە قەغەز ـ قەلەم ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدە ئوندەك باغ بار. ئوتتۇرىسىدا چوڭ ـ چوڭ بىنالار بولۇپ، ھەر بىر بىنادا يۈز ئېغىزدىن ئۆي بار. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كىتاب جازىلىرى تىزىلغان، تاملارغا تەكچە ئويۇلغان، تورۇسى ھاك بىلەن ئاقارتىلغان، تاملىرىغا كاھىش چاپلىنىپ ئۈستىگە رەسىم سىزىلغان. . .»[1].

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردىسى باغ بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ لايىھەلەنگەن. بۇنىڭدىن ئوردا ئىچىدىكى مەنئۇي تۇرمۇشنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن بېيىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەڭ مۇھىمى، يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تومۇز كۈنلەردىكى ئىسسىقىدىمۇ ھۆكۈمرانلارنى سالقىن ۋە ھۇزۇرلۇق مۇھىت بىلەن تەمىن ئېتەلىگەچكە يەكەن خانلىقىدا تارىختىكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ «يازلىق ياكى قىشلىق ئوردا» بىنا قىلىشتەك ئەنئەنىسىگە خاتىمە بېرىلگەن. بۇ ئىلگىرىكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئوردا قۇرۇلۇشىدا كەم كۆرۈلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردىسى ھازىرقى يەكەن ناھىيە بازىرىدىكى $100m^2$ دائىرىدىكى «ئورداكۆل» مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، سېپىل، خەندەك ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ جاي ئىلگىرىكى زامانلاردا تاشلىنىپ قالغان بىر باغ بولۇپ، باغ

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» خەنزۇچە تەرجىمىسى، 209 ـ بەت.

ئىچىدە راۋاق، سىپىل خارابىلىرى بولغان. ئىلگىرى «ئورداكۆل» نىڭ يېنىدىكى مەدرىسىنىڭ ئىچىدە پەقەت چوڭ ـ چوڭ ئۆلىمالارلا كىرىپ چىقالايدىغان مەخسۇس بىر ھوجرا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ساندۇقتا باش كىيىم، چاپان، كۆڭلەك، تەسۋى قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىكەن. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى «ھەزرىتى غوجام پادىشاھىمىزنىڭ نەرسىلىرى» دېيىشىدىكەن. «ھەزرىتى غوجام پادىشاھىم» دېگىنى سۇلتان سەئىدخان ئىكەن①.

بۇ ئوردا مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان بولۇپ، سەئىدخان زالىم مىرزا ئابابەكرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن بۇ ئوردىغا كۆچۈپ كىرگەن. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ يېزىشىچە، ئابدۇللا خانمۇ «سۇلتان سەئىدخاندىن قالغان كونا ئوردا②»دا تۇرغان. دېمەك بۇ ئوردا باشتىن ئاخىر يەكەن خانلىقىدا ئۆتكەن خانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن.

## مەدرىس

يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى جەمئىيەتنىڭ تۇرلۇك ساھەلەر بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا جۈملىدىن مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. بۇ يەكەن خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا شائىر ۋە ئەدىب بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. شۇڭا، يەركەن خانلىقى 168 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بىر دەۋر بولۇپ

① سۇلتان ماموت: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 120 ـ بەت.

② شاھ مۇھەممەد جۇراس: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 151 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




ھېسابلىنىدۇ. يەكەن خانلىقىدىكى مەدرىسلەر «خانلىق مەدرىس» ۋە «مەدرىس» دەپ ئىككى دەرىجىگە بۆلۈنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپخانىلار بار بولۇپ، بۇلار مەدرىسلەر ئۇچۇن تۇركۇملەپ تايانچلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.


خانلىق مەدرىسلەر يەكەن خانلىقىدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، خانلىق مەركىزىدە، چوڭ شەھەرلەردە قۇرۇلغان. «مىرزا ھەيدەر مەدرىسى» (جاھان مەدرىسىمۇ دېيىلىدۇ)، سەئىدخان بىنا قىلدۇرغان «خانلىق مەدرىس»، كۇچادىكى «ۋەلىيە مەدرىسى» . . . قاتارلىق مەدرىسلەر خانلىق مەدرىس ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ ئىچىدە «مىرزا ھەيدەر مەدرىسى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن كاتتا بولۇپ، پىشىشىق خىش - كاھىشتىن ياسالغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ مەدرىسنىڭ مۇنارى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۇستىگە چىقىپ قارىسا ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەركەن دەرياسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىس» (53 - رەسىم) نى يەكەن خانلىقىنىڭ سەككىزىنچى نۆۋەتلىك خانى ئابدۇللاخان (مىلادىيە 1639 ـ 1652 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) 1641 - يىلى بىنا قىلدۇرغان بولۇپ، دەرۋازا، مۇنار، پەشتاق، كايىۋان، ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلا، پىشايۋان، ھۇجرىدىن ئىبارەت يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن. قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 3m ، كەڭلىكى 8.2m بولۇپ، دەرۋازا ئۈستىدە مۇدەررىسلەر-نىڭ دەرس تەييارلايدىغان، ئارام ئالىدىغان ھۇجرىلىرى بولغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېگىزلىكى 13m كېلىدىغان نەقىشلىك مۇنارلارنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ھىلال ئاي بەلگىسى بار ئىدى. دەرۋازا بېشىغا بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر ھۆسنىخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان.

مەدرىس تاملىرىنىڭ ئۇلى ئون ئۈچ قۇر ئېگىزلىككىچە خىش بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. كۆلىمى $1468m^2$ كېلەتتى. چوڭ - كىچىك ئەللىك ئۈچ ھۇجرىسى بار ئىدى. خانلىق مەدرىسىنىڭ يېنىغا يەنە «قازانچى مەدرىسى» (54- رەسىم) ناملىق بىر مەدرىس ياسالغان بولۇپ، بۇ ئىككى مەدرىس بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇراتتى.



53 - رەسىم — يەكەندىكى خانلىق مەدرىس



54 - رەسىم قازانچى مەدرىسى

ئادەتتىكى مەدرىسلەر بىرقەدەر ئومۇملاشقان يۇقىرى ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، چوڭ شەھەرلەردە، ۋىلايەت - ناھىيىلەردە، يېزىلاردا قۇرۇلغان. قەشقەردىكى «مەدرىسە كېرىمىيە»، «قازانچى مەدرىسى»، يەكەندىكى «مەدرىسە مۇھەممىدىيە»، سۇلتان سەئىدخاننى دەپنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ياسالغان «غازىيە مەدرىسى»، «مەدرىسە مەھمۇدىيە»، «ئوردانلىق مەدرىسى»، «ئارسلانباغ مەدرىسى»، «ھۆرىيەت مەدرىسى» (يېڭىشاردا)، «سايرام مەدرىسى» قاتارلىق مەدرىسلەر مۇشۇ خىل مەدرىسلەرگە كىرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مەسچىت، خانىقالارنىڭ يېنىغا، يېزا - كەنتلەرگە ھەر خىل مەكتەپخانىلار قۇرۇلغان. «تارىخنامە ئابدۇرەشىدخان» دا خاتىرىلىنىشىچە شۇ دەۋردە خانلىق تەۋەسىدە 1690 مەكتەپخانا بولغان①. مەدرىس كۆپىنچە مەسچىت بىلەن قوشۇپ ياسالغان. قۇرۇلما ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە مەسچىتنىڭكىگە ئوخشاش لايىھەلەنگەن. ئۇنىڭدا ئوقۇتۇش ۋە تالىپلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە قۇلايلىق يارىتىش يۈزىسىدىن دەرسخانا، قىرائەتخانا، مۇدەررىس ئىشخانىسى، ياتاق، ئاشخانا، سەرەپخانا، كۆل (ياكى قۇدۇق) باغ، ھويلا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەر ياسالغان. چوڭ مەدرىسلەرگە يەنە مەسچىتمۇ قوشۇپ ياسالغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە خانلىق تەۋەسىدە 573 مەدرىس ياسالغان②. بۇنىڭ ئىچىدە يەكەندىكى سەئىدىيە مەدرىسى ئىككى قەۋەت بولۇپ، 360 ھوجرىسى بار ئىدى. خانلىق تەۋەسىدە يەنە

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىل، 1 - سان.

② ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 243 - بەت.

«رەشىدىيە مەدرىسى»، «يېشىل مەدرىس»، «جاھان مەدرىسى»، «خانلىق مەدرىس»، «ساقىيە مەدرىسى»، «مەدرىسى مەھمۇدىيە»، «ۋەلىيە مەدرىسى» قاتارلىق مەدرىسلەر بار ئىدى. يەكەن خانلىقى مەدرىس قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ، خانلىقنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرگەن.

## مەسچىت

مەسچىت ئادەتتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىبادەت زالىدىن تەركىب تاپقان. چوڭ مەسچىتلەر يەنە مەدرىس، سەرەپخانا، كۆل (قۇدۇق)، هويلا، باغ قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە خانلىق تەۋەسىدە 585 مەسچىت بولۇپ، بۇلاردا پېشايۋانلىق مەسچىت قۇرۇلۇشى تىپىك ئۈلگە قىلىنغان. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، نەقىش - بېزەكى مول بولغان. تۈز ۋە ئەگمە تورۇس بىرلەشتۈرۈلۈپ مەسچىت زالى چوڭايتىلغان. مەسچىتنىڭ تام تورۇسلىرى ۋە ئىشىك بېشىغا ھەر خىل نەقىشلەردىن باشقا يەنە «قۇرئان» ئايەتلىرى ئەرەب خەتتاتلىق ئۇسلۇبىدا نەقىش قىلىپ يېزىلغان. ئەزان پەشتىقىمۇ ئېگىز ۋە قۇببىلىق ياسىلىپلا قالماستىن گەج ۋە خىش تىزما نەقىشلەر بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن. ئومۇمەن مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئىسلام ئىدىيىسى، ئېتىقادى، پەلسەپىسى سىڭدۈرۈلگەن.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە «ئالتۇن مەسچىت» (1533 - يىلى)، «يەكەن جامەسى» (1638 ـ 1669 يىللىرى كېڭەيتىپ ياسالغان)، «ئازنا مەسچىت» (مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە ياسالغان)... قاتارلىق مەسچىتلەر ياسالغان. «ئازنا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسچىت» ئۆز ئۇنچاق چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دىئامېتىرى 2.9m ، ئېگىزلىكى 5.5m كېلىدىغان ئەللىك بىر كىچىك گۇمبەز؛ دىئامېتىرى 7.9m ، ئېگىزلىكى 12m كېلىدىغان بىر چوڭ گۇمبەزدىن تەشكىل تاپقان. مەسچىت پېشايۋان، مېھراب، مۇنبەر، چوڭ دەرۋازا، پەشتاق، مۇنار، قۇدۇق، هويلا ۋە ئارقىسىدىكى «خان مەدرىسى» قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

## مازار

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە شۇ دەۋردە ۋاپات بولغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ مازار بىنا قىلىش ئىنتايىن ئەۋج ئالغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سوپىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە مازارغا تاۋاپ قىلىش كۈچىيىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە مازار بىنا قىلىش ۋە قەبرە قاتۇرۇش ئىسلام دىنىي ئەقىدىسىگە خىلاپ. بۇ ھەقتە «ھەدىس» تە مۇنداق دېيىلگەن: «يەھۇدىلار پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالدى، ئەگەر يۇقىرىقى خەۋپ بولمىغان بولسا، رەسۇلىللانىڭ قەبرىسى قاشا ئىچىگىمۇ ئېلىنمىغان بولاتتى. رەسۇلىللا ئۆز قەبرىسىنىڭ تېۋىنىدىغان جاي بولۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورققان»[1]. يەنە بىر ھەدىستە: «تىزدىن ئاشىدىغان قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈزلىۋېتىڭلار» دېيىلگەن. لېكىن، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇگۇنگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى ئېتنىك ئادەتلىرىگە ئوخشاشلا، قەدىمدىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەبرە قاتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئەجدادلىرىنى ياد

① «ھەدىس»، 194 ـ بەت.

ئېتىش، خاتىرىلەش ئەنئەنىسىنىمۇ ئۆزگەرتەلمىدى.


يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مازارلارغا تاۋاب قىلىش، رىياكار خوجا - ئىشانلارغا چوقۇنۇش — ئۇلارنىڭ (خوجا - ئىشانلارنىڭ) ئاۋام خەلقنى ئۆزىگە رام قىلىشىدىكى ئاساسلىق ۋاستىسى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار: «خۇدا ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەبرىلىرىنى ھاجەت ئىگىلىرىنىڭ پىنھان جايى قىلدى. ھەرقانداق قىيىنچىلىققا دۇچار بولۇپ گاڭگىراپ قالغان چېغىڭلاردا ئۇلۇغ مازارلاردىن ياردەم سوراڭلار»① دەپ كىشىلەرنى مازارلارغا چوقۇنۇشقا دەۋەت قىلغان. گەرچە، بۇ خىل خاھىش ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان بولسىمۇ ئەمما مازار بىناكارلىقى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىناكارلىق، نەققاشلىق، لايىھەچىلىك ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مازار قۇرۇلۇشلىرى يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. يەر ئاستىغا قەبرە ئىگىسى دەپنە قىلىنغان، يەر ئۈستى قىسمىغا قەبرە قاتۇرۇلغان ۋە خاتىرە ئىمارەت ياسالغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ مازار «ئالتۇنلۇق» بولۇپ، 1533 - يىلى يەركەن خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ياسالغان ۋە كېيىنكى خانلاردىن ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇكېرىمخان، مۇھەممەدخان، ئەخمەتخان، ئابدۇلېتىپخان، ئابدۇللاخان. . . قاتارلىق خانلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان.

① «ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى» (مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى).

www.uyghurkitap.com






55 - رەسىم — يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى — كاھىش (يەكەن خانلىقى دەۋرىدە كېڭەيتىپ ياسالغان مەھمۇت قەشقەرى مازىرىغا ئىشلىتىلگەن)

كېيىن شائىرە ئامانىساخانىمۇ مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان. «ئالتۇنلۇق» نى يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى يەر ئاستى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تىپىك ئۆلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى

گۆرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3.5m بولۇپ ئىچى گۈمبەز شەكىللىك، تۆت ئەتراپى مېھراب شەكىللىك بولۇپ، ئەتراپلىرىغا كېمىر ئۆي ياسالغان. جەسەتلەر مۇشۇ كېمىر ئۆيلەرگە قويۇلغان. پۈتكۈل مازارنىڭ كۆلىمى $5000m^2$ دىن ئارتۇق بولۇپ، مازار دەرۋازىسى، مەسچىت، كۆل، تۇنەكخانا، ئېتىكاپخانا ۋە قەبرىستانلىقتىن تەركىب تاپقان.



56 ـ رەسىم — يەكەن خانلىقىنىڭ خانلار قەبرىستانلىقى ئالتۇنلۇقتىكى قۇرۇلۇشلار

www.uyghurkitap.com



يەكەن خانلىقىدا مازارلارنىڭ كۆپلەپ بىنا قىلىنىشىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» غوجىلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، دىنىي ھوقۇق تالىشىش ۋە مۇرىت توپلاش ئۈچۈن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نامىغا مازار بىنا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلانغان. نەتىجىدە مازارغا چوقۇنۇش ۋەمازار بىنا قىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. غوجا ئەۋلادلىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈنمۇ ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك مازارلار ياسالغان.

## قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى

ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قەلئە دۆلەتنىڭ ھەربىي مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئىدى. قەلئەنىڭ پۇختىلىقى بىلەن ھەربىي قوشۇنىنىڭ سەرخىللىقى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرالىشى ۋە ھەربىي جەھەتتە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشتىكى ئاچقۇچ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى تارىختىكى باشقا خاندانلىقلارغا ئوخشاشلا يەكەن خانلىقىدىمۇ قانات يايدۇرۇلدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىرزا ئابابەكرى تۇمەن دەرياسى بويىغا بىر قەلئە قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ مۇئەللىپى: «مەن بۇ قەلئەنىڭ چوڭ كىچىكلىكىنى بىرقانچە قېتىملاپ ئۆلچەپ چىقتىم. ئۇنىڭ كۆلىمى ئەللىك جارىپ[①] ، ئېگىزلىكى يىگىرمە ماتاگەز[②] كېلىدۇ. ھەر بىر بۇلۇڭىدىكى كۆزىتىش راۋىقىنىڭ ئايلانمىسى ئوتتۇز گەز كېلىدۇ. سېپىلى ئۇستىدە تۆت ئاتلىق

① بىر جارىپ 900 كۇۋادرات مېتىرغا تەڭ.
② بىر گەز 28 - 26 ئېنگلىز سۇڭىغا تەڭ.

ئەسكەر قاتار ماڭالايدىغان يەرلىرى خېلىـى كۆپ. بۇ كاتتا قۇرۇلۇش يەتتە كۈندە پۈتكۈزۈلدى. بۇ بىر مۆجىزە ئىدى،[1] دەپ يازىدۇ. يېڭىسار قەلئەسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىـــى ئىنتايىن ياخشى تاللانغان ئىدى. قەلئە ئېگىز جىرا ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، جەنۇب تەرىپى تىـك يار ئىـــدى. باشقا تەرەپلىرى سېپىل بىلەن قورشالغان ھەمدە قەلئە ئەتراپىـــغا چوڭقۇر خەندەك كولانغان بولغاچقا قەلئەگە چىقىـــش بەكمۇ مۈشكۈل ئىدى.

قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلى كۆپىنچە تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، دەرۋازىسى ئىنتايىن پۇختا ياسىلاتتى. دەرۋازا ئۈستىدە كۆزىتىش راۋىقى، سېپىلى ئۈستىدە كۈنگىرىلەر ۋە قوقتىلار بولاتتى.

## شەھەر قۇرۇلۇشى

گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئاۋاتلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. قول سانائەت يېزا ئىگىلىكىدىن بۆلۈنۈپ چىققان، سودا ئىشلىرى روناق تاپقان يەكەن خانلىقىدا ئۇيغۇرلار ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنـــى قامداشتا پۈتۈنلەي شەھەرلەرگە تايىنىدىغان بولدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە مىرزا ئابابەكرى ئۆستەڭ قېزىپ دەريا سۈيىنى يەكەن شەھىرىگە باشلاپ كىرىپ نۇرغۇن گۈللۈك ۋە باغلارنى بىنا قىلدۇرغان[2]. «تارىخىي

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» خەنزۇچە تەرجىمىسى، 191- بەت.
② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 2- قىسىم 209- بەت.

رەشىدى» دە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە رەت - رەت سۆۋادان تېرەكلەر تىكىلگەن، خان قەلئەسىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئوندەك باغ بار. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يوللارغىمۇ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بار»①. دېمەك، شەھەر قۇرۇلۇشى يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەنىدى. تارىخچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ دەۋردە باغ - ۋارانلار شەھەر بازارلارنىڭ كاتتىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئامىل سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. ئومۇمەن نوپۇس بىرقەدەر توپلاشقان جايلاردا، چوڭ تىپتىكى مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ ئالدى كەينىدە باغ - ۋاران بولاتتى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كىلىپىن رابات بىلەن قاراخان دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت ئوتتۇرىسىدا «قوشگۇمبەز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەسچىت بولغانلىقىنى، مەسچىت ئەتراپىدا تېرىلغۇ يەر ۋە باغ بولۇپ، بۇلارنىڭ مەسچىتنىڭ ۋەخپىسى ئىكەنلىكىنى، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ بۇ مەسچىتنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل مېۋە ئۆستۈرگەنلىكى ۋە باغ بىنا قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. «تارىخىي رەشىدى» دە «بۇ جايدىكى مېۋىلەر كۆپ ھوسۇل بېرىدۇ، بولۇپمۇ نەشپۈت شۇنداق. بۇ جاينىڭ ئەتىرگۈلى بەكمۇ ئۆزگىچە. ئەتىگەندە ياكى تاماقتىن كېيىن مېۋە يېسە زىيان قىلمايدۇ. باشقا جايلاردا بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە. كۈز پەسلىدە قەشقەر، خوتەنلەردە مېۋە - چېۋىلەر پۇلغا سېتىلمايدۇ. كىشىلەرنىڭ خالىغانچە ئۈزۈپ يېيىشىمۇ چەكلەنمەيدۇ. مېۋىلىك

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 2 - قىسىم، 290 - بەت.

دەرەخلەر ئادەتتە يول بويلىرىغىمۇ تىكىلگەچكە كىشىلەر خالىغانچە ئۈزۈپ يېيەلەيدۇ»[1] دەپ خاتىرىلەنگەن. بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا شۇ دەۋردە يەكەندە جەمئىي ئون ئىككى مىڭ باغ بولۇپ كۆپ قىسمى شەھەر - بازار ئىچىدە ۋە بازارغا يېقىن ئەتراپتىكى جايلاردا ئىدى. شۇڭا، يەكەن شەھىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئەتراپىدىكى پايانسىز چۆل جەزىرە ۋە قۇملۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جەننەتتەك گۈزەل ئىدى. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ئابدۇللاخاننىڭ بىر قېتىملىق سەپەردىن قايتىش جەريانىنى بايان قىلىپ: «خان مۇۋەپپەقىيەت بىلەن جەننەتكە ئوخشاش يەكەنگە يېتىپ كەلدى»[2] دەپ يېزىشى بۇنىڭ بىر دەلىلى. «تارىخىي رەشىدى» دىكى: «يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشقانلار قەشقەرنى چىرايلىق ۋە نازاكەتلىك شەھەر دېيىشىدۇ، چۆل - جەزىرىلەردىن كەلگەنلەردىن سورىساڭ قەشقەرنى جەننەتكە ئوخشىتىدۇ» دېگەن بايانلارغا قارىغاندا، قەشقەرمۇ گۈزەللىك جەھەتتە يەكەندىن قېلىشمىغان.

يەكەننىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ۋە بىناكارلارنىڭ ئەقىل پاراستىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەكەن شەھىرىدە نۇرغۇن ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار بولغان. بولۇپمۇ شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئالتۇن دەرۋازا يېنىغا ياسالغان ئالتۇنلۇق مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى بىلەن يەكەن جامەسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ياسالغان خانلىق مەدرىس، رەستە ئارقىسىدىكى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئۇچ مەدرىس، قىرىق گۇمبەز ۋە «گۇل ئىرام» ناملىق ئوردىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، تۇس

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 2 - قىسىم، 217 - بەت.

② شاھ مەھمۇد جۇراس: «يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 131 - بەت

بېرىپ بىر پۈتۈن ئىمارەت توپىنى ھاسىل قىلىپ شەھەرگە ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك تۈس كىرگۈزگەن. مىلادى 1533 - يىلىدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپى جانقورغان، شەرقىي تەرىپى بۇلاقبېشى، تۆشۈك دەرۋازىسى، غەربىي تەرىپى ئوردا ئالدى ۋە خام بازىرىغىچە بولۇپ، شەھەردىكى ئاساسلىق كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا دۇكانلىرى ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەت سورۇنلىرى ياسالغان. «بەھرۇل ئەسرار»①دا خاتىرىلىنىشىچە، قەشقەرنىڭ مۇستەھكەم، مەزمۇت سېپىلى بار بولۇپ، بۆسۈپ ئۆتۈش قىيىن ئىدى. يېزا قىشلاقلىرى ئاسايىش، ئاھالىسى تەرتىپ ئىنتىزاملىق، باغ - ۋارانلىرى ناھايىتى كۆپ، مەسچىت، مەدرىس، خانىقالىرىنىڭ ھېسابى يوق دېگۈدەك، ئۇنىڭدىن باشقا ساخاۋەتخانا، دارىلئېھسانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى②. يەكەن مەركىزىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ، سەلتەنەت مۇنارلىرى، راۋاقلار، پەشتاقلار، مەسچىت، مەدرىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇنار - گۈمبەزلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. پۈتكۈل شەھەر - بازارلاردىكى مەدرىس بەش يۈز يەتمىش ئۈچكە، مەھەللە مەسچىتى بەش يۈز سەكسەن بەشكە، باقىندىنىڭ مەھەللىسى③ ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن تۆتكە، كوچا - گۇزەر تۆت يۈز يىگىرمە تۆتكە، ھامماملار تۆت يۈز ئوتتۇز يەتتىگە، ھەر خىل مەكتەپلەر ئىككى مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش ئۈچكە، ساراي بىر مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتىگە، كۆل سەككىز يۈز ئوتتۇز بەشكە، بازار بىر يۈز توقسان سەككىزگە، ھەر خىل كارخانىلار بىر مىڭ بەش يۈز ئاتمىش

① «بەھرۇل ئەسرار» (سىرلار دېڭىزى) — 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن بەلىخلىق ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ۋەلىنىڭ يەتتە توملۇق ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى.

② يۇقىرىقى كىتاب.

③ ئاۋام خەلق، پۇقرالار مەھەللىسى.

تۆتكە يەتكەن①. بۇلار شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى شەھەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان. خانلىق بويىچە توققۇز چوڭ شەھەر، ئوتتۇز ئالتە دەرۋازا بولغان.

ئەينى دەۋردە يەكەن شەھىرى مۇھىم سودا مەركىزى بولۇپ، رەستە بازارلىرى ناھايىتى ئاۋات ئىدى. باشقا شەھەرلەرمۇ خېلى ئاۋات ئىدى. مەسىلەن، قەشقەر، ئاقسۇ، پىچان، قۇمۇللارمۇ سودىگەرلەر توپلانغان رەستىلىرى تىقما - تىقماق شەھەرلەر ئىدى. «پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە قاتار - قاتار شەھەر - بازارلار بولۇپ، گۈزەل چوڭ - چوڭ شەھەرلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى»②.

## خۇلاسە


ئومۇمەن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى تىپىك قۇرۇلۇشلار ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۈز تورۇسلۇق ۋە خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل قۇرۇلما شەكلىگە ئىگە بولۇپ، بىناكارلار نىسبەتەن چوڭ تىپتىكى ئىمارەتلەرنى ياسىغاندا پۈتۈن ئىمارەتنىڭ پۇختىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ياغاچ تارتما لىم ۋە ياغاچ تۈۋرۈكلەرنى تام ئارىسىغا ئېلىپ قۇرۇلمىنى پۇختىلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ياغاچچىلىق تېخنىكىسى جەھەتتىن ئالغاندا ياغاچچىلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق بىرلەشتۈرۈلگەن. چوڭ تىپتىكى ئىمارەتلەرنىڭ دېرىزىسى ئاساسەن ياغاچ پەنجىرىلىك بولۇپ، ياغاچ پەنجىرىلەرنىڭ نۇسخىسى كۆپ، ياسىلىشى سىپتا بولغان. ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىل، 1- سان.
② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 2 - قىسىم، 326- بەت.


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەنجىرە تۆكۈلۈك بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن. چاسا خا تورۇسلارمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، جەگىلەرنى قىرىق بەش گرادۇسلۇق ۋە توقسان گرادۇسلۇق قىلىپ قاتمۇ قات باستۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق بوشلۇق ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ دەۋردە يەنە خاس توپا قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر بارلىققا كېلىپ، گۇمبەز تورۇسلىرى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قوپۇرۇلغان، سىرتى كاھىش بىلەن بېزەلگەن. نەقىش ـ بېزەكلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ئىشلەتكەن ماتېرىيالى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، خىش تىزما نەقىش، گۈللۈك خىش، كاھىش، رەڭلىك سىزما نەقىش، ھۆسنىخەت قىلىپ يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن.



57 ـ رەسىم — يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان قۇرۇلۇشلاردىن نەمۇنىلەر



ھېيتگاھ جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى (بۇ قۇرۇلۇش ئەڭ دەسلەپ يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم رېمونت قىلىش، كېڭەيتىپ ياساش، قايتا ياساش ئارقىلىق ھازىرقى ھالىتىگە كەلگەن)

# بەشىنچى بۆلۈم
# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان بىناكارلىقى

# بىرىنچى باب
# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى

مىلادى 1775 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى 70 نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى ھەمدە شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، شەھەر يېنىغا سېپىللىق ھەربىي گازارما بىنا قىلىپ، مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. بۇ ھەربىي گازارمىلاردا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن سىرت يەنە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە بىر قىسىم سودىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر، پۇقرالارمۇ تۇراتتى. شۇڭا بۇ گازارمىلار ئادەتتە بىر كىچىك شەھەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. تارىختا، بۇ شەھەرلەر «يېڭى شەھەر» (新城) دەپ، ئەسلىدىكى شەھەرلەر بولسا «كونا شەھەر» (老城) ياكى «مۇسۇلمانلار شەھىرى» (回城) دەپ ئاتالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، «يېڭى شەھەر» بىلەن «كونا شەھەر» لەر ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك مال ئالماشتۇرىدىغان بازار تەسىس قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتى توغرىسىدا توختالغاندا، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ

قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ قورغانلىقنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى رەتلەنگەن، بازار - رەستىلەر، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك مۇلازىمەت ئورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، شەھەر قىياپىتى يېڭىلانغان. بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىسىمۇ تېزدىن كۆپەيگەن. مۇشۇ مەزگىلدە ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەر ئوتتۇرىسىغا ئېلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان مەركىزىي ئورۇنغا ئايلانغان ۋە «ھېيتگاھ جامەسى» دەپ ئاتالغان. شەھەر سېپىل ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، تۆت دەرۋازا قويۇلغان. شەھەرنىڭ شەرقىدىكى «تۆشۈك دەرۋازا» دەپ ئاتىلىدىغان دەرۋاسىغا شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن نورۇز كاتىپنىڭ بۇ شەھەر ۋە شەھەر سېپىلىغا ئاتاپ يازغان شېئىرى ئويۇلغان ئىدى.

ياقۇپبەگ دەۋرىدە قەشقەرنىڭ بىناكارلىق، شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرى يەنە بىر ئىزدا توختاپ قالغان. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن مال - دۇنيا توپلاش، تېخىمۇ كۆپ يەرلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن، باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساقنى كۆپەيتىپ خەلقنى نامراتلىقتا قالدۇرغان. روشەنكى، بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي ئىقتىسادنى ئومۇميۈزلۈك ئارقىغا چېكىندۈرۈۋەتكەن.

ياقۇپ بەگ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ۋە ئۆزىنى بىر تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن مازارلارنى قايتىدىن ياساتقان ۋە كېڭەيتىپ رېمونت قىلدۇرغان. قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا مازىرى، يەكەندىكى چىلتەن مازار، خوتەندىكى قوشقار ئاتام مازىرى . . . قاتارلىق نۇرغۇن مەسچىت، مازارلارغا پۇل، ۋەخپە يەر ۋە باشقا مال -

مۇلۇكلەرنى ئىگىلىۋالغان. خوتەندە نەچچە يۈز كىشى بىر ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىغان «جامە مەسچىتى» ياساشقا پەرمان چۈشۈرگەن. بۇ مەسچىتكە ئىشلەتكەن توغراق ياغىچىنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىن تاللاپ كېسىپ، توشۇپ كېلىش ئۈچۈنلا ئۈچ يىل ۋاقىت كەتكەن. بۇ ۋەقە توغرىسىدا شۇ دەۋردە خوتەندە مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان: «ياقۇپ بەگنىڭ ئاۋام خەلققە سالغان زۇلۇمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، نۇرغۇن كىشىلەر يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئۆكسۈپ قېلىپ، باج تۆلەيدىغان ئادەم قالمىغان. شۇ چاغدا بىر كىشى ياقۇپ بەگكە خوتەن خەلقى بەك مۇسۇلمانچىلىقتا بەك تەقۋادار. ئەگەر سىز كۆپلەپ مەسچىت قۇرۇپ، مازارلارنى رېمونت قىلدۇرسىڭىز ئۇلارنى جەلپ قىلالايسىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ خوتەننىڭ ھاكىمى بېگى نىياز بەگكە جايلاردىكى مازارلارنى رېمونت قىلىپ، مەسچىتلەرنى كۆپلەپ ياساپ چىقىشنى بۇيرۇغان. خوتەندىكى «جامە مەسچىتى» مۇ دەل مۇشۇ چاغدا ياسالغان. ئاقسۇ، قەشقەر، يېڭىسار، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ياقۇپ بەگ قوشۇنى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان مەكتەپ، مەدرىس، مەسچىتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن①. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ جايلاردىكى داڭلىق تامچى، نەققاش، ياغاچچى ۋە سىرچىلارنى يىغىپ، يېڭىشەھەرگە ئۆزى ئۈچۈن كاتتا ئوردا ياسىتقان. مەنبەلەردە بۇ ئوردا توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە بار: «بۇ شەھەر (قەشقەر) نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل دەرياسىغا ياغاچتىن كۆۋرۈك ياسالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە كۆركەم ۋە ئازادە ئىمارەت يوق دېيەرلىك. ئەمىرنىڭ (ياقۇپ بەگنى دېمەكچى)

① لىۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (خەنزۇچە)، 2 - كىتاب، 261-، 262-، 264 - بەتلەر.

ئوردىسى شەھەرگە بەش مىل كېلىدىغان يېڭى شەھەرگە جايلاشقان. ئوردىنىڭ ئۆزى قاتمۇ - قات ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان ناھايىتى سۈرلۈك بىر ھەربىي قەلئە بولۇپ، تاشقىرىقى ھويلىدا ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى تۇراتتى. ئەڭ ئىچكىرىكى ھويلا باشقا ئىمارەتلەردىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ يەر ھۆكۈمراننىڭ (ياقۇپ بەگنىڭ) ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇرىدىغان ھەرەمخانا ئىدى. قوبۇلخانا بۇ ئىمارەتلەر بىلەن تۇتاش بولۇپ، تەنتەنە بىلەن كۆتىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان چەت ئەللىك مېھمانلارنى ھۆكۈمران مۇشۇ جايدا قوبۇل قىلاتتى».

يۇقىرىقى بابلاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولغان، يەكەن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ھەرقايسى جەھەتلەردىن تېخىمۇ كۆلەملىشىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن بىناكارلىق ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلگەندى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر بىناكارلىقى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ تەرىپى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈم سۈرگەن بەگ-خوجىلارنىڭ ئولتۇراق جايلىرىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، نامرات پۇقرالارنىڭ ئولتۇراق جايلىرى يەنىلا «پاكار، كونا» ھالەتتە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق خېلىلا روشەن بولغاچقا، بۇ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىدە بەكرەك ئەكس ئەتكەنىدى. ھەشەمەتلىك قورا - جاي بۇ دەۋردىكى بەگ - خوجىلارنىڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازىنىڭ بىردىنبىر ئىپادىسى ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئادەتتە يۇرتنىڭ چوڭ - كىچىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش ۋە لايىھىلەشكە ئىشتىراك قىلىسمۇ، ھەممىدىن بەكرەك ئۆز تۇرالغۇ جايىنىڭ كۆلىمىنى ئاشۇرۇپ، ئايۋان ـ سارايلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلاتتى.

ئەينى دەۋردىكى خوتەننىڭ ھاكىمبېگى نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى «تارىخىي ھەمىدى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«نىياز ھېكىمبەگ خوتەندىكى پۈتۈن ئۇلۇغ مازار، مەسچىت، خانىقالارنىڭ پەشتاقلىرىنى بۇزۇپ، قايتىدىن ياساتتى. شەھەر ئىچىدىكى جامە، ھېيتگاھ، مەھەللە مەسچىتلىرىنى پۇختا خىش ۋە گەج بىلەن زىننەتلەپ ياستىپ چىقتى. خوتەنگە تەۋە ئۆتەڭ مەنزىللەرگە كۆل كولاپ، قۇدۇق قېزىپ، توققۇز گۈمبەزلىك مەسچىت، مېھمانخانا، ئاشخانا ۋە ئاتخانىلارنى بىنا قىلىپ، ئادەملەرنى ئولتۇرغۇزۇپ ئاۋات قىلدى. نىياز ھېكىمبەگ پۇختا خىشلار بىلەن ئون ئىككى يەردە ئوردا ئىمارەت، كەڭرى باغ، كاتتا كۆل بىنا قىلدۇردى. ئالاھىدە بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «جىكەتلىك ئوردا» دەپ ئات قويدى. ئىككى تاغار ئۇرۇق چاچقۇدەك يەرنى نەيزە بويى كولاپ توپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ ئەتراپىغا ئېگىز قورۇق تام سالدى. شۇ باغنىڭ چوڭلۇقىدا يىپەكتىن تور توقۇتتى. ئېگىز تۈۋرۈكلەرنى قاداپ ئۇ تۈۋرۈكتىن بۇ تۈۋرۈككە يىپەك تاناپ ئارغامچىلارنى تارتىپ ئۈستىنى يىپەك تور بىلەن ياپتۇردى. رەندە ـ پەرەندە، تۆت ئاياغ، ئۇچار قانات، ياۋايى ھايۋان، ئۆي ھايۋانلىرى دەپ ئايرىماي پۈتۈن جان ـ جانىۋارلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىپ كېلىپ مەزكۇر باغنىڭ ئىچىگە سولىدى. مېۋىلىك، مېۋىسىز، باغدىكى، جاڭگالدىكى، چۆلدىكى يا يۇرتتىكى دەپ ئايرىماي، گۈل ـ گىياھ ئوت-

ئۆسۈملۈكلەرنى باغنىڭ ئىچىگە كۆچەت قىلىپ تىكتۈردى»①. مۇشۇ دەۋردە يەنە پىچاندىكى لۈكچۈن دۆلەتباغ بىنا قىلىنغان. ئۆز زامانىسىنىڭ شائىرى قۇسۇرى (ئەخمەت خوجام نىياز ئوغلى قۇسۇرى) بۇ باغنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

كۆرگەن ئەل باغى ئەرەم دەر لالىزارىنى كۆرۈپ،
سەددىي ئىسكەندەر كەبى ئالى ھىسارىنى كۆرۈپ.
مېۋىلەر بولمىش بۇ باغ ئىچرە نەھايەتسىز سۈچۈك،
كۆرگەن ئەل بولغاي يېمەكلىككە بوۋىلاردەك يۈرۈك.
ھەر تەرەپ ئەنجىرۇ رەڭگارەڭ، شاپتۇلا - ئۆرۈك.
با شەنگان ئىچرە دۇر قوغۇن، چىلەە، تاربۇزلار چۈرۈك.
خوبلار رۇخسارىدېك ئالما - ئانارى ئۆزگىچە.

مانا شۇنداق گۈزەل باغ ئىچىدە مۇھەممەت ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئوردىسى بار ئىدى:

ئۆگزىلەر ئۆتسە رەۋاقى چەرخى تاقىدىن ئېشىپ،
قۇببەئى ئايۋانى ئاي بىرلە قۇياشقا ياندىشىپ،
ئۈستىدە گۈل مىخلىرى يۇلتۇز مەسەللىك ئورناشىپ،
ھەر ياغاچ ئۈستىدە گۈللەر بەرگى بىرلە چىرماشىپ،
ھەۋزى كەۋسەردېك ئىچىدە ئابىجارى ئۆزگىچە.②.

دېمەك، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئوردىسىمۇ باغ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ياسالغان ھەيۋەتلىك ۋە نەقىش - بېزەكلىرى مول بىر كاتتا قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭدىن چىك

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، 346 - بەت.
② قۇسۇرى: «رەۋزەتتۇ زۇرا» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.

سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگ - خوجىلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلقنى دىن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، دىنىي خۇراپاتلىقنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەن. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن قالغان سوپىزملىق ئىدىيىسى كۈچىيىۋاتقان مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەركىدۇنيالىق، خۇراپاتلىق ۋە مازارغا تاۋاپ قىلىش - چوقۇنۇشتەك دىنىي ئەسەبىيلىكتە ئۇچىغا چىققان نادانلىق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، نۇرغۇن مازار، خانىقا، مەسچىتلەر ياسالغان، قايتا ياسالغان، رېمونت قىلىنغان ۋە كېڭەيتىپ ياسالغان. بۇ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىنى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى مەلۇم توسالغۇلارغا ئۇچراتقان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى بىناكارلىقنى ئازدۇر - كۆپتۇر تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن.

موللا مۇسا سايرامى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەتتە شەھەردە ھاممام يوق ئىدى (موللا مۇسا سايرامىنىڭ بۇ دېگىنى توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ھاممامدا يۇيۇنغان — ئا). ئاتىلىق غازى يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلاردا ھاممام بىنا قىلدۇردى. شەھەر - شەھەرلەردىكى ئەمەلدارلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇستا بېشىلارنى تەيىنلەپ بۇ يەتتە شەھەر دائىرىسىدىكى ئۇلۇغ مازارلارنىڭ سەھنىلىرىنى كېڭەيتىپ، بىنالىرىنى يېڭىۋاشتىن ياستىپ چىقتى. مەسچىت، خانىقالارنىڭ پەشتاقلىرىنى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ كاھىش، گۈللۈك خىشلار بىلەن زىننەتلەپ، گۈل نەقىشلەرنى چىقىرىپ جۇلالىق قىلىپ ياساتتى. شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت ۋە خانىقالارنىڭ كۆپچىلىكىنى پۇختا مۇستەھكەم خىشلار بىلەن قايتا

رىمۇنت قىلدۇردى. يوللاردىكى مەنزىل ئۆتەڭلەرگە پۇختا خىشلار بىلەن ئالىي گۈزەل ئىمارەتلەرنى ياسىتىپ، قورغان ۋە چۇشكۇنخانىلارنى بىنا قىلدى. شۇ جۈملىدىن قەشقەردىكى ھەزرىتى ئاپاق خوجا يەنى ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ مازار، خانىقا، مەسچىتلىرىنى ياساتتى. خۇسۇسەن گۈمبەزلىرىنى بۇزۇپ كېڭەيتىپ پۇختا خىش، گۈزەل كاھىشلار بىلەن قايتىدىن گۈمبەز بىنا قىلدى. بۇ يەتتە شەھەردە بەلكى موغۇلىستان ئۆلكىسىدە بۇنداق ئالىي گۈمبەز ھېچ زاماندا ياسالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەممە شەھەرلەردىكى مەسچىت، خانىقا، پەشتاقلارنى ياساپ پۇختا، مۇستەھكەم قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن قەرنە - قەرنە (بىر قەرنە ئوتتۇز يىل) زامانلارغىچە بۇزۇلماسلىقى، شۇنداق مۇستەھكەم تۇرۇشى مۇمكىن»[1].

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا توختالغاندا، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، ئاپپاق خوجا مازىرى، قۇمۇل ۋاڭلىقى[2]. ئوردىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئاپاق خوجا مازىرى

ئاپاق خوجا مازىرى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يەنى مىلادى 1640 - يىلى ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپنى دەپنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ياسىلىشقا باشلىغان. 1679 - يىلى ئاپاق خوجا دادىسىنىڭ مازىرىنى

---


① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، 309 - بەت.
② قۇمۇل ۋاڭلىقىدىكى تۇنجى ۋاڭ ئەبەيدۇللا تارخانبەگ بولۇپ، 1697 - يىلى تەختكە ئولتۇرغان. ئاندىن گۇپا بەگ، ئىمىن ۋاڭ، يۇسۇپ ۋاڭ، ئىسھاق ۋاڭ، ئەردىشىر ۋاڭ، بېشىر ۋاڭ، مېھرىبانۇ ۋاڭ، شامەخسۇت ۋاڭ قاتارلىق كىشىلەر ھوقۇق تۇتۇپ 1930 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن

ياسىتىش نامى بىلەن مازارنى كېڭەيتىپ غەربىي شىمال تەرىپىگە ئېتىكاپخانا ۋە مەسچىت، غەربىي جەنۇب تەرىپىگە چوڭ دەرۋازا ۋە خانىقا ياساتقان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن چيەنلوڭ خان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مازار قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ رېمونت قىلدۇرغان. 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا ياقۇپبەگ ئىككىنچى قېتىم رېمونت قىلدۇرۇپ چوڭ مەسچىتنى كېڭەيتىپ ياساتقان، كىچىك مەسچىتنى قايتا ياساتقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپاق خوجا مازىرى بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ ئۇسلۇبى ۋە كۆلىمىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان[1].

ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم ياسالغان ۋە رەڭلىك كاھىش بىلەن بېزەلگەن. دەۋازىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى 1m ئېگىزلىكتىكى سۇپا ئۈستىگە چوڭ مەسچىت ياسالغان. تۈۋرۈكلىرىدىكى ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىش ئويمىلار، ھاراق، لىم ۋە جەگىلىرىدىكى نەقىش نۇسخىلىرى ۋە ھەر خىل مەنزىرە رەسىملىرى، تاملىرىدىكى گەج ئويما نەقىش ۋە خىش ئويمىلار، دېرىزىلىرىدىكى ياغاچ پەنجىرىلىرىمۇ بىر - بىرىدىن نەپىس ۋە كۆركەم ئىشلەنگەن. مەسچىتنىڭ ئىچكەركى زالى ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسچىتنىڭ ئىككى تەرىپىگە مەنزىرە مۇنارى ياسالغان بولۇپ ئىنتايىن كۆركەم ۋە نەپىس. ئاپاق خوجا مازىرى مازاردىكى ئىمارەتلەر ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ، ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تۇرۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. شەرق تەرىپىگە قارىتىپ ئېگىز پەشتاقلىق ئىشىك قويۇلغان. قالغان

---

① ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.



58 ـ رەسىم — ئاپاق خوجا مازىرى

ئۈچ تەرىپىگە پەنجىرىلىك دېرىزە ئورنىتىلغان. تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان. غەربىي شىمال بۇرجىكىگە سىرتىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي، قالغان ئۈچ تەرىپىگە ئىچىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ياسالغان. پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئارىلىققا ۋە ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. ئوتتۇرىدىكى گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 26. 5m دىئامېتىرى 16m بولۇپ، تۆت ئەگمە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان. سىرتقى تام يۈزى كۆك، يېشىل، توق سېرىق ۋە ئاق رەڭدىكى نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەن رەڭلىك كاهىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




بىلەن بېزەلگەن. گۇمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان بولۇپ بۇ كاھىشلارنىڭ نەقىش نۇسخىسىلا يەتمىش خىلدىن ئاشىدۇ.

## سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، 1778 ـ يىلى ياسالغان، خىش قۇرۇلمىلىق. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 36.35m ، ئاستىنقى قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 11.5m ، ئۈستىنىڭ دىئامېتىرى 3.8m كېلىدۇ. مۇنار ئىچىدىكى يەتمىش ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەي ئارقىلىق مۇنار ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. مۇنارغا ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىك ۋە يۆنىلىشتە ئون تۆت پەنجىرە قويۇلغان، خىشلارنى جىپسىلاشتۇرۇپ تىزىش ئارقىلىق ئون بەش خىل نەقىش چىقىرىلغان. مۇنارغا يانداپ مەسچىت ياسالغان بولۇپ، كۆلىمى $2300m^2$ كېلىدۇ.

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى شىنجاڭدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىردىن بىر تارىخىي خاتىرە مۇنارى بولۇپ، تۇرپان ۋاڭى سۇلايمان دادىسى ئىمىن خوجىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياساتقان. ئۇنىڭ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىناكار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىر داۋام قىلىپ كەلگەن قەبرىگاھ قۇرۇلۇش شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇنى ھەيۋەتلىك مۇنار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي خاتىرىلەش تۈسىنى ياراتقان. مۇنار پۈتۈن مازار قۇرۇلۇشىنىڭ ھەيۋەتلىك، مەڭگۈلۈك ۋە ئۇلۇغ سىماسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرە ئىمارەت ياساش تارىخىدا يېڭىلىق ياراتقان (59 ـ رەسىم).



59 ـ رەسىم — سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى

تۈزىتىش: دىققەتسىزلىكتىن 284 - بەتتىكى رەسىم تەتۈر بېسىلىپ
قالغان. توغرىسى: مۇنار سول تەرەپتە، دەرۋازا ئوڭ تەرەپتە.


www.uyghurkitap.com



## قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر
ئىمارەت قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدۇر.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئارىتام، باغداش
ۋە قۇمۇل شەھەر ئىچىدە كاتتا ئوردا - ئىمارەتلىرى بولغان.
قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى ئوردا جەمئىي سەككىز يۈز ئېغىز
ئۆيدىن تەركىب تاپقان زور كۆلەمدىكى كاتتا قۇرۇلۇش بولۇپ،
3m ئېگىزلىكتىكى خاڭداپ ياسالغان سۇپا ئۈستىگە ياسالغان.
شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى (ئوردا قوۋۇقى) دىن كىرىپ
شەرققە بۇرۇلۇپ توققۇز ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن
ۋاڭ راۋىقى (ئوردا سارىيى) غا بارىدۇ. ئوردا سۇپىسىغا سەككىز
باسقۇچلۇق پەلەمپەي بىلەن چىقسا ئۈستى ئوچۇق زال بار ئىدى.
زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوردا نۆكەرلىرى تۇرىدىغان ئالتە ئېغىز
ئۆي بولۇپ، زالدىن ئۆتسە ئۈچ قاتار قىرىق باسقۇچلۇق
پەلەمپەي بار. ئوتتۇرىدىكى پەلەمپەي كەڭرەك بولۇپ، ئۇنىڭدا
مەخسۇس ۋاڭ ماڭاتتى. ئىككى تەرەپتىكى پەلەمپەيدە ئوردا
ئەمەلدارلىرى ماڭاتتى. پەلەمپەيدىن چىقسا «قاراڭغۇ دالان»
(چوڭ زال) غا كىرەتتى. بۇ يەردىن ئۆتسە «كۈننىڭ شەرقتىن
كۆتۈرۈلۈشى»، «يولۋاسنىڭ داۋانغا سەكرىشى» ناملىق
رەسىملەر سىزىلغان بىر توسما تام بار. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە
سەككىز باسقۇچلۇق گۈللۈك تاش پەلەمپەي بولۇپ، بۇ يەردىن
ئۆتۈپ زەمبىرەك سۇپىسىغا بارغىلى بولاتتى. زەمبىرەك
سۇپىسىدىن چۈشۈپ ئۇزۇن كارىدور بىلەن مېڭىپ ۋاڭنىڭ
تەختى جايلاشقان سارايغا بارغىلى، بۇ يەردىن ۋاڭلىق خەزىنە،
ۋاڭلىق مەسچىت قاتارلىقلارغا بارغىلى بولىدۇ. ئوردا ئىچىدە
يەنە ئوردا كۇتۇپخانىسى، ئاشلىق ئامبىرى ۋە ئوردا

ئەمەلدارلىرى ئۇچۇن ياسالغان يەنە بىر مەسچىت بار[①] (60-رەسىم).



60 - رەسىم — قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى
(رەسىمنى جاڭ شىڭيى سىزغان)

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچىنى تارىلىغاندىن كېيىن ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

① ئايشەم ئەخمەت: «قۇمۇل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل.

www.uyghurkitap.com



ۋە راۋاجلاندۇرۇش، چېگرا رايونىنىڭ تىنچلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، تارىختىكى «بوز يەر ئېچىپ، چېگرىنى قوغداش» ئەنئەنىسى بويىچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىن ھەربىي ۋە پۇقرالارنى تۈركۈملەپ يۆتكەپ چىقىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان[①]. ئىچكى جايلاردىن شىنجاڭغا كۆچۈپ چىققان خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا دېھقانلاردىن باشقا يەنە تامچى، كاھىشچى، خۇمدانچى، تاشچى، تۈگمەنچى ... قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرمۇ بار ئىدى. دېمەك، ئۇلار ئىچكى جايلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تېخنىكىسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەنىدى.

بىزگە مەلۇمكى، ئىچكى جايلاردىكى خۇيزۇلار تارىختىن بۇيان خەنزۇلار بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى، ئېتىكا ئەخلاقى ۋە ئۆرپ - ئادىتىدە خۇاشىيا مەدەنىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئوخشاشلىق خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. مانا شۇنداق زەنجىرسىمان مۇناسىۋەت ئارقىلىق خەنزۇلارنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى خۇيزۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلى، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق جايلىرىدا ياسالغان خۇيزۇ مەسچىتلىرى ۋە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرى خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ياغاچ - توپا قۇرۇلمىلىق بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ

---

① «شىنجاڭ تارىخىدىن سوئال - جاۋابلار»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 166 - بەت.

تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غۇلجىدا ياسالغان سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى، مەدرىس، ئۈرۈمچىدىكى تاتار مەسچىتى (ياڭخاڭ مەسچىتى)، قۇمۇلدىكى شاھ مەخسۇت ۋاڭ مازىرى قاتارلىقلار ئىچكى جايلارنىڭ ئارامگاھ راۋىقى شەكلىدىكى قورۇلۇشلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا ياسالغان.



61- رەسىم — قۇمۇلدىكى شاھ مەخسۇت ۋاڭ قەبرىگاھى



62- رەسىم — غۇلجىدىكى سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى

بۇ دەۋردە شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىمۇ زور دەرىجىدە كېڭەيگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلار - ئەسكەرلەرنى ۋە زور تۇركۇمدىكى خەنزۇ ئاھالىلىرىنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرگە يانداپ يېڭىدىن قورغان - قەلئەلەرنى ياسىدى. بۇلار «خەنچېڭ» دەپ ئاتالدى. ئەسلى بار بولغان شەھەرلەر «كونا شەھەر» ياكى «خۇيچېڭ» دەپ ئاتالدى. ئىككى شەھەر ئاھالىسىنىڭ سودا - سېتىق قىلىشى ئۈچۈن يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەر ئارىلىقىدا مەخسۇس «بازار» تەسىس قىلىنغانىدى①. «ئەبەيدۇللانىڭ قۇمۇل شەھىرىنى سالدۇرغانلىقى ھەققىدىكى ئابىدە» دە خاتىرىلىنىشىچە، قۇمۇلنىڭ شۇ چاغدىكى شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن مەخسۇس تېخنىكلار

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1 - كىتاب، 380 - بەت.

تەكلىپ قىلىنغان، ئابىدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شانۇ شەۋكەتلىك ئاللانىڭ نامى بىلەن، سەلتەنەت ئىگىسى، ئادالەتپەرۋەر، جەمشىد كەبى ئەبەيدۇللا بەگ، ئاللا تائالا ئۇنى ئىككى ئالەمدە ئامان قىلسۇن! بېيجىڭ خانىدىن خەنزۇ ئۇستىلارنى تىلەپ ئېلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە شەھەرنىڭ زىننىتى ئۈچۈن بۇ ئالىي ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدى. ھىجرىيە 1118 - يىلى»① (بۇ مىلادى 1706 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىلىدىكى توققۇز شەھەرمۇ مۇشۇ دەۋردە بىنا قىلىنغان بولۇپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىچكى جايلارنىڭ ئۇستىلىرى قاتناشقان. مەسىلەن، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «يېڭى شەھەر (سۈيدۈڭ) بىلەن ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ ئارىلىقى ئاشلىق توشۇشقىمۇ ئەپلىك، چىقىدىغان كۆمۈر قاتارلىق يېقىلغۇلىرىمۇ يېتەرلىك. كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئەسكەر يۆتكەپ شەھەر سېلىشقا تۇتۇش قىلساق ... ھازىر قوشۇن ئابرال تېغىغا چارۋا بېقىش ۋە ياغاچ كېسىشكە ئەۋەتىلدى. ئەسۋاب - سايمان ياساشقا ئىچكىرىدىن ئۇستىلار ئەۋەتىلسە... غۇلجا شەھىرىنىڭ مەھكىمە بىنالىرى ۋە گازارمىلىرىنى سېلىشقا يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىن مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىلسە، 3 يىلدا پۈتتۈرمەكچى» دېيىلگەن. خۈييۈەن (كۈرە) شەھىرى بىنا قىلىنغاندىن كېيىن چيەنلوڭ خان مۇشۇ نام (خۈييۈەن) نى قويۇپ بەرگەن②.

كۈرە قەلئەسى 1763 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئىدى. كۈرە

① بۇ ئابىدە ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ كۆرگەزمە زالىدا ساقلانماقتا.
② ۋېي چاڭخۇڭ: «ئىلىدىكى توققۇز شەھەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 - يىل، 2 - سان.

www.uyghurkitap.com



قەلئەسى ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغاندا سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى ئون ئىككى چاقىرىم، ئېگىزلىكى 7.5m، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 4m كېلەتتى. قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ قەۋەتلىك بىر راۋاق ياسالغان. راۋاقنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىر كىشىلىك بالىخانا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە جاڭ يەنە بىر تەرىپىگە دۇمباق ئېسىلغان (جاڭ بىلەن دۇمباق خەۋەرلىشىش ۋاستىسى ئىدى). شۇڭا بۇ راۋاق ھېلىمۇ «دۇمباق راۋىقى» (بەزىلەر قوڭغۇراق راۋىقى دەپمۇ ئاتايدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ.

## خۇلاسە

شىنجاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىناكارلىقى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق شەكلى تەسىر كۆرسەتكەن. يەنى، راۋاق شەكلىدىكى بىنالار شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى قۇرۇلۇشلىرىدا كەڭ كۆلەملىك قوللىنىلغان.

2. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى جەھەتتە خىش، كاھىشچىلىق تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭغا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ماتېرىيالچىلىق تېخنىكىسىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

3. شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقى سەۋەبىدىن شەھەرلەرنى سېپىل ئىچىگە ئېلىش، قورغان، قەلئە بىنا قىلىش ئەۋج ئالغان.

4. كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەردىن يېزىلارغىچە بازارلار كۆپەيگەن. بۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن يېڭى دۇكان-سارايلار، رەستە-مەيدانلار بىنا بولغان، شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىمۇ ماس قەدەمدە كېڭەيگەن.

5. بۇ دەۋردىكى چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، دىن ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە دىنىي قۇرۇلۇشلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. بولۇپمۇ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن سوپىزملىق ئىدىيىسى كىشىلەرنى مازار بىنا قىلىشقا مەجبۇر قىلغان.

6. زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن.

7. ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى كۆركەملەشكەن. بولۇپمۇ ئىمارەتنىڭ ئالدى يۈزىگە چاسا شەكىللىك تەكچە، ئىچىگە پېتىنقى ھالەتتىكى مېھرابچە شەكىللەرنى چۈشۈرۈش، خىش تىزما نەقىشلەرنى مۇنارلارغا كۆچۈرۈپ ئىشلىتىش، ئىمارەتنىڭ سىرتقى يۈزىگە رەڭلىك كاھىش چاپلاش قاتارلىق ئامىللار ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تېخىمۇ يېڭى تۈس بەرگەن.

8. ھويلا ـ ئارامىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ قورۇق تاملىرى ۋە دەرۋازىلىرى ئېگىز ھەم پۇختا ياسىلىدىغان بولغان. بۇ شۇ دەۋردىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

# ئىككىنچى باب
# شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى بىناكارلىقى

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگودا تەسىر دائىرىلىرىنى كېڭەيتىش ۋە جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىنتايىن چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكتىن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. روشەنكى، بۇ ئەھۋال خەلق تۇرمۇشىغىمۇ ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ئىقتىساد ئارقىغا چېكىنگەن، تۇرمۇش خاتىرجەملىكى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان بۇنداق ئەھۋالدا بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى بىناكارلىق تەرەققىياتىدا چەتنىڭ تەسىرى تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ روسىيىلىك بىناكارلار ئىلى، ئۈرۈمچى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ كونسۇلخانا بىنالىرىنى ياساشقا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. جۈملىدىن شۇ دەۋردە بىنا قىلىنغان شىنجاڭ شۆيۈەنىدىكى «قىزىل بىنا» (1996 - يىلى چېقىۋېتىلدى)، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى» بىناسى، «دۇبەن مەھكىمىسى» بىناسى (بۇ بىنا 1997 - يىلى

چېقىۋېتىلدى) قاتارلىق بىنالارنى لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش ئىشلىرىنى روسىيە تېخنىكلىرى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن.

«8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» (1933 - يىلى ياسالغان)، ئۈرۈمچى ئۇن زاۋۇتى (1936 — 1939 - يىل)، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى (1936 - يىل)، ئاق مەسچىت (1924- يىل)، دۆڭكۆۋرۈك مەسچىتى (1929 - يىل) قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئۈرۈمچىدىكى ئەينى دەۋردىن قالغان تىپىك قۇرۇلۇشلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلاردا ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن خەنزۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە ياۋروپاچە بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئارىلاش قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە.

1935 - يىلى غۇلجىدا شەھەر رايونى خەرىتىسى ئىشلەنگەن، غۇلجا شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى، ئايرودروم، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىلال ئاي دوختۇرخانا بىناسى، كۆككۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى تاماملانغان؛ 1937 - يىلى ئۇن زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1939 - يىلى شەھەر بويىچە بىر يۈز يىگىرمە سەككىز ئېغىز دۇكان، ئىككى يۈز ئەللىك بەش ئېغىز تۇرالغۇ ئۆي، يىگىرمە تۆت ئېغىز ئىشخانا بىناسى، سەككىز كۆۋرۈك ياسالغان.

مىنگو دەۋرىدە غۇلجىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياۋروپانىڭ، بولۇپمۇ روسلارنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى قوبۇل قىلىنغان. روسىيە بىلەن غۇلجىنىڭ ھاۋا كىلىماتى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق بىناكارلىق قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، ئىشىك لەمپىسى، دېرىزە قاپقىقى ۋە قار - يامغۇر سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاستىلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭغا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوچۇق، خۇشخۇي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




جەسۇر پىشخىكىسى سىگدۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى ھەمدە قېنىق بېزەك ـ نەقىشلەر قوشۇلۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە بىناكارلىق ئۇسلۇبى شەكىللەنگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ـ مەدەنىيەت مەركىزى بىناسى، «خەيرىيە مەكتەپ» بىناسى (1934 ــ 1935 ـ يىللىرى ياسالغان)، ئۆزبېك مەسچىتى قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردا بۇ خىل ئالاھىدىلىك تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن.

شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىرى خېلى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە گوما ناھىيىسىنىڭ قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدىكى تۇردى ھاجىم ھويلىسى1929ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، كۆلەم، قۇرۇلما، لايىھە ۋە نەقىش ـ بېزەك جەھەتتە ئالاھىدە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ قالغان. بۇ تۇرالغۇنىڭ ئىمارەت گەۋدىسى قەسىر شەكلىدە بولۇپ، ئاساسلىق گەۋدىسى توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق تاملىرىنىڭ كۆپ قىسمى يۇلغۇن شېخىدا قوشاملىق قىلىپ ياسالغان، ئىككى ئايۋان، ئىككى مېھمانخانا، تۆت ئېغىز مەخسۇس ياتاق ئۆي، دەھلىز ئاشخانا، قازناق قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئون تۆت ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. تاملىرىنىڭ سىرتى سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغان، ئىچى سېغىز لاي سۇۋاق ئۈستىدىن گەج ۋە تۇخۇم ئېقى بىلەن ئاقارتىلغان. تام، تەكچە، مورا بېشى قاتارلىق جايلار ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. ئالدى مېھمانخانىنىڭ تاملىرىغا ئايەتلەر ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. ئوتتۇرا ئايۋاننىڭ تۆت تېمى رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. ئوڭ تەرەپ غەربىي

ھوجرىسىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا مەزكۇر قورۇنىڭ لايىھىسى سىزىلغان، توساق پەنجىرىلىرى ھەر خىل نۇسخىدا بەكمۇ چىرايلىق ياسالغان. بۇ ئورۇن ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

1940 ـ يىلى بورتالادا بىر مۇنار ياسالغان. كۆك خىش، گەج، ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسالغان بۇ مۇنارنىڭ ئۇلىدىن بىرىنچى قەۋەتتىگىچە تۆت چاسا، ئابيومى 7.5m×7.5m بولۇپ، مۇنار گەۋدىسى يۇمىلاق، ئېگىزلىكى 35m ، ئۈستىدىكى پەشتىقى 2.1m ئېگىزلىكتىكى ياغاچ رىشاتكا ئېچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئون ئادەم بىمالال ھەرىكەت قىلالايدۇ. مۇنار چوققىسىغا ھىلال ئاي بەلگىسى ئورنىتىلغان قۇببە بېكىتىلگەن. مۇنار ئىچىگە يەتمىش ئىككى باسقۇچلۇق ياغاچ پەلەمپەي ياسالغان. ئەخمەتجان قاسىمى 1947 ـ يىلى بورتالاغا كەلگەندە بۇ مۇنارنى كۆرۈپ، مۇنارنى لايىھىلىگەن ۋە ياساشقا يېتەكچىلىك قىلغان ھەسەن ئاخۇن، ھاشىم قاسىم قاتارلىق ئۇستىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا تون كىيگۈزگەن ۋە ھەر بىرىگە بەش يۈز سوم پۇل، بىردىن گىلەم، چاي قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلغان ھەمدە ئۇلاردىن خەلققە يارامىلىق ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلغان.

بورتالا مەسچىتى مۇنارىنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى ۋە شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىن ھەمدە ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىلغان. ئەينى دەۋردە بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسلۇبى شىمالىي شىنجاڭنىڭ غۇلجا، چۆچەك، بورتالا، قورغاس قاتارلىق جايلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنىدى ( 63 ـ رەسىمگە قاراڭ) .



63 ـ رەسىم — بورتالا مەسچىتىنىڭ مۇنارى (1966 ـ يىلى ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلگەن

# ئۈچىنچى باب
# ئازادلىقتىن بۇيانقى ئۇيغۇر بىناكار-لىقىنىڭ تەرەققىياتى

ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق كەسپى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە 1949 - يىلى شىنجاڭدا بىناكارلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانى 3000 گىمۇ يەتمەيتتى. 1950 - يىلى ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش نازارىتى «سانائەت نازارىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇردى ۋە 1953 - يىلىدىن باشلاپ سىمونت ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى. شۇ يىلى قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە، قۇرۇلۇش كۆلىمى $17,000m^2$ كېلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىناسى ياسالدى (بۇ بىنا 2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چېقىۋېتىلدى). شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، مەزكۇر ئەترەتنىڭ كەسپىي خادىملىرى تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ قاراشەھەر، كۇچا، شايار، توقسۇ، باي، ئونسۇ، ئاتۇش، قەشقەر، گۇما، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆي، قەدىمكى شەھەر، قەدىمكى ئىز - خارابىلەر، مازار، قەدىمكى قەبرستانلىق ۋە تۇرلارنى تەكشۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر بىناكارلىق، شەھەر قۇرۇلۇش، ماتېرىيالچىلىق ۋە باشقا ساھەلىرىنىڭ تەرەققىيات

www.uyghurkitap.com



ئەھۋالىنى ئىگىلەپ نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىدى. 1955 ـ يىلى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى قوللىنىلغان خەلق تىياتىرى بىناسى ياسىلىشقا باشلاپ، 1956 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پۈتكۈزۈلدى. 1964 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ تېخنىكى ئۇيغۇر نەققاش ئابلا ئىبراھىم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. 1977 ـ يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتىدا بىناكارلىق فاكۇلتېتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۆزى تەربىيىلىگەن بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپىي خادىملىرى يېتىشىپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناشقا باشلىدى. 1982ـ يىلى ئۈرۈمچىدە قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە «مىللىي شىپاخانا» بىناسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، غەرب ياۋروپا بىناكارلىق مۇتەخەسسىسلىرى، دۇنيا «ئاكاغان بىناكارلىق فوندى جەمئىيىتى»، «بىناكارلىق مۇكاپاتى جەمئىيىتى» ئەزالىرى دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئىدارىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمىي ئىمارەتلەرنى تەكشۈردى. 12 ـ ئايدا، ياپونىيە بىناكارلىق تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ساياھەت ئۆمىكى جۇڭگو بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىمارەت ۋە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. 1983 ـ يىلى گوۋۇيۈەن زوڭلىسى جاۋ زىياڭ تۇرپاننى كۆزدىن كەچۈرگەندە تۇرپان مېھمانخانىسىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ماختاپ: «مەملىكىتىمىزدە ئەللىك نەچچە مىللەت بار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، شۇڭا، بىز

سىياسىي جەھەتتە بىرلىكنى تەكىتلەپ، بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ كۆپ خىل شەكىللەر بويىچە تەرەققىي قىلىشىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. تۇرپان مېھمانخانىسى بىناسى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ناھايىتى ياخشى نامايان قىپتۇ» دېگەن. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە «ياش ئۇسمۇرلەر سارىيى» بىناسى قۇرۇلۇش باشلاپ مىللىي ئۇسلۇبتا ئىنتايىن كۆركەم قىلىپ ياسالدى. بۇلار مىللىي ئۇسلۇب بىر قەدەر ياخشى گەۋدىلەندۇرۇلگەن، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق شەكىللىرى كۆپرەك قوللىنىلغان قۇرۇلۇشلارنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

ئازادلىقتىن بۇيانقى ئۇيغۇر بىناكارلىقى توغرىسىدا توختالغاندا، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن خەلقئارا بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كونكېرت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى راۋاق شەكىللىك ۋە سەرەڭگە قېپى شەكلىدىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى. بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپلا ئومۇملىشىشقا باشلىغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئىچكى جايلاردىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسلىرى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركەتلىرى ۋە باشقا ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىملار شىنجاڭغا كېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا ئىچكى جايلارنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن تەڭ قەدەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرەققىي قىلدى. بەلكى ئۇسكىنە، تېخنىكا جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقى ئارقىدا قالدى.

2. 50 - يىللاردىكى سوۋېت بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى. شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىناكارلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭدا قۇرۇلۇش قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئالدى يۈزىگە، سەرقەلەم قىسمىغا، ئىشىك - دېرىزە بېشىغا ئويما - قاپارتما شەكىلدە تام بېتى نەقىشلىرى چىقىرىلغان، ئىشىك ئالدىغا يوغان تۈۋرۈكلەر سىممېترىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ياغاچ پوللۇق، ھەر خىل رەڭدە سىرلانغان بىنالار پەيدا بولدى. گەرچە بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىر قىلىش ۋە كېڭىيىش دەرىجىسى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ئەمما ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىدە، بولۇپمۇ غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرىدا ئۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر قوللىنىلماقتا.

3. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئىزدا توختاپ قېلىش. بۇ دەۋرگە كەلگەندە سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى «كونا» دەپ قارىلىپ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. تەبىئىيكى بۇنداق شارائىتتا ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى بىنالارنىڭ تەرەققىياتى چۈشەپ قويۇلغانىدى.

4. 80 - يىللاردىكى گۈللىنىش دەۋرى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇم يىغىنىدىن كېيىن، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئىشلىرىمۇ خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا ئىنتايىن ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شىنجاڭدىكى

ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ئىگە زامانىۋى بىنالارنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇشۇ يىللاردا ياسالغان بولۇپ، قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرى 50 نەچچە يىللىق جاپالىق كۈرەشلەر ئارقىلىق ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھازىر 217 تەكشۈرۈپ لايىھىلەش ئورنى، 650 قۇرۇلۇش سېلىش كارخانىسى، 13 مىڭ 300 بىناكارلىق كەسپىي خادىمى بار. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىمۇ مەھسۇلات تۈرلىرى بىرقەدەر تولۇق، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ماسلاشقان، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە كەسىپ سىستېمىسىغا ئايلاندى. ئاتمىش نەچچە چوڭ تۈر بويىچە تۆت يۈز خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل ئۆلچەمدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ. بۇ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەمدە زامانىۋى بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا قوللىنىش ئارقىلىق مىللىي بىناكارلىق مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. خەلقئارا بىناكارلىق شەكىللىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنى تېخىمۇ كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل نەمۇنىلەرگە ئىگە قىلىشتا ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل.
ئەمەل ھەسەن: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تورك مەدەنىيتى ۋە ئىسلامغا كىرىش».
«قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس»، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر».
ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل.
ئا . خوجا، ت . ئايۇپ، ئى . يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل.
مىرزا مەھمۇت ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» (خەنزۇچە تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.
V. A . گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى».
H. L . مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل.
سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل.
ئا . مۇھەمەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل.

ھ. ئابدۇرېھىم: «ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل.
جاڭ شىڭيى: شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 1999 - يىل.
«شىنجاڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى»، جۇڭگو بىناكارلىق سانائىتى نەشرىياتى، 1995 - يىل.
جون . D . خوگ: «ئىسلام بىناكارلىقى»، جۇڭگو بىناكارلىق سانائىتى نەشرىياتى، 1999 - يىل.
ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1-، 2 - قىسىم.
«شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1993 - يىل.
«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە سانلىرى).
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇشۇكۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت

## ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى

ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم1/32 باسما تاۋىقى 10.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN 7— 228 — 06316 — 3/TU・7
باھاسى: 19.50 يۈەن

2003·01

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔建筑简史/阿力木江·马克苏提、阿布都许库尔·马克苏提著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.6

ISBN7-228-06316-3

Ⅰ.维… Ⅱ.①阿…②阿… Ⅲ.建筑史-中国-维吾尔族-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.TU-092.815

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第80881号

责任编辑:吉利力·穆罕默德
封面设计:阿布都许库尔
责任校对:阿斯亚·艾合买提

维吾尔建筑简史

阿力木江·马克苏提
阿布都许库尔·马克苏提 著

新疆人民出版社出版
新疆新华书店发行
新疆社会科学院印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 10.625印张 2插页
2000年12月第1版 2000年12月第1次印刷
印数:1—3 000

ISBN 7-228-06316-3/TU·7 定价:19.50元

www.uyghurkitap.com





ISBN 7-228-06316-3
9 787228 063161 >
ISBN 7-228-06316-3
TU·7（民文） 定价：19.50 元

# قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىمارەت قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدۇر.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئارىتام، باغداش ۋە قۇمۇل شەھەر ئىچىدە كاتتا ئوردا - ئىمارەتلىرى بولغان. قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى ئوردا جەمئىي سەككىز يۈز ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان زور كۆلەمدىكى كاتتا قۇرۇلۇش بولۇپ، 3m ئېگىزلىكتىكى خاڭداپ ياسالغان سۇپا ئۈستىگە ياسالغان. شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى (ئوردا قوۋۇقى) دىن كىرىپ شەرققە بۇرۇلۇپ توققۇز ئېشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ۋاڭ راۋىقى (ئوردا سارىيى) غا بارىدۇ. ئوردا سۇپىسىغا سەككىز باسقۇچلۇق پەلەمپەي بىلەن چىقسا ئۈستى ئوچۇق زال بار ئىدى. زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوردا نۆكەرلىرى تۇرىدىغان ئالتە ئېغىز ئۆي بولۇپ، زالدىن ئۆتسە ئۈچ قاتار قىرىق باسقۇچلۇق پەلەمپەي بار. ئوتتۇرىدىكى پەلەمپەي كەڭرەك بولۇپ، ئۇنىڭدا مەخسۇس ۋاڭ ماڭاتتى. ئىككى تەرەپتىكى پەلەمپەيدە ئوردا ئەمەلدارلىرى ماڭاتتى. پەلەمپەيدىن چىقسا «قاراڭغۇ دالان» (چوڭ زال) غا كىرەتتى. بۇ يەردىن ئۆتسە «كۈنىنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشى»، «يولۋاسنىڭ داۋانغا سەكرىشى» ناملىق رەسىملەر سىزىلغان بىر توسما تام بار. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سەككىز باسقۇچلۇق گۈللۈك تاش پەلەمپەي بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتۈپ زەمبىرەك سۇپىسىغا بارغىلى بولاتتى. زەمبىرەك سۇپىسىدىن چۈشۈپ ئۈزۈن كارىدور بىلەن مېڭىپ ۋاڭنىڭ تەختى جايلاشقان سارايغا بارغىلى، بۇ يەردىن ۋاڭلىق خەزىنە، ۋاڭلىق مەسچىت قاتارلىقلارغا بارغىلى بولىدۇ. ئوردا ئىچىدە يەنە ئوردا كۈتۈپخانىسى، ئاشلىق ئامبىرى ۋە ئوردا